«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

中国期刊方阵
双效期刊
中华人民共和国新闻出版总署

• ئۇستاز، دىيارىمىزنىڭ يەر-جاي ناملىرى تەتقىقاتىغا ئۇچمەس تۆھپە قوشقان ئالىم نىيازكېرىمى تۆپەئاتا •

• XINJIANG CIVILIZATION • КУЛЬТУРА СИНЬЦЗЯНА •



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

3

2004

ISSN 1008-6498
9 771008 649003 05>



نمىزدىكى تەھرىرلىك ئۇستازى، تەرجىمشۇناس ھاجى خوجائابدۇللا ئوسمان ئەپەندى

ەكلىلىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن: «قۇرئان كەرىم 29- ، 30- پارىلىرىنىڭ تەرجىمىسى»، «قۇرئان

بىلىم خەزىنىسى»، «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى»، «گۈلىستان»، «ئەرەبچە- ئۇيغۇرچە چوڭ

«خەنزۇچە- ئۇيغۇرچە دىن لۇغىتى»نى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن، مەسئۇل مۇھەررىر بولغان؛ «ئوسمان سۇلتانلىقىدا

ناملىق رومانىنى ئەرەبچىدىن، «قىسقىچە ئىسلام تارىخى»، «خەنزۇچە- ئۇيغۇرچە دىن لۇغىتى»نى خەنزۇچىدىن

لغان؛ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»نى چاغاتايچىدىن نەشرگە تەييارلىغان

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(53-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

2004-يىل 3-سان

(ئومۇمىي 267-سان)

باش مۇھەررىر:

قۇربان مامۇت

(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

رىسالەت مۇھەممەت

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا


**يېتەكچى خەۋەر**

نۇر بەكرى: مەدەنىيەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى .................. 2

**ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش**

سالاھىيەت كىرىزىسى ۋە سىياسىي تېپەككۇر .................... س. قەييۇم 3

**تەپەككۇر كۆزى**

تەپەككۇر مېۋىلىرى .................... قۇربانجان مەمتىمىن قاتارلىقلار 18

**ھەرگۈلنىڭ پۇرىقى ئۆزگىچە**

رىۋايەتلەردىن رېئالىيەتلەر .................... ئابلەت قەييۇم 35

**دېھقان ئۈچۈن ھەق گەپ قىلايلى**

«دېھقان نېمە دەيدۇ؟» نىڭ جاۋابلىرىغا ئازغىنە تولۇقلىما .......... م. راشىدىن 38

**ئەدەبىيات گۈلزارى**

يېڭى تاۋۇس ئەللىيىن........ (ھېكايە) .................... ت. مۇھەممەت 43

**رو ھ چۇقانلىرى**

نامراتلار ۋە بايلار .................... يۇسۇپجان سەمەت 47

**مەنمۇ بىر نېمە دەپ باقاي**

بىرلەمچى ئامىل ۋە زۆرۈرىي شەرتلەر .................... ئابلەت مۇھەممەت 53

**زامان تەقەززا پىكىرلەر**

ھەق گەپنىمۇ ئاڭلاپ قويۇڭ ........ ئا. نىزامىدىن ئەنجانىي قاتارلىقلار تەرجىمىسى 59

بىز ئادىللىققا قانداق ئېرىشىمىز؟ .................... ھۆرنىسا مامۇت 64

ھەقىقەت ئېگىلمەيدۇ .................... مەنسۇرسۇن ئوسمان 66

**«موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما»**

بىزگە نېمە كېرەك؟ .................... ساۋۇتجان ئابدۇقادىر 67

**ئانا قەلبى**

دىلئارام قۇربانغا خەت .................... گۆھەر ھەمرا 69

**ستۇدېنتلىرىمىز نېمە دەيدۇ؟**

يىراقتىن پىلىلدىغان نۇر .................... م. سۈيگۈن 72

**پېشانىمىزنى سىلىۋېتىپ گەپ قىلايلى**

ئۆزىمىزنى تاختۇۋېشىغا ئېلىپ قويمايلى .................... ئىلتېرىش 75

**دېھقانلارنىڭ دەيدىغانلىرى**

«بۇلاڭچى» دىن تۇغۇلغان ئويلار .................... ئا. سېيت 77

**ژۇرنىلىمىزنىڭ شان-شەرىپى**

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى» تارقىتىلدى .................... ر. مۇھەممەت 80



مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

يېتەكچى



خەۋەر

## نۇربەكرى : مەدەنىيەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى

**ئۆز خەۋىرىمىز :** ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇربەكرى 23-فېۋرال ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەدەنىيەت ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى يىغىنىدا ،شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك ،دەپ كۆرسەتتى .

نۇربەكرى مۇنداق دېدى : سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ سىمۋولى . مەدەنىيەت ئىقتىساد ۋە سىياسەت بىلەن ئۆزئارا بىرىكىدۇ ، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتىدىكى ئورنى ۋە رولى بارغانسېرى گەۋدىلىنىۋاتىدۇ . شۇڭا سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش - مىللىي روھنى جارى قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ۋەزىپە .بىز سىياسىي ئاڭ ، ئومۇمىيەت ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ، خىزمەتلەردە باشتىن-ئاخىر تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقنى ساقلاپ ، ئۆزىمىزنى ئىسلاھات روھى بىلەن ئىلھاملاندۇرۇپ ، تەرەققىيات تەلىپى بىلەن كۆزىتىپ ، يېڭىلىق يارىتىش ئۇسۇلى بىلەن مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 20يىلىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ،مەۋقەنى هازىرغا قويۇپ ، كەلگۈسىنى كۆزلەپ ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ ، پارتىيە بىزگە يۈكلىگەن مۇقەددەس بۇرچنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك .

ئۇ مۇنداق دېدى : مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇستەهكەم ئاساس بولۇشى كېرەك . شىنجاڭ تارىختا شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئۆزئارا ئۇچراشقان ،قوشۇلغان ، مۇجەسسەملەشكەن رايون .بۇيەردە مىللەتلەرنىڭ قىممەتلىك مىللىي سەنئەت بايلىقى بار . بۇ مىللىي مەدەنىيەت - سەنئەت ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە ۋە سېهرىي كۈچكە ئىگە . مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايلىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساھەسىدە چوڭ ئۆلكىلەرنىڭ بىرى بولۇش ئورنىنى بەلگىلىگەن. لېكىن بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ هازىرقى هالىتى ۋە ۋەزىيەت تەرەققىياتىنى باشقا ئۆلكىلەرنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا نۇرغۇن پەرق بار . مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت كەسپى تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋەزىيەتتە ئالغا باسمىساق چېكىنىپ كېتىمىز ، قەدەم ئاستا بولسا كەينىدە قالىمىز . بىز كەسكىن رىقابەت مۇھىتى ۋە جاپالىق قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ئالدىدا چوقۇم ئەندىشە ئېڭى ۋە كرىزىس ئېڭىنى كۈچەيتىپ ، مەدەنىيەت ،مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى بارلىق كۈچىمىز بىلەن پۇختا ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم .(M2)



# سالاھىيەت كرىزىسى ۋە سىياسىي تەپەككۇر

ـ سەيمىل خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» ناملىق كىتابىنىڭ ئۇيغۇرچىغا نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن

**سۇلايمان قەييۇم**

يېقىندىن بېرى كۆڭلۈم تولا غەش بولۇۋاتقان بوپقالدى . بۇ غەشلىكنىڭ نەلەردىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن . ئويچانلىقنى ئادەت قىلىۋالغىنىم يوق ، خەققە نورمال بىلىنىدىغان ناھايىتى نۇرغۇن ھادىسىلەر مېنىڭ نەزىرىمدە باشقىچە كۆرۈنىدىغان گەپكەن . بۇنىڭدىكى سىرنى تاپقۇڭ كېلىدۇ-دە ، ئويلىرىڭ تېخىمۇ كۆپىيىدۇ .نەئامال ؟ شۇنداق كۈنلەردە ھەمپىكىر دوستۇم ، ساۋاقدىشىم ئابدۇرېھىم دۆلەت قاتتىق شىجائەت بىلەن تەرجىمە قىلغان ئامېرىكىلىق مەشھۇر سىياسىيئون سەيمىل خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»① دېگەن يىرىك ئەسىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم . بۇ ئەسەر ئامېرىكىلىقلار تولىمۇ پەخىرلىنىدىغان خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ، يەنە كېلىپ شۇ يەردىكى «سەرخىل مېڭە»② لەردىن چىققان ئۆزگىچە تەپەككۇر مەھسۇلاتى ئىدى . كىتابنى ئوقۇپ بولۇپ دەسلەپتە تازا ھاياجانلاندىم .چۈنكى كىتابتا مەن ئۇزاقلاردىن بېرى ئويلىنىپ يۈرگەن نۇرغۇن تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى بار ئىدى . كېيىن ھاياجانلىرىم نەگىدۇر يوقاپ ،سالماقلىق بىلەن ئويلىنىشقا باشلىدىم .

## ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش

---

① بۇ كىتاب 2003-يىل نويابىردا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى .

② «بىلىم ئىگىلىكى ئىلمى» ( 知识经济学 )دە مودابولۇۋاتقان ئاتالغۇ بولۇپ ، ئامېرىكا ،گېرمانىيە ، ياپونىيىلەر دۇنيادىكى تالانتلىق كىشىلەرنى ھەدەپ جەلپ قىلىۋاتىدۇ . بۇ ئەنە شۇ كىشىلەردۇر .

ئاپتور مەدەنىيەت پسىخىكىسى، ھەزارەت، تارىخ، دىن، تىل، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىقتىساد، جۇغراپىيە، ھەربىيشۇناسلىق، نوپۇس قاتارلىق كۆپ قىرلىق تەتقىقات مېتودىنى يۇغۇرۇپ، دۇنيا سىياسىيسىدىكى ئۆزگىرىشچان، نازۇك ھالقىلارغا بىر-بىرلەپ دىئاگنوز قويىدۇ.

بىزدە يېقىنقى يىللاردا سىياسىيغا ئائىت بەزى مەشھۇر ئەسەرلەر ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى. مەسىلەن، گورباچېف يازغان، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىشىنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى بولغان «ئىسلاھات ۋە يېڭى تەپەككۇر»، ئۇنىڭدىن باشقا «يەھۇدىيلارنىڭ سىرى»، «رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار»، «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»، «ستالىننىڭ سىرى»، (بۇ ئەسەر «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان)، «بۆلگۈنچىنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتى»، «جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى»، «خەلقئارا قانۇندىن كىشىلىك ھوقۇققا نەزەر»، «غەرب سىياسىيئونلىرىنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ھەققىدە ئېيتقانلىرى»[①] قاتارلىق كىتابلارغا قارىتا ھېچكىمدىن سادا ئاڭلانغىنى يوق. تۇرۇپلا بىزدىكى سىياسىي تەپەككۇردىن گۇمانلىنىپ قالدىم. بىزدە سىياسىي تەپەككۇر بارمۇ-يوق؟ بولسا قانچىلىك؟

ئىنسان ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى توختاۋسىز كەتمەن چېپىپ، تەبىئەت بىلەن شائىرانە قايناق ھېسسىياتتا پىچىرلىشىپ كەلگەن، ئۆزىنى تەبىئەت بىلەن يۇغۇرۇۋەتكەن، شېئىرىي ھۇجەيرىسى قالتىس مول دېھقان مىللىتىنىڭ سىياسىي تەپەككۇرىغا قانداق باھا بېرىش مۇمكىن؟ بۇ بىر قالتىس تېما. مەن مۇشۇ كىتابنى ئوقۇش داۋامىدا بۇ ھەقتە نۇرغۇن قاراشلار تۇغۇلدى.

قارايدىغان بولساق، بىزدە ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقىغا يارايدىغان ئادەملەر بار ئىكەن (ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقىمىزنىڭ ھالىمۇ تايىنلىقمۇ؟). سىياسىي ئوبزورچىلىق، سىياسىي ئانالىز دېگەنلەر بىزدىن تېخى يىراقتا. ئۇستاز، پەيلاسوپ ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «توقۇنۇشمۇ ياكى توقۇنۇشتۇرۇشمۇ»[②] ناملىق مۇھاكىمىسى مەن كۆرگەن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ماقالىلەر ئىچىدە سىياسىيغا بېغىشلانغان ياخشىراق ماقالىلەرنىڭ بىرى. سىياسىي ئوبزور دېگەن سىياسىي ئۆگىنىشتىن يېزىلىدىغان تەسىرات ماقالىسى ئەمەس.

بىز سىياسىينى نېمىدەپ چۈشىنىمىز؟ «يەرشارىلىشىش» دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بىزدەك ناتىۋان مىللەتلەر دۇنيانىڭ مۇرەككەپ سىياسىيسىنى ۋە بىزگە بولغان تەسىرىنى قانداق چۈشىنىشىمىز كېرەك؟ بىزدىكى سىياسىيئونلارنىڭ چۈشەنچىسىچۇ؟ (ئەگەر بىزدە سىياسىيئونلار، سىياسىي ئىستراتېگىيىچىلەر بار دېيىلسە.) خەلقئارا سىياسىي ئۆز نۆۋىتىدە تولىمۇ نازۇك، ئۇنىۋېرساللىقى كۈچلۈك ۋە ئۆتكۈر ئىجتىمائىي پەن. ئۇ ئامېرىكىدەك تەرەققىي قىلغان ئەللەردە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇزلۇق ئالىي مەكتەپلىرىدە قالتىس تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. ئەمما بۇ بىزدە تېخىچىلا ئاپئاق ھالەتتە تۇرۇپتۇ. شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە بۇ پەن تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈنكىن، ئۇيغۇرلاردىن ئۆزۈپ چىققانلار كەمدىنكەم.

مۇنداق سوئاللار كىتابنى ئوقۇش داۋامىدا كاللامدا توختاۋسىز پىرقىراپ يۈردى. بۇنداق سوئاللار ئەلۋەتتە يەرشارىدىكى بارچە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تەخىرسىز سوئاللار ئىدى. ئاخىرى بۇ ھەقتە بىرنەرسە يېزىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى، بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە تۈزۈك توختالمىساق بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. دەرۋەقە، تەرجىمان ئېيتقاندەك: «گەرچە بىز دۇنيا سىياسىيسىغا ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمىسەكمۇ، ئەمما دۇنيا سىياسىيسى بىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەم بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.»[③]

پۇتىڭىزغا تىكەن كىرسە، يول ماڭغاندا چوقۇم ئاۋايلاشنى ئۆگىنىۋالىسىز. ئەمما سىياسىينىڭ تىكەنلىرى پۇتىڭىزغا ئەمەس، ئىدىيىڭىزگە - روھىڭىزغا سانجىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنى دەماللىققا سېزىپ بولالمايسىز. بىر ۋاقىتلار ئۆتكەندە ئۇنى تارتىپ چىقارماقمۇ بىر گەپ بولىدۇ. شۇڭا سىياسىي ھوشيارلىق، سىياسىي تەدبىر دېگەن ئۇقۇملار پەيدا بولغان.

سىياسىي توغرىسىدا گەپ بولۇنسىلا دەككە-دۈككىگە چۈشىمىز. بىزدە سىياسىيدىن ئەنسىرەش پسىخىكىسى خۇددى تەمرەتكىدەك ئايىنىشقا يۈزلىنىپتۇ. پارتىيىنىڭ كانىيىغا قۇلاق سالسىڭىز: «سىياسىينى ئۆگەن، سىياسىي ساپايىڭنى ئۆستۈر، سىياسىيدا سەزگۈر بول، دۇنيانى چۈشەن» دېگەن سادالار توختاۋسىز ياڭراۋاتىدىغۇ؟ ئۇنداق ئىكەن، سىزدىكى قورقۇنچ نەدىن كەلدى؟ خەق يەنە سىزگە نېمە قىلىپ بەرسە بولىدۇ؟ ؟تەسەللىينى خەقتىنلا ئىزدەپ يۈرەمسىز؟ ياكى رەئىسىمىز خوجىنتاۋ يابولمىسا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى جورجى ۋالكىنېر بۇش ئەپەندى ئالاھىتەن ئالدىڭىزغا كېلىپ: «بۇرادەر، سىياسىي دېگەن مۇنداق بولىدۇ، سەن ھازىر مۇنداق بوپقاپسەن، ئەمدى مۇنداق بول» دەپ تەربىيە قىلمايدۇ. سىز دۇنيادىكى ۋە ئەتراپىڭىزدىكى توختاۋسىز بولۇۋاتقان تۈرلۈك-تۈمەن ئۆزگىرىشلەردىن نۇرغۇن نەرسىنى ئالدىن ئويلىشىڭىز، ھېس قىلىشىڭىز كېرەك. ئويلاش، پىكىر قىلىش - ئىنساندىكى كاتتا ھوقۇق. ئەجەبا سىزدە شۇنچىلىك ھوقۇقمۇ يوقمۇ؟

---

① يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان كىتابلار شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

② بۇ مۇھاكىمە مەزكۇر كىتاب نەشر قىلىنىش ھارپىسىدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 5-سانىغا باشماقالە سۈپىتىدە بېسىلغان.

③ يۇقىرىقى كىتابنىڭ «تەرجىمان ئىلاۋىسى»غا قاراڭ.

جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش»نىڭ يادرولۇق نۇقتىسى دەل سىياسىي. بۇ چاقىرىقنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىجراسى قانداق بولدى، ئۇنىسى پېقىرغا نامەلۇم (بەلكىم ياخشى بولغاندۇ). ئەمما ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىجراسى ۋە تەشۋىقاتى بەك يۇمۇرلۇق تۈس ئالدى. شەك-شۈبھىسىزكى، جياڭ زېمىننىڭ: «سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىڭلار»دېگىنى كارامەت گەپ.

ئۇيغۇرلاردا سىياسىي ئاڭ يوق دېسەك، سەل چولتا بوپقالار. ئەمما بىزدىكى سىياسىي ئاڭ شۇنچىلىك زەئىپ هالدىكى، ئۇنىڭ دەرىجىسى مىللەتكە ئەقىل كۆزى بىلەن قاراپ باققۇچىلارنى هەيرەتكە سالىدۇ.

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى»دەك گېزىتلەرنىڭ ئوقۇرمەنلىرى ۋە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «دۇنيادىكى ئىشلار»، «خەلقئارا خەۋەرلەر»پروگراممىلىرىنىڭ كۆرۈرمەنلىرىنىڭ كۆپىيىشى هەرهالدا بىزدە دۇنيا ئىشلىرىغا ئاز-تولا كۆڭۈل بۆلۈدىغان، دۇنيادىكى رەڭگارەڭ سىياسىي ئويۇنلارنى ئەقىل ئەلگىكىدە تاسقاشقا تەمشىلىۋاتقان ئاۋامنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

«يۇقىرا نادان بولسا، باشقۇرۇش ئوڭاي بولىدۇ» دېگەن «ياڭ زېڭشىنچە پەلسەپە»نىڭ زامانىسى ئاللىقاچان ئۆتتى. ئاۋامنىڭ سىياسىي ساپاسى ئۆسسە دۆلەت ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن ماددىي، مالىيە، زېھنىي كۈچ تېجەپ قىلىنىدۇ. مۇنداقتا دۆلەتنىڭ ئاساسى پۇختا بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، دۆلەتنىڭ قۇدرىتىگە ئەلۋەتتە گەپ كەتمەيدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئىزچىل تەكىتلەۋاتقىنىمۇ شۇ.

سىياسىي دېسىلا كۆز ئالدىغا قىزىل سەللىلىك هۆججەت ۋە يىغىن دوكلاتىدىن باشقىسى زادىلا كەلمەيدىغان يەرلىكتىكى بەزى بيۇروكرات، قارا قورساق تۆرىلەر سىياسىي ئۆگىنىش ۋە پايدىسىز يىغىننى كۆپلەپ ئېچىشنى سىياسىيغا ئەھمىيەت بەرگەنلىك، دەپ سىياسىيغا تولىمۇ بىر تەرەپلىمە چاكىنا قارايدۇ. پارتىيىمىز چەكلەۋاتقان، ئەمما توختاۋسىز ئېچىلىۋاتقان ئەھمىيەتسىز يىغىنلارنىڭ سانى ۋە يېزىلغان تەسىرات ماقالىلىرى دۆۋىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى راستىنلا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش هېسابلىنىدىغان بولسا، «سىياسىي»دېگەن ئۇقۇمغا قىلىنغان هاقارەت، سىياسىيغا قىلىنغان چاقچاق بولىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ كۈتكىنى مۇنداق ئەخمەق-بىچارىلەرچە شەكىلۋازلىق خىزمەت ئىستىلى ئەمەس، بەلكى هەقىقىي ئۈنۈم!

توغرا! سىياسىيغا چوقۇم ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئەمما بىز بۇيەردە ئاتاۋاتقان سىياسىي زادى نېمە؟ ئۇنىڭدىكى مەنە سىغىمچانلىقى قانچىلىك؟ دۇنيا تەدرىجىي «يەرشارى كەنتى»گە ئايلىنىۋاتقان، دۆلەت دەرۋازىلىرى ئىچىگە ۋە سىرتىغا قارىتا چوڭ ئېچىلىۋاتقان، قايتا يېپىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغان، ياپاي دەپمۇ يېپىۋالغىلى بولمايدىغان مۇشۇنداق بىر دەۋردە سىياسىينىڭ سىغىمچانلىقىنى بىلىۋېلىش، سىياسىي بىلەن چېتىشلىق بولىدىغان كەڭلىكلەرنى مۆلچەرلىيەلەيدىغان بولۇش بىزدىكى ئەڭ ئەقەللىي ساپا هېسابلىنىشى كېرەك.

دەريا بويلىرى ۋە ئاراللاردا ياشىغۇچىلارنىڭ هاۋارايى ۋە سۇغا بولغان سەزگۈرلىكى باشقىلارغا قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. ئۇلار هاۋانىڭ ئەلپازىدىن دەريانىڭ تاشقىنلاش خەۋپىنى ئالدىن سېزىدۇ. «يەرشارىلىشىش»مۇ بىر هېسابتا مۇشۇنداقراق بىر ئىش. يەرشارىلىشىش - مۇداپىئەسى ئاللىقاچان پۇختىلىنىپ بولغان مىللەت ۋە دۆلەتلەر ئۈچۈن ئۆزىنى كۈچەيتىش پۇرسىتى. ئەمما پاسسىپ مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان، هەتتا مۇداپىئەنىڭ نېمىلىكىنى ئاڭقىرىپ ئۈلگۈرمىگەن هاڭۋاقتىلار ئۈچۈن ئۇ بىر توپان.

هازىر بىر مىللەت، بىر رايون ياكى بىرەر دۆلەتتىكى هەرقانداق بىر مەسىلە نوقۇل شۇيەرنىڭ خاس مەسىلىسى ئەمەس. ئۇنى پۈتكۈل يەرشارى مىقياسىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد، دىن، تېخنىكا، هەربىي كۈچ، هەزارەت قاتارلىق كۆپ خىل ئارىلاشما تەركىبلەرنىڭ تەسىرىدىن كۆزىتىش، چۈشىنىش ۋە هەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ناۋادا مەزكۇر كىتابنى تەپسىلىيرەك ئوقۇپ، ئاز-تولا ئانالىز قىلىپ باققان بولسىڭىز، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي ئىستراتېگىيە مۇتەخەسسىسى بولۇش ئۈچۈن ئادەتتىكى كۆزىتىش كۈچى ۋە سىياسىي تەپەككۇرنىڭ تولىمۇ كەملىك قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالىسىز. ئەگەر بۇ خىل قابىلىيەتنى بىزدىكى سىياسىيئونلار (ناۋادا بولسا)غا سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بەكلا بىچارىلەرچە خۇلاسىگە ئېرىشىمىز. كۆز ئالدىمىزدىكى دۇنيا سىياسىيسى هەممىلا ئادەمنى سەگەك بولۇشقا ئۈندەۋاتىدۇ. سىياسىي ئىشلاردىن تەنتەكلەرچە خۇلاسە چىقىرىش دۇنيا سىياسىيسىغا تۇتۇلغان بىنر ئىنكاس؛ ئەمما ئاقىلانە پوزىتسىيە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئاللىبۇرۇن WTO (بۇ سۆز ئىنگلىزچىدىكى World Trade Organization يەنى «دۇنيا سودا تەشكىلاتى»نىڭ قىسقارتىلمىسى)غا كىرىپ بولدۇق. بۇ دېگەنلىك غەربنىڭ مالىيە ۋە ئىقتىسادىي سىستېمىسىغا كىردۇق دېگەنلىك بولۇپ، دۇنيا سىياسىيسى ۋە ئىقتىسادىنى باغلاپ تۇرۇپ چۈشەنمىسەك بولمايدىغان بولدى.

تۇرمۇشتىكى هەممىلا نەرسىگە هەرقاچان شائىرانە هېسسىياتتا مۇئامىلە قىلىۋېرىشكە بولمايدۇ. شېئىرىي هېسسىيات دېگەن شېئىر يازغاندا، قىزلارغا مۇھەببەت ئىزهار قىلغاندا، دوستلار ئارا قىزىقچىلىق قىلغاندا ئەسقاتقان بىلەن، دۇنيانىڭ مۇرەككەپ،

نازۇك سىياسىي ئىشلىرىغا ئىنكاس قايتۇرغاندا ئەسقاتمايدۇ.

يۈكسەك ئەقلىيلىك، پەلسەپىۋىلىك ۋە لوگىكىلىقتا تويۇنغان ئىلمىي سىياسىي تەپەككۇر ئاسماندىن چۈشەمدۇ؟! بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن بىرلا ئادەمنىڭ ئويلىنىشى ھەم بىرلا نۇقتىدىن ئويلىنىش تولىمۇ يېتەرسىز، ئەلۋەتتە.

دۇنيانى ۋە ئۆزىمىزنى ئەستايىدىللىق كۆزىتەي دېسىمىز كۆزنەك ھەم دۇربۇن بولۇدىغان نەرسىلەر تولا. خانتىڭتوننىڭ بۇ ئەسىرىمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق رول ئويناپ قالسا ئەجەب ئەمەس. بىز تەھلىل يۈرگۈزۈۋاتقان بۇ ئەسەر كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان رومان ياكى ھاياجان قوزغايدىغان شېئىر ئەمەس. ئۇ، بۈگۈنكى دۇنيا سىياسىيسىدىكى دراماتىك كۆرۈنۈشلەرنىڭ پوستىنىنى يېرىپ، ماھىيەتلىك ئىلمىي تەھلىللەر ئارقىلىق نۇرغۇن ئادەملەرگە سىر بولۇپ تۇيۇلىدىغان سىياسىي شاھماتنىڭ ئويناش قائىدىسىنى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى دۇنيا سىياسىيسىنىڭ تەخمىنىي يۈزلىنىشىنى دادىل كۆرسىتىپ، سىياسىي مۇھاكىمە ئۈچۈن كاللا قاتۇرۇشنى خالايدىغان ئوقۇرمەنلەرگە نۇرغۇن تېپىشماقلارنى قالدۇرۇپتۇ. بۇ تېپىشماقلارغا بىر نۇقتىدىنلا جاۋاب ئىزدەش كۈلكىلىك بىر ئىش. كىتابتا بىزگە تېخىچىلا ناتونۇش بولغان «ئارىسالدى دۆلەت»، «ئۈزۈك سەپ توقۇنۇشى»، «مەدەنىيەت تۇغقاندارچىلىقى»، «مەدەنىيەتتىكى يادرولۇق دۆلەت»، «مەدەنىيەت چېگرىسى»، «مەدەنىيەت چەمبىرىكى»، «ھەزارەت سالاھىيىتى»، «يادرولۇق ئالڭ» دېگەندەك يېڭى ئۇقۇملار ھەزىم قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئاپتور دىققىتىنى مەدەنىيەت پەرقى بىلەن توقۇنۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كۆپرەك قاراتقاچقا، سىياسىي توقۇنۇشلارنىڭ يىلتىزىنى مەدەنىيەتتىن ئىزدىمەك بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنى رەڭگارەڭ توقۇنۇشقا سۆرەپ كىرىۋاتقىنى نوقۇل مەدەنىيەتنىڭلا جېدەل - ماجىرالىرى ئەمەس، بەلكى ئادەمدە يالقۇنجاپ تۇرغان چەكسىز ھېرىسمەنلىك ئوتى، راھەتپەرەسلىك ۋە نائىنسابلىق تەبىئىتىدىن ئىبارەت. ئىنساندىكى بۇ خىل نەپس خۇددى شاردەك يوغىناش ھالىتىدە تۇرىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ چەكسىز چوڭىيىشى مۇمكىن ئەمەس. دېمەك سىز ئۆپكىڭىزنى زادىلا بېسىپ بولالمىغاندا خەقلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىسىز. غەربنىڭ خەققە مۇش تەڭلەپلا يۈرۈدىغان، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە چات كىرىدىغان مەمەدانلىقىمۇ شۇنىڭدىن كەلگەن.

خانتىڭتون كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ نامۇۋاپىق تەرتىپ - تۈزۈملىرى دەستىدىن دۇنيا سىياسىيسىنىڭ سىرتىغا قىستاپ چىقىرىۋېتىلگەن، «ئۇنتۇلغان بۇلۇڭ» (ئابدۇقادىر جالالىددىن سۆزى)لارغا مەھكەم قاماپ قويۇلغان ناھايىتى نۇرغۇن مىللەت ۋە رايونلار ئۆز مەسىلىسىنى ھېچ ئىلاج تاپالمىغاندا زورلۇق ۋە قان تۆكۈش يولى بىلەن ھەل قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ، دەپ يەكۈنلەيدۇ. بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە رۇسلار بىلەن 300يىلدىن بېرى تىنماي جېدەللىشىپ كېلىۋاتقان چېچەنلەر، يۇگوسلاۋىيىدىكى جېدەلخور مىللەتلەر، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ئافرىقا قىتئەسىدىكى قەبىلىلەر ۋە دىن ماجىرالىرى، پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى باش-ئايىغى چىقماس مارافونچە توقۇنۇشلارنى تىلغا ئالىدۇ.

تېخى يېقىنغىچە «ئادەمبومبا» دېگەن ئاتالغۇنى ئانچە ئۇچراتقىلى بولمايتتى. بۈگۈن مۇنداق بومبىلار موسكۋادا، چېچەنىستاندا، كابۇلدا، رىيادتا، ئىستانبۇل ۋە باغدادتا، گازادا توختاۋسىز پارتلاۋاتىدۇ. دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ: «جەڭگاھتا پارتلاۋاتقىنى بومبا ئەمەس، ئىدىيە»① دېگىنى يادىمغا كەلدى. بومبا، ئامېرىكا دوللىرى ياكى ساختا كۈلكە بىلەن نىقابلانغان ئۈنۈمسىز يۇمىلاق ئۈستەل سۆھبىتى دېگەندەك ۋاسىتىلارمۇ قان ۋە ياشلارنى توختىتىپ قالغىنى يوق. بۇ ھەقتە ئاپتورنىڭ تەشۋىشلىرى كۆزگە تاشلىنىپلا تۇرىدۇ.

ئاپتورنىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى - دۇنياۋى توقۇنۇشنىڭ يىلتىزى» دېگەن خۇلاسىگە تەلتۆكۈس قوشۇلالمىساقمۇ، ئەمما ئىسلامئابادتا، پارىژ ياكى دەمەشقتە بۇنداق توقۇنۇشلارنى كۆرۈۋاتىمىز، ھېس قىلىۋاتىمىز. ئۇچۇر ۋە ئالاقە ۋاسىتىلىرىنىڭ قاتمۇقات ئىسكەنجىسىدە ياشاۋاتىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھامبورگ توقچى، كېنتاكىي، ھوللىۋۇدنىڭ چولپانلىرى ۋە كىنولىرى، كوكاكولا، ئېلېكترونلۇق تۈنەك (迪吧 نى شۇنداق ئاتىساق بولامدۇ؟) قۇچاقلاشما مەستخۇش تانسا، TOEFL، كومپيۇتېر تورى... دېگەنگە ئوخشاش ئەلمىساقتىن بېرى كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىباتلار بىزنى قورشاپ تۇرۇۋاتقاندا، بىز ھەرھالدا بەزى خۇلاسىلەرگە كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە.

خانتىڭتوننىڭ خۇلاسىسى تىپىك ئامېرىكىچە سىياسىي تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى. ئۇ ھامان غەربنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئىتىگە يارىشا گەپ قىلماسا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا نان بېرىۋاتقىنى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئەمەس، بەلكى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى. ئاپتورنىڭ خۇلاسىسىنى مۇتلەق توغرا دېيىشكە بولمايدۇ. ئەمما، ھەقىقەتەن ھەزارىتى ئوخشىمايدىغانلار ئوتتۇرىسىدا جېدەل-ماجىرا چىقىراق بوپتىكەن ھەم بولۇۋاتىدۇ.

دۇنيانىڭ ئارامىنى بۇزۇۋاتقان ئامىللار بەكمۇ تولا. ئىرقىي، دىنىي، مىللىي توقۇنۇش، چېگرا ئاتلىغان زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى، قورال -

① ئابدۇقادىر جالالىددىن: «توقۇنۇشمۇ ياكى توقۇنۇشتۇرۇشمۇ؟»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىل 5-سان؛ يۇقىرىقى كىتاب «كىرىش سۆز» 7-بەت.

ياراق، ساختا پۇل ئەتكەسچىلىكى، ھۆكۈمەتلەرنىڭ چىرىكلىكى، كۆچمەنلەر، ئاچارچىلىق، كېسەللىك، پۇل پاخاللىقى، ھەربىي-سىياسىي ئۆزگىرىش، تېررورىزم، زومىگەرلىك دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تىنچلىقنىڭ مەڭزىگە ئۈنگەن يامان سۈپەتلىك سۆگەللەردۇر. دۇنيانىڭ تەرتىپىنى يالغۇز بىر ئامېرىكا ياكى بىر بىرقانچە سىياسىي نوچى بىر بولۇپ، 1945-يىلدىكى «يالتا يىغىنى»غا ئوخشاش «ھە-ھۇ» بىلەنلا نېرى-بېرى قىلىۋېتىدىغان ئىش ئەمدى ئاقمايدىغان بوپقالدى.

خانتىڭتون دەۋاتقان «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» يەرشارى سىياسىيسىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان پەقەت بىرلا ئامىل، خالاس. بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەت گويا بىر ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئادەملەرنىڭ خۇي-پەيلى ئوخشاش بولمايدۇ، بەزىسى ئەركىنلىكتىن قورقىدۇ، بەزىسى ئامراق بولىدۇ، بەزىسى دەسلەپتە ياۋاش كېلىدۇ، كېيىن كۈچەيسە خەقنى ئانى تاپىدۇ، بەزىسى زۇۋان سۈرمەس كېلىدۇ. مىللەت ۋە دۆلەتمۇ ئىنساندىن تەركىب تاپقانىكەن، ئۇنىڭدا ئىنساندىكى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بارچىسى جۇغلانغان بولىدۇ. ئاشۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ زىددىيىتى دەل سىياسىينىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. جەڭگى-جېدەلنى تېرىغۇچىلار ئىنسان بولغانىكەن، ئۇنىڭ مەنبەسىنى ئىنساننىڭ تەبىئىتىدىن ئىزدەش كېرەك.

خانتىڭتون غەربنىڭ تەپەككۇرىدىن يۇنۇپ ئالغان بۇ تاشنى دۇنيانىڭ دىققىتىگە پىرقىرىتىپ تاشلىۋېدى، باشقا ئەللەرنىڭ سەگەكلىرى ئاللىبۇرۇن ئىنكاس قايتۇرۇپ ئۈلگۈردى. 1996-يىلى ئامېرىكىدا نەشر قىلىنغان بىر ئەسەر يەتتە يىلدىن كېيىن ئۇيغۇرلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈۋاتىدۇ.

پەلەك چاقى بارغانسېرى تېزلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە يەتتە يىل ھەرگىز قىسقا ئەمەس.

بۇ كىتابتىن پەردە ئارقىسىدا باش قاتۇرۇپ پىلانلىنىپ، دۇنياۋى سەھنىدە يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئوينىلىدىغان مۇرەككەپ سىياسىي ئويۇنلارنىڭ ئاز-تولا قائىدىسىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن.

بىزنىڭ خەلقىمىزدە كۆپ ھاللاردا سىياسىي ھادىسىلەرنىڭ پوستىدىلا توختاپ قالىدىغان، ئىچكى سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋىتىگە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدىغان، مەسىلىلەرنى قارشىسىدىن چىقىپ ئويلاپ باقمايدىغان ئۆزگىچە بىر ھال بار.

بىرسىدىن: «ئامېرىكا ئافغانىستانغا نېمىشقا ھۇجۇم قىلىدۇ؟» دەپ سورىسىڭىز، ئۇ قىلچە ھودۇقماستىن: «بىن لادېن 11-سېنتەبىر ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى، ئامېرىكا شۇنىڭ ئۈچۈن تالىبانىنى يوقاتماقچى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. نەدىمۇ شۇنداق ئاددىي ئىش بار؟ ئافغانىستان ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيىسى بۇ مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى ئېچىپ بېرىدۇ. غەرب سىياسىيئونلىرى ئىنچىكە تۇردە: ئوتتۇرا ئاسىيا — ئاسىيانىڭ تۈگۈنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مول تەبىئىي گاز ۋە نېفىت زاپىسىنى قۇچاقلاپ قانچە ئەسىردىن بېرى تەنھا ياشاپ كەلدى. ئاسىيا قىتئەسى ياۋروپا — ئاسىيانىڭ ئىستراتېگىيىلىك كۈچ مەركىزى، دېمەك ئوتتۇرا ئاسىيانى كىم ئۇنۇملۇك تىزگىنلەپ تۇرالىسا، پۈتكۈل ياۋروپا — ئاسىياغا ئۇنۇملۇك تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامېرىكا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىن تولىمۇ ئەندىشە قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ «11-سېنتەبىر ۋەقەسى»نى باھانە قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا قوشۇن تۇرغۇزۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىشى كېسىنگېرغا ئوخشاش ئامېرىكا سىياسىيئونلىرىنىڭ تالاي يىللىق ئارزۇسى ئىدى. دېمەك ئامېرىكا ئىستراتېگىيىچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىياغا قاراتقان «بوغما يىلان ئىستراتېگىيىسى»① تەدرىجىي يۈرگۈزۈلۈۋاتىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىختىن بېرى سىياسىي تاۋكا ۋە مۇقىمسىزلىقنىڭ مەركىزى بوپكەلگەن. «بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا — مىللىي، دىنىي توقۇنۇشلار توختاۋسىز داۋاملىشىۋاتقان، «ئۈچ مەسىلەك» (تېررورچىلىق، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك) قايتا قايتا باش كۆتۈرۈۋاتقان، چوڭ دۆلەتلەر مەنپەئەت تالىشىۋاتقان قىزىق نۇقتا.» (قاراڭ: «ئامېرىكىنىڭ ياۋرو-ئاسىيا ئىستراتېگىيىسى ۋە ئوتتۇرا جەنۇبىي ئاسىيادىكى بەش دۆلەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىل ئۆكتەبىر خەنزۇچە نەشرى)، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بۇ زېمىندا پەيدا بولۇشى ئوتتۇرا ئاسىياغا نىسبەتەن بىر خەيرلىك باشلىنىشمۇ ياكى تۈگىمەس جېدەلنىڭ شەپىسىمۇ؟ بۇ بىزگە ئايدىڭ ئەمەس. ئۈرۈمچى ھاۋاسىدەك توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان دۇنيا سىياسىيسى بۇ ھەقتە بەك بالدۇر خۇلاسە چىقىرىشقا تازا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ.

خانتىڭتون پىشقان سىياسىيئونغا خاس سەگەكلىك، جىددىيلىك ۋە تەشۋىش تۇيغۇسى ئىچىدە كەلگۈسىدىكى ئەڭ زور توقۇنۇشنى ئىسلام (مۇسۇلمان) مەدەنىيىتى بىلەن غەرب (خرىستىئان) مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈلۈك توقۇنۇشقا ئاپىرىپ تاقايدۇ. كىتابنىڭ خېلى كۆپ جايلىرىدا ئىسلام بىلەن خرىستىئان دىنى ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي نىزالارنى، بۈگۈنكى جېدەل-ماجىرالارنى ئىنچىكە ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەھلىل قىلىدۇ. خۇددى ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «توقۇنۇشمۇ ياكى توقۇنۇشتۇرۇشمۇ؟» ناملىق مۇھاكىمىسىدە ئېيتقاندەك، «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»تىكى ئالاقىدار بايانلار ھەرگىزمۇ خانتىڭتوننىڭ دىققەت-نەزىرىدىن چەتتە قالمىغان.

① ئامېرىكا سىياسىيئونلىرىنىڭ ئاتالغۇسى، خەلقئارا سىياسىيشۇناسلىقتا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئامېرىكا سىياسىيئونلىرى ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسىگە شۇنداق نام بەرگەن.

ئىسلام دۇنياسى بىلەن خرىستىئان دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرى چەككە چىققان بۇگۈنكى خىرىس ۋە ئۆچمەنلىكلەر گويا تارىخىي تېپىشماققىلا ئوخشايدۇ. قاراڭ: بۇگۈن بىر پەلەستىنلىك ئادەمبومبا ئىسرائىلىيىدىكى بىرەر ئاشپۇزۇلنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇپ بىرمۇنچە يەھۇدىينى ئۆلتۈرسە، ئەتىسىلا ئىسرائىلىيىنىڭ تانكا ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرى تېخىمۇ كۆپ ئەرەبلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇۋاتقان. بۇيەردە ئۆچمەنلىك ۋە قىساس گويا مارافونچە قىرغىنچىلىق مۇسابىقىسىگە ئايلانغان. غەرب بىلەن ئىسلامنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق توقۇنۇشقا پېتىپ قېلىشى توغرىسىدا ئاپتور ئېنىق بىر نېمە دېمەيدۇ. پەقەت نۇرغۇن دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سىزنىڭ ئويلىنىشىڭىزغا قالدۇرىدۇ.

ئىسلام دۇنياسى دۇنيادىكى غايەت زور تەبىئىي گاز ۋە نېفىت زاپىسىغا ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دۇنياسى غەرب مەھسۇلاتلىرى ۋە شىركەتلىرى ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك بازار. ئەرەبلەرنىڭ تەييار بۇيۇملار ۋە ئىمپورتقا زىيادە تايىنىشتەك ئاجىزلىقى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۈچ قىتئەدىكى ھالقىلىق سىياسىي، جۇغراپىيىلىك ئىستراتېگىيىلىك ئورنى غەربنى تەبىئىيلا بۇ تەييار ئولجىغا قىزىقتۇرغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇسۇلمانلار ئۆزىدىكى سىياسىي پاراكەندىچىلىك، سىياسىي، ئىقتىسادىي مەھكۇملۇق، مەدەنىيەتتىكى قالاقلىقلارنى قارا-قويۇقلا غەربكە دۆڭگەپ قويۇشقا مايىل. نەتىجىدە غەربكە بولغان ھەسەت، قورقۇنچ بارا-بارا غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىككە ئايلىنىپ، تارىختىكى كونا خامانلار يەنە سورۇلۇپ، بۇگۈنكىدەك غەربمۇ، ئىسلاممۇ تىنچ بولمايدىغان، بىر-بىرىدىن ئەنسىرەپلا يۈرۈدىغان «ئەندىشىلىك دېپلوماتىيە»نىڭ ھەم تىنماس جېدەللەرنىڭ مەنبەسى بوپقالغان.

ئاپتور كىتابىدا ئىسرائىلىيە توغرىسىدا جىق بىر نېمىلەرنى يازمىغان. قارىغاندا، بۇ سەزگۈر مەسىلىدىن ئۇستىلىق بىلەن چەتنەپ ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلىدۇ. ئەگەر ئامېرىكا، ئەنگلىيىدەك «غوجىئاكىسى» مەبلەغ، قورال - ياراغ، خەلقئارالىق سىياسىي پاناھلىق بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلىمىگەن بولسا، يەھۇدىيلار ئوتتۇرا شەرقتە 2000يىلدىن كېيىن دۆلىتىنى قايتا قۇرالايتتىمۇ؟ نېمىشقا غەرب ئىسرائىلىيىگە شۇنچىۋالا يان باسىدۇ؟ غەرب بىلەن يەھۇدىيلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان نەرسە بىرلا ئەمەس. يەھۇدىيلارنىڭ دۇنيادىكى بولۇپمۇ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى ئىقتىسادىي-سىياسىي تەسىرى، خرىستىئان دىنىدىن ئىبارەت ئورتاق روھىي باغلىنىش (ناۋادا يەھۇدىي دىنىمۇ خرىستىئان دىنىنىڭ بىر تارمىقى دەپ قارالسا) ئۇلارنى «شاپتۇللۇق باغدا قول بېرىشكەن ئاكا-ئۇكىلار» (مەزكۇر ماقالە ئاپتورى بۇيەردە «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» دىكى ليۇ بېي، گۇەن يۇ، جاڭ فېي ئاكا-ئۇكا ئۈچ باتۇرنى كۆرسىتىدۇ. - باش مۇھەررىردىن)غا ئايلاندۇرغان. «كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا تۇيىقى سىقىرىغاندەك»، يەھۇدىيلارنىڭ قايغۇسى ئوخشاشلا ئاقسارايىنىڭمۇ قايغۇسىغا ئايلانغان. 1948-يىلى ئوتتۇرا شەرقتە «ئىسرائىلىيە» دېگەن بۇ ئۇرۇشقاق دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىپ قېلىشىنى شۇ چاغدىكى ھالى خاراب ئەرەبلەر ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇلار بەكلا كېچىككەنىدى.

ناۋادا ئەرەبلەر بۇنى ھېس قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇلاردا «ياق» دېيىش ھوقۇقى يوق ئىدى. چۈنكى 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى تېخى تارقاپ كەتمىگەن ئاشۇ شارائىتتا، «ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ» دېگەندەك، دۇنيانىڭ سىياسىي خەرىتىسىنى سىزىش ھوقۇقى ئاقساراي ۋە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان باشقا سەردار - غالىبلارنىڭ قولىدا ئىدى.

ئاپتور قەيت قىلغاندەك، غەرب ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىدىن ھەم قۇدرىتىدىن بەكلا ئەنسىرەيدۇ. «ئىسرائىلىيە» دېگەن بۇ مۇددەتلىك بومبىنى ئىسلامنىڭ نەق يۈرىكىگە ئورنىتىپ قويسا، ئۇلارنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش ئوڭاي دەپ قارايدۇ. غەرب ئۆز ۋاقتىدا يەھۇدىيلارغا باشقا يەرلەردىنمۇ ماكان تېپىپ بېرەلەيتتى، لېكىن ئوتتۇرا شەرق تارىخ، ھەزارەت، ئىستراتېگىيە ۋە غەرب مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك جاي ئىدى. بۈگۈن بىز كۆرۈۋاتقان رېئاللىق شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئاپتور: «يادرو دۆلەت (باشقا پاناھ دۆلەت)نىڭ بولماسلىقى ئىسلامنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى قىسمىدا ئومۇميۈزلۈك توقۇنۇش يۈز بېرىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى. ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى يوق ئاڭ ئىسلامنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ مەنبەسى»[1] دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ ھەم ئىسلام دۇنياسىنىڭ رەھبىرى بوپقېلىش مۇمكىنچىلىكى بار بولغان ھىندونېزىيە، مىسىر، ئىران، پاكىستان، سەئۇدىي ئەرەبىستانى ۋە تۈركىيە قاتارلىق ئالتە دۆلەتنى بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا تولۇق سالاھىيەت ھازىرلانمىغانىدى. دەل مۇشۇ يەردە گۇمانلىق بىر نۇقتا بار. ئۇ دەل ئىراق. ئاپتور نېمىشقا ئىراقنى تىلغا ئالمىغان؟ سەۋەنلىك قىلغانمۇ؟ ياق! ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئىراق خۇددى ئىسرائىلىيىگە ئوخشاشلا ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى مەنپەئەتى ئۈچۈن تولىمۇ سەزگۈر نۇقتا. ئىنچىل ئامېرىكىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ كەلگەن ئىراقنى بىر كۈن بولمىسا بىر كۈن جايلىۋەتمىسە، ئۇنىڭ باشپاناھ دۆلەت بوپقېلىش خەۋپى زور. ئەگەر شۇنداق بولسا، غەربكە ئىسلام دۇنياسىدا ئارامخۇدا كۈن يوق. خانتىڭتوننىڭ ئاقسارايىنىڭ كۆڭلىدىكى بۇ جىننى

---

① خانتىڭتون: يۇقىرىقى كىتاب 312-بەتكە قاراڭ.

بىلمەي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىراقنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىمۇ ئۇنىڭغا ئايان. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا 1996-يىلى نەشر قىلىنغان بۇ كىتابقا ئىراقنى چوقۇم كىرگۈزگەن بولاتتى.

ئامېرىكا ئەمدىلىكتە يۇقىرىقى ئالتە دۆلەتتىن ئۇنچىۋالا ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار گەپ ئاڭلىمىسا، ھەرقاچان ئەدەبلەپ قويالايدۇ. مۇنداق «تەنبىھ» بېرىش ئۈچۈن ئامېرىكىدا باھانە دېگەن تولا. ئامېرىكا ئافغانىستانغا ئۇرۇش قوزغىغان كۈنلەردە «ئەلقائىدە» تەشكىلاتى (بازا تەشكىلاتى)، «لادېن» دېگەن ئىسىملار ئاخباراتنى بىر ئالغانىدى. لېكىن يېقىندا «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» نىڭ بىر سانىدا كۆرگەن «بازا تەشكىلاتى قانداق تەشكىلات؟» دېگەن ماقالە مەندە ئامېرىكا ئويناۋاتقان سىياسىي ئويۇنلارغا قارىتا تېخىمۇ چوڭقۇرچۈشەنچە ھاسىل قىلدى. ماقالىدە ئامېرىكىلىق ئاپتور شۇنداق يازىدۇ: «〈بازا («ئەلقائىدە») تەشكىلاتى〉نىڭ ھەقىقىي قۇرۇلمىسى توغرىسىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر ئېنىق ئەمەس. ئۇ لادېن قوماندانلىق قىلىدىغان، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ھەرىكەت قىلىدىغان تېررورلۇق تەشكىلاتمۇ؟ ئۇ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام ئۇرۇشقاقلىرىدىن تەشكىل تاپقان قۇرۇلمىسى چېچىلاڭغۇ تەشكىلاتمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى ئافغانىستاندا مەشىق قىلغانمۇ؟〈بازا تەشكىلاتى〉ئۆزگىرىپ بازا ھەرىكىتى دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالدىمۇ؟ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى بىن لادېننىڭ غەرب ۋە يەھۇدىيلارغا قارشى زەھەرلىك ئىدىيىسىگە ئېتىقاد قىلىش ۋە زوراۋان بولۇش ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ؟ ياكى〈 بازا تەشكىلاتى〉يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانمۇ؟»[1] سىزدە ئاز-تولا سەۋەب-نەتىجىلىك تەھلىل ۋە قارشىسىدىن چىقىپ ئويلاش ئىقتىدارى بولسا، سىزدە چوقۇم بۇنىڭغا قارىتا بەزى گۇمان تۇغۇلىدۇ. مەسىلەن، بۇ سوئاللارھالا ئەمدىلىكتە ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدىغۇ؟ بۇلارغا ئافغانىستان ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىلا جاۋاب بېرىلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئەمما ئىشلار سىز ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئاددىي ئەمەس. ئامېرىكا سىياسىي ئويۇن ۋە ئىستراتېگىيىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بەزىدە ئالدىبۇرۇن قىلىپ سالغان ئىشلىرىغا «دىپلوماتىك تون» كىيگۈزۈپ ئاستا-ئاستا سىزگە يېتەرلىك باھانە تېپىپ بېرەلەيدۇ. يەنە بەزىدە ئىشتىن بۇرۇن ئالللىقانداق باھانىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ. سىياسىي ئىستراتېگىيە ۋە ھىلە-مىكىردە شەيتانغا دەرس بېرىدىغان ئامېرىكا ئۈچۈن بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس.

ئاپتور ئىسلام بىلەن غەربنىڭ توقۇنۇشى توغرىسىدا خۇلاسە تەرىقىسىدە شۇنداق يازىدۇ: «غەرب دۇچ كەلگەن تۈپ مەسىلە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ئەمەس، بەلكى ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت — ئىسلام. ئۇنىڭ خەلقى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكىگە قەتئىي ئىشىنىدۇ ھەم ئۆز كۈچىنىڭ زەئىپ ئورنىدا تۇرۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئىسلامنىڭ دۇچ كەلگىنى ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ياكى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ئەمەس، بەلكى غەرب مەدەنىيىتى. ئۇلار ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ھەممىباپلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. مانا بۇلار ئىسلام بىلەن غەربنىڭ توقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈپ سەۋەبتۇر.»[2] ناۋادا ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى بەك قۇتراپ كەتسە، ئامېرىكا قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلالايدۇ. ئەمما ئىسلام مەدەنىيىتىگە مىلتىق بىلەن تاقابىل تۇرغىلى بولسۇنمۇ؟ بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىسلام ئۈچۈنمۇ شۇنداق. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ زادىلا ئۆزگەرمەي تۇرۇۋېلىشى غەربنىڭ بېشىنى ئەڭ قاتۇرۇدىغان مەسىلە. ئىسلام مەدەنىيىتىنى يوقاتساق ياكى ئۆزگەرتىپ ئىسلاھ قىلىۋەتسەك يولىمىزدىكى كاشىلىلارمۇ يوق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

شەخسىيەتچىلىك، ئىستېمالچىلىق ۋە ئەقىلچىلىكنى مەنبە قىلغان غەرب مەدەنىيىتىنىڭ سايىسىنى خېلى مۆتىۋەر ئىسلام ئەللىرىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدىغان بولدى. يېقىندا مۇنداق بىر ماقالە كۆردۈم: «ھازىر بىلىيارت ئىراندا قايتا ئەۋج ئالدى، ئامېرىكىنىڭ باشقا مودا ئويۇنلىرىمۇ بۇ ئىسلام دۆلىتىدە مودا بولۇشقا باشلىدى. ئىسلام شەرىئىتىدە ئىت مەينەت ھايۋان دەپ قارالسىمۇ، ئىتنى ئەرمەك ھايۋان ئورنىدا بېقىش تېھراندىكى باي ئائىلىلەردە مودا بولدى. بەزى ئاياللار روملىنىڭ ئىچىگە كالتەك توپ شەپكىسى كىيىۋالىدىغان بولدى.»[3] غەربلىكلەرنىڭ نەزەرىدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ جاھىل قورغىنى ھېسابلانغان ئىرانغىمۇ «ئىسلاھات» دېگەن چىرايلىق تون ئاستىدا غەرب مەدەنىيىتى سايە تاشلاپ ئۈلگۈردى. ئەلۋەتتە، ھەممىلا نەرسىنى «مودا» دەپلا قوبۇل قىلىشقا باشلىساق، ھېچنېمىنىڭ ھېچقانداق ئۆلچىمى بولماي قالىدۇ. چۈنكى بۇ مودا دېگەن ئۇقۇمنىڭ چېكىگە بىركىم يېتىپ باققىنى يوق. سىز ئۇنىڭ كەينىدىن مەڭگۈ قوغلاپمۇ يېتەلمەيسىز. مودا ئادەمنىڭ نەپسىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. ناۋادا قوغلاۋەرسىڭىز غەرب دۇنياسىدەك ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ بارىسىز. شۇڭا بۇيەردە تەكىتلىمەكچى بولغان ھەزارەت سالاھىيىتى مانا شۇنداق مودىلارغا چەك قويالايدۇ.

بىزدە تانسا ۋە «تۇغۇلغان كۈن» دېگەندەك ئەسلىدە غەربكە تەۋە بولغان ئادەتلەر شىددەت بىلەن ئومۇملاشماقتا. يېقىندىن ئومۇملىشىۋاتقان روژدىستوۋ بايرىمى، ئېلېكترونلۇق تونەك...

---

① «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» (ئۇيغۇرچە) 2004-يىل 5-يانۋار سانى.

② خانتىڭتون: يۇقىرىقى كىتاب 390-بەت.

③ «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» (ئۇيغۇرچە) 2004-يىل 5-يانۋار سانى.

دېگەنلەرنى قويۇپ تۇرۇپ ،تانسا ئۇستىدىلا توختالساق ، بەزى ئۆزگىرىشلەرنى بىلىۋېلىش مۇمكىن . تانسا ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنىڭ نومۇس ۋە ئەرلىك غۇرۇرىغا بولغان دەھشەتلىك ھاقارەت بولسىمۇ ، «زامانىۋىلىشىش »دېگەن يېپىنچا ئاستىدا بۇ خىل ھاقارەت تۇيغۇسى يارىشىملىق ،باشقىچە گۈزەل تۇيغۇلارغا ئورۇن بەرگەندەك قىلىدۇ . ئويلاپ كۆرمەمسىز ؟ يات بىر ئەركەك كۆز ئالدىڭىزدا ئايالىڭىز ، قىزىڭىز ياكى ھەمشىرىڭىزنى خىرامان پىرقىرىتىپ يۈرسە ، ۋىجدانىڭىز خورلۇق ھېس قىلماستىن ،ئەكسىچە «توغرا چۈشىنىپ كېتىۋېرىسىز » ،سىزدىكى بەرجەس ئەركەكلىك نەدە قالدى ؟ ھەتتا سىز خورازچىلىكمۇ بولالمىسىڭىز ، بۇ ئەمدى قانداق ئەرلىك غۇرۇر ؟ نەدىن ئىمپورت قىلىنغان ناجىنىس ئادەت ؟ ياكى ئەركەكلىك دېگەن ئۇقۇمغا باشقىدىن تەبىر بېرىش كېرەكمۇ ؟

بەزىلەر : «شۇمۇ گەپ بولدىمۇ ؟ تانسا دېگەن ئاللىبۇرۇنلا جەمئىيەتلەشكەن تۇرسا ، يەنە ئۇنى-بۇنى دېيىشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ »دەپ ئويلاپ قالار .راست ! ئۇ ئاللىقاچان جەمئىيەتلەشتى ،ئەمما ئۇ ھەقتە كۆزىمىزنى يۇمۇپ ، ھېچنېمە دېمەمدۇق ؟ نۇرغۇن نەرسىلەر جەمئىيەتلىشىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۇ بىخ ھالەتتە ئىدى . ھېچكىم ھېچقانداق قارشىلىق قىلماي ،ئەگىشىپ كېتىۋېرىپ كۆنۈپ قالغاندىن كېيىن ، بۇ ئەمدى قىلمىسا بولمايدىغان ،ئەزەلدىن بار قىممەتلىك ئۇدۇمدەك خۇيمۇ ئوبدان ئۆزلىشىپ قالىدۇ . چاتاق دەل مۇشۇ .

بۇ كىتابنىڭ بىز ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر تەرىپى شۇكى ، ئۇنىڭدا بىز ھازىرغىچە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيۋاتقان ئەمما ھەممىمىز ئۇچۇن تەخىرسىز بولۇۋاتقان سالاھىيەت مەسىلىسى خېلىلا ئەستايىدىل رەۋىشتە مۇھاكىمە قىلىنغان . بىزدە شۇ كۈنلەردە بولۇنۇۋاتقان فامىلە ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلار دەل سالاھىيەت مەسىلىسىگە چېتىلىدۇ . ئاپتور شۇنداق يازىدۇ : «1990-يىللاردا يەرشارى خاراكتېرلىك سالاھىيەت كرىزىسى يۈز بەردى . يەرشارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەر :‹ بىز كىم ؟ بىز قايەردە ؟ كىملەر بىز بىلەن بىر ئەمەس ؟› دېگەن سوئاللارنى قويۇشقا باشلىدى . »① ئەلۋەتتە ، بۇ سوئاللارنى بىزمۇ ئۆزىمىزدىن ئەستايىدىللىراق سوراپ باقمىدىغان ،ھەتتا جاۋاب بېرىدىغان بىر باسقۇچتا تۇرۇۋېتىمىز .

چوڭ دۆلەتتىن تارتىپ ئادەمگىچە تەبىئىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ھامان ئۆزىنى ئىسپاتلاش ،ئۆزىنى كۆرسىتىش ،پۇرسەت بولسىلا باشقىلارنىڭ رىسقىغا چاڭگال سېلىش ئىستىكى يېلىنجاپ تۇرىدۇ . ئادەملەرنىڭ سالاھىيىتىنى بىلىشكە تەقەززابولۇشى دەل ئاشۇ خىل ئىستەكنىڭ تاشقى ئىپادىسى .

سالاھىيەت سىزدىكى كىملىك ياكى خىزمەت كېنىشكىسىگە نەقىشلەنگەن مەزمۇنچاقلارنىڭ يىغىندىسى دەپلا چۈشەنگەن بولسىڭىز خاتالاشقان بولىسىز . ئادەملەر بارغانسېرى كىملىكىنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئەندىشە قىلىدىغان بولدى .دۇنيا سىياسىيسىدىكى ناھايىتى نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى سالاھىيەت چۈشەنچىسىنى ئۆزگەرتىۋەتتى . مەسىلەن ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەر بۇرۇن سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى (س س س ر )ياكى سوۋېتلىكلەر دەپ ئاتالغان بولسا ، ھازىر «قازاقىستان »لىق ، «ئۆزبېكىستان »لىق دەپ تېخىمۇ كونكرېت ئايرىلىدىغان ياكى سالاھىيەتلىنىدىغان بولدى . قازاق ، قىرغىز ،ئۆزبېك دېگەن ئىسىملار ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرى دۇنيا جۇغراپىيىسىدىن ئورۇن ئېلىشتىن بۇرۇن ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىغان .سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ چاك-چېكىدىن بۆسۈلۈشى بىلەن تۇغۇلغان بۇ «بالىلار »پۈتكۈل دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا جەلپ قىلدى . دېمەك سالاھىيىتىڭىز روشەنلەشسە ياكى مۇقىملاشسا ، خەقمۇ سىزگە ئوڭ كۆزىدە قارايدىغان گەپ . ناۋادا جۇڭگو ئۆتمۈشتىكى ئۇچ پادىشاھلىق ياكى مەنچىڭ دەۋرىدىكى ھالەتتە تۇرغان بولسا ، ئېھتىمال بۈگۈن بۇيەرلەر ئەجنەبىيلەرنىڭ ئىرەمبېغىغا ئايلىنىپ بولار ئىدى .دېمەك جۇڭگومۇ دۇنياغا ماس قەدەم ئېلىپ تەدرىجىي سالاھىيىتىنى ئۆزگەرتىۋاتىدۇ ھەم قايتا بېكىتىۋاتىدۇ .

بۇرۇن دۆلىتىمىزنى قىرىغا ئالمايدىغان ئامېرىكىدەك مەمەدان دۆلەتلەر بۈگۈن دۆلىتىمىزنىڭ كۆزىگە قاراپراق ئىش تۇتىدىغان بولدى .

خانتىڭتون ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ كەلگۈسىگە تولىمۇ ئۈمىدسىز قارايدۇ . ئۇ شۇنداق يازىدۇ : «ئەگەر كەلگۈسىدە جۇڭگو غەربنىڭ ئورنىنى ئېلىپ دۇنيادىكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە مەدەنىيەتكە ئايلانغاندا ، ئىنگلىز تىلى ئۆزىنىڭ ئورتاق تىللىق ئورنىنى خەنزۇ تىلىغا بوشىتىپ بېرىدۇ . »② بۇ

مۇكۇمىنى ھازىرچە توغرا ياكى خاتا دېيەلمەيمىز . ئەمما

خەنزۇ تىلىنىڭ شەرقىي ئاسىيادا ھەقىقەتەن مۇھىم رول ئويناۋاتقانلىقى بىر پاكىت .بۇ ھەقتە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى ، پروفېسسور ئازاد سۇلتان ئەپەندى بىر قېتىملىق سۆھبەتتە : «مەن جۇڭگوتىل-مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ھەر كۈنى 12 - 13 سائەت قىمىرلىماي ، كاسىسى قاپىرىپ كەتكۈچە بېسىپ ئولتۇرۇپ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىۋاتقان كورىيە ، تايلاندلىق ئوقۇغۇچىلارغا بەك ھەيران قالدىم» دېگەنىدى . ئاپتور كىتابىدا ئامېرىكىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرقانداق ئىشتا چوقۇم جۇڭگو بىلەن

---

① خانتىڭتون :يۇقىرىقى كىتاب 202-بەت .
② خانتىڭتون :يۇقىرىقى كىتاب 86-بەت

ياخشى ھەمكارلىق ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قايتىلاپ تەكىتلەيدۇ.

سالاھىيەت ئۇ يالغۇز بىرلا شەخسنىڭ مەسىلىسى ئەمەس. ئەگەر سالاھىيەتسىزلىك يۈز بەرسە، ئۇ شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ھالكى، ئۇنى تەسۋىرلەپ بولماس. بۇ كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا سىزدە تەبىئىي ھالدا: «مەن زادى كىم؟ بۇرۇن كىم ئىدىم؟ كەلگۈسىدە كىم بولىمەن؟ مەن قايەردە؟ كىم مېنىڭ دوستۇم؟» دېگەن سوئاللار تۇغۇلغاندۇ. دېمەك شۇنداق سوئاللار سىزدە ئويغانسا، بۇ كىتابنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغانىنىڭ ئاز-تولا ئەھمىيىتى بولغان بولىدۇ.

كىتابتىكى بايانلارغا قارىغاندا، سالاھىيەت كرىزىسى سابىق يۇگوسلاۋىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بۆلۈنۈپ چىققان دۆلەتلەردىلا ئەمەس، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئاساسىنى پۇختىلاپ، مەدەنىيەت داۋىنىنىڭ چوققىسىغا چىقىپ بولغان «ياپونىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، كانادا، رۇسىيە»① قاتارلىق دۆلەتلەرگىمۇ قىياندەك يامرىغان. ياپونىيە مەزكۇر كىتابتا خېلى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنغان.

ياپونىيىگە بېرىپ بۇ ئەلنىڭ رېئاللىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، مەدەنىيەتتە دۇنيانى تاڭ قويغۇدەك ئىلگىرىلەپ كەتكەن ياپونلار ھەزارىتى ئۈستىدە توختاۋسىز تەشۋىشلىنىدىكەن. «ياپونلارنىڭ ئەتىسى قانداق بولىدۇ؟» دېگەن بىرلا گەپ پۈتكۈل ياپونىيىنى قاپلىغان. دېمەك غەرب دۇنياسى ۋە مەدەنىيەتتە سىبىق كېكىرىپ قالغانلار ھەزارەت ۋە سالاھىيەت كرىزىسىغا پاتتى. بىز بولساق تېخىچىلا نان كرىزىسى ئىچىدە تۇرۇۋېتىمىز. لېكىن بۇ كرىزىس تەلتۆكۈس ھەل قىلغىلى بولمايدىغان كرىزىس ئەمەس. بۇ كرىزىس ئۈمىدسىزلىك ۋە قاشاڭلىقنىڭ ئەپچىل دەستىكىگە ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. تۇپاندەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان «خەلقئارالىشىش» دولقۇنلىرىدا ئەگەر سىز دولىڭىزنى چىقىرىپ كىرپىدەك تۈگۈلۈپ تۇرۇۋالسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ مىللىي كىملىكى ئۈستىدە كاللا قاتۇرماي گۆش يەپ چىش كوچىلاپلا يۈرسىڭىز، ئۆزىڭىزدە كۆمۈلۈپ ياتقان دۇردانىلەرنى جاھان ئەھلىگە نامايىش قىلمىسىڭىز، شۇ ئارقىلىق يەرشارىدىكى ئورنىڭىزنى تاپمىسىڭىز، زامانىنىڭ كالامپاي تاپانلىرىدا يەنچىلىپ كېتىشىڭىز تۇرغانلا گەپ.

دەل مۇشۇ ھەقتە زامانىمىزنىڭ مۇتەپەككۇرى ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەپەندى شۇنداق دەيدۇ: «بىز كرىزىستا تۇرۇۋاتىمىز. بىراق بىزنىڭ ھازىرقى كرىزىسىمىز ھېچكىمنىڭ كرىزىسىغا ئوخشىمايدۇ، بۇ دەل كرىزىسنىڭ كرىزىس پېتى ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلىنىشىدىن ئىبارەت.»②

ياپونلار ۋە يەھۇدىيلاردا: «كۆلپەتمۇ مىللەتنىڭ بايلىقى» دېگەن بىر ھېكمەت بار ئىكەن. كۆلپەتنى ئالغا بېسىشتىكى ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرالىغان مىللەتلەر ئۈچۈن ئۇ ئەلۋەتتە بايلىق. يەر ئاستىدا مىليون يىللار بېسىلىپ ياتقان لاۋادەك ئىچكى ئېنېرگىيە بولمىسا، كۆلپەت سىزنى يەرشارىدىن يوقىتىۋېتىدۇ. سىزدىكى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىچكى ئېنېرگىيە ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدارنى بايقىيالىسىڭىز ۋە ئانچە-مۇنچە جارى قىلدۇرالىسىڭىز، قالتىس مۆجىزىلەر يۈز بېرىدۇ. بىر تال پاقىنى تاشقا باستۇرۇپ قويسىڭىز ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئاشۇ تاشنى بىر دانە ئۇرۇقنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ قويسىڭىز، ئۇرۇق ئۆلمىگەنلا بولسا ھامان ئۈنۈپ چىقىدۇ. دېمەك بىر ئىنسان ياكى بىر مىللەتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى، قېزىلمىغان ئەۋزەللىكلەرنى قېزىش دەل بىز دەۋاتقان سالاھىيەتنى بايقاشقا ۋە تۇرغۇزۇشقا بېرىپ چېتىلىدۇ.

سالاھىيەت ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار ئوخشىمايدۇ. خانتىڭتوننىڭ قارىشىچە: «ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزئارا رىقابەتلىشىدىغان، بىر-بىرىنى كۈچەيتىپ تۇرىدىغان ئوخشىمىغان سالاھىيەتلىرى بار. بۇلار تۇغقاندارچىلىق، كەسىپ، ھەزارەت، تۈزۈلمە، جۇغراپىيە، تەربىيىلىنىش، پارتىيە، ئىدېئولوگىيە، قەبىلە-ئۇرۇغ، مىللەت، دىن، مەدەنىيەت، شەخس ۋە ئېتنىك تەركىب قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان.»③ دېمەك ئادەم ئەنە شۇ بىر قاتار مۇرەككەپ سالاھىيەتلەرنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت.

خوش، ئۇنداق بولسا بۇنداق كىملىك قانداق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ؟ بۇ ئىستراتېگىيىلىك سوئال خانتىڭتوننىڭ كىتابىدا باشتىن-ئاخىر دېگۈدەك كۆزگە چېلىقىدۇ. سەن ئۆزۈڭنىڭ سالاھىيىتىنى قانداق ئىپادىلەيسەن؟ بۇنداق سالاھىيەتنى ھازىرلاشتا قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك؟ بۇ سوئاللارغا جاھان مەدەنىيەت مۇنبىرىدىكى مۆتىۋەر مىللەتلەر ئاللىقاچان جاۋاب بېرىپ بولدى. ھەتتا ئۆزى باشتا بەرگەن جاۋابلارغا قانائەت قىلماي، تەكرار-تەكرار يېڭىلىماقتا. كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، مۇنداق يېڭىلاشلارنىڭ بەدىلى ھەرگىزمۇ يېنىك بولغىنى يوق.

بىز ئەمدى نان كرىزىسىنى ھەل قىلغاچ سالاھىيەت كرىزىسىنىمۇ ئويلاشمىساق بولمايدىغان بولدى. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى باسقۇچى مىللىتىمىزنىڭ رېئاللىقىنى ياخشىراق تەھلىل قىلىپ بېقىشتىن ئىبارەت. ئەگەر مىللىتىمىزنى ھازىرچە دېھقان ۋە زىيالىيدىن ئىبارەت ئىككى

---

① خانتىڭتون: يۇقىرىقى كىتاب 202-بەت.
② خانتىڭتون: «ئابدۇقادىر جالالىددىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل نەشرى، ئىچ مۇقاۋىسىغا قاراڭ.
③ خانتىڭتون: يۇقىرىقى كىتاب 208-، 209-بەت.

تۇركۈمگە ئايرىساق، %80 دېھقان 365كۈن قورساق ھەلەكچىلىكىدىن باشقىنى ئويلاشقا جۈرئەتمۇ قىلالمىغان؛ چۈلىسىمۇ يوق بىچارە توپ. دېھقان بىلەن زىيالىي ئوتتۇرىسىدىكى دەھشەتلىك ھاڭ بۇ ئىككى قەۋمنىڭ يۈرەك ساداسىنى بىر-بىرىگە زادىلا ئاڭلاتماي كەلدى.

دېھقان ئازابلىرىنى زىرائەتلىرىگە، كەتمىنىگە، ئاچچىق موخۇركىسىنى شورىغاچ ئولتۇرۇپ بىر-بىرىگە ھېكايە قىلىپ بېرىشىدۇ. بىر-بىرىنى يۇمۇرغا - چاقچاقلا كەلتۈرۈپ، كۈلۈشۈپ دەردىنى باسىدۇ. روزى سايىت، زوردۇن سابىر (مەرھۇملارنىڭ جايى جەننەتتە بولغاي)، ئەختەم ئۆمەرلەرنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدىكى يازمىلىرىدىن تەسىرلىنىپ، ياشلىرىنى ئېقىتىشىدۇ. دېھقان ۋۇجۇدىدىكى ئاق كۆڭۈللۈك، ساددىلىق كەبى خىسلەتلەر جاھاننىڭ خاپىلىقلىرىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. خورازنىڭ چىللىشى بىلەن كەتمىنىنى ئۈشنىسىگە ئارتىپ، يەرشارىدىكى 24سائەتلىك ۋاقىت بىرلىكىنى بۇزۇپ تاشلىغان تۈگمەس ئەمگىكىنى باشلىۋېتىدۇ. دېھقان زىيالىيدەك ئەسەر يازىمەن دەپ ئاۋارە بولمايدۇ. ئىلمىي ماقالىسىنى باستۇرۇش، ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن پارا كۆتۈرۈپ يۈرۈدىغان ئىش ئەسلا بولمايدۇ. ئوخشىغان بولۇق زىرائەتلەر، مىڭ باللىقتا سەمرىتكەن چارۋىلار دېھقاننىڭ ئەڭ كاتتا ئەسىرى. دېھقان ئەسەرنى قەغەزگە ئەمەس، تەبىئەتنىڭ ھۆسنىگە يازىدۇ. دېھقان يازغان ئەسەرلەرنىڭ مۇھەررىرلىرى دەل دەھشەتلىك سوغۇق، پىژغىرىم ئىسسىق، كىسلاتالىق يامغۇر ۋە نەپسى بالا يەرلىك ئەمەلدارلاردىن ئىبارەت. زىيالىيلاردىكى چاتاق تېخىمۇ ئېغىر. «قۇرتنى تەتقىق قىلغانلار قۇرتقا، كىتاب يازغانلار كىتابقا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان» (ئابدۇقادىر جالالىددىن سۆزى) مۇشۇنداق بىسەرەمجان مۇھىتتا، خەقتىن كەسكىن پەرقلىنىپ تۇرۇدىغان مىللىي ئۆزلۈكنى بېكىتىش مۇشكۈل. ئەدناسى زىيالىي بولغۇچى «زىيالىي» ئۇقۇمىغا لايىق سالاھىيەتنى ھازىرلىمىسا، كادىرمۇ كادىرغا ئوخشىمايۋاتسا... گويا ھەممىلا نەرسە ئۆز خىلى، ئۆز تەبىئىتىدىن ياتلىشىۋاتقاندەك، خۇددى بىر بىر-بىرىمىزگە قېيداپ، ماي تارتىشىپ تۇرۇۋاتقاندەك بۇرۇقتۇرمىلىق.

دەل مۇشۇ قۇرلارغا كەلگەندە مۇنۇ ھېكايەت يادىمغا يەتتى:

«بىراۋ بىر دانىشمەندىن شۇنداق سوراپتۇ:

- قاچان قىيامەت قايىم بولىدۇ؟

- ئېتىقاد يوقالغاندا.

- ئېتىقاد قانداق ۋاقىتتا يوقالغان بولىدۇ؟

- ئىش شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىغان ئادەملەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغاندا (ھارام ھالالغا ھاكىم بولغاندا، يالغان راستقا ئەمىر بولغاندا) قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ.»①

ئادەمنى غەش قىلىدىغان مانا مۇشۇنداق مۇھىتتا سالاھىيەت مەسىلىسىگە پېتىپ قالدۇق.

بىزدە تار مەنىدىكى ، مەھەللىۋى سالاھىيەت ئېڭى بەك كۈچلۈك. مەسىلەن، قويۇق يەرلىك تەلەپپۇزى ۋە ئۇستىۋېشىغا قاراپلا سىز بىر ئادەمنىڭ قەشقەرلىك ياكى خوتەنلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىسىز. ئۇيغۇرلار ئۇرۇمچىنىڭ داشقايناق مۇھىتىدا بىر-بىرىنى قەشقەرلىك، ئاتۇشلۇق ياكى خوتەنلىك دەپ ناھايىتى ئېنىق ئايرىيدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا بۇ خىل يۇرت بويىچە بېكىتىلگەن سالاھىيەت ناھايىتى روشەن. ئەمدىكى مەسىلە دەل مۇشۇنداق يەككە سالاھىيەت ئېڭىنى قانداق قىلىپ پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئېڭىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس سالاھىيىتىنى تۇرغۇزۇش قالتىس ئەجىر كېتىدىغان ئىنتايىن مۇشكۈل سىستېما قۇرۇلۇشى. ئۇ، بىر مىللەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا، خاس مائارىپى ۋە پەلسەپىۋى تەپەككۇرىغا، ئەنئەنىسى ۋە پسىخىكىسىغا قايتا چوڭقۇر نەزەر تاشلاپ، دوپپىمىزنى ئالدىمىزغا ئېلىپ قويۇپ راۋۇرۇس ئويلانغاندا، بىر-بىرىمىزنىڭ قايغۇسىنى ئۆزىمىزنىڭ دەپ تونۇيالىغاندىلا ئاندىن بولىدىغان ئۇلۇغ «كۆچ-كۆچ».

سىياسىي تەپەككۇرىمىز تېخىچىلا «شىنجاڭ خەۋەرلىرى» پروگراممىسىنىڭ نېرىسىغا ئۆتكىنى يوق. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى دېمەيلا تۇرايلى، چىڭخۇا ياكى فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى تونۇپ ئېتىراپ قىلغۇدەك سىياسىيئونلاردىن بەش-ئونى، سىياسىيغا بېغىشلانغان خاس ئەسەردىن 10-20سى بىزدىن ئاللىبۇرۇنلا مەيدانغا كېلىشى كېرەك ئىدى.

ئىقتىسادىي تەپەككۇرىمىز ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق، كاۋاپچىلىق ۋە يايما سودىسىدىن نېرىسىغا ھالقىغىنى يوق. «ئارمان»، «ئامىنە»، «ئىزچىلار»، «ئوغۇز»، «مىزان»، «كروران»، «ئانا زېمىن»... دېگەندەك ئۇيغۇر كارخانىلىرى ھەرھالدا بار بولدى. ئەمما ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇر ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى پېشاڭلىق رولى، ھەجمى، پۈتكۈل مىللەت ئىقتىسادىدىكى كۆلەملىشىش دەرىجىسى بەك تۆۋەن. زامانىۋى مىللىي كارخانا مەدەنىيىتى، كارخانا ئوبرازى، ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى، ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيە دېگەنلەر يوق ھېسابتا. «TOSHIBA، HONDA، MITSUBISHI، SONY، TOYOTA، SUZUKI، SHARP، PANASONIC» دېگەن ماركىلار يەرشارىغا تونۇش دېسەكمۇ بولىدۇ. كىشىلەر بۇ ئىسىملارنى ئاڭلىسىلا تىرىشچانلىق ۋە ئالدىراشچىلىققا غەرق بولغان تىنىم تاپماس ياپونلارنى

① «ئابدۇقادىر جالالىددىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل نەشرى، 190-بەت.

كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. بۇ داڭلىق ماركىلار ئاسىيانىڭ تەنھا ئارىلىدا ياشاۋاتقان ياپونلارنىڭ مىللىي سالاھىيىتىنى پۈتكۈل يەرشارىغا كېڭەيتتى، ياپونلارنىڭ مىللىي سانائەت مەدەنىيىتى ئاشۇ ماركىلار بىلەن «ياپون» دېگەن ئىسىمنى يۇغۇرۇۋەتكەن، سالاھىيەت تىكلەشنىڭ ئۇسۇلى بىرلا ئەمەس، يەنە قارايدىغان بولساق «Windows (كۆزنەك)»، «ماك دونالد»، «كېنتاكىي»، «ھولليۋود» دېگەندەك ناملار خۇددى «جوردان»، «مايكىل جېكسون»، «تېيسېن» (جوردان ئامېرىكا ۋاسكېتبول شاھى، جېكسون دۇنياغا مەشھۇر نېگىر ناخشىچى، تېيسىن ئامېرىكا بوكس شاھى) دېگەن ئىسىملارغا ئوخشاش ئامېرىكىنىڭ سالاھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان بولدى.

«كېنتاكىي» دېگىنى ئەمەلىيەتتە ئاز-تولا غەربچە تەم ۋە ھۈنەر قوشۇلغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىز ھەركۈنى يەيدىغان ئاددىي توخۇ گۆشى. «كېنتاكىي»، «ماك دونالد» دېگەنلەر قانداقتۇر باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياكى كومپيۇتېر ياسايدىغان زاۋۇتلار ئەمەس، ئەمما ئۇلار دۇنيادىكى نەچچە ئونلىغان دۆلەتتە نەچچە يۈز زەنجىرسىمان دۇكىنى بولغان يەرشارى خاراكتېرلىك مەشھۇر شىركەتكە ئايلاندى. ئۇلاردىكى سىر نەدە دېيىلسە، ئۇ دەل ئۇزاق مۇددەتلىك ئىقتىسادىي پىلان، ئىلغار باشقۇرۇش شەكلى، مەبلەغ پىلانلاش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى، سۈپەت ۋە مۇلازىمەتنى ئىنچىل تۇتۇپ، بازارنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت. ئەگەر «ئارمان»، «ئامىنە» شىركەتلىرىمۇ بىز تىلغا ئالغان ئاشۇ شىركەتلەرنى تەتقىق قىلسا، پايدىلىق ئۆرنەكلەرنى قوبۇل قىلسا، «ئارمان»، «ئامىنە» دېگەن ئىسىملارنى رەڭگى ئۇزاقىچە ئۆچمەيدىغان، مىللىي ئىقتىسادنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن. بۇ بىز قىلالايدىغان، ئىقتىسادىي سالاھىيىتىمىزنى بېكىتىشتە قالتىس مۇھىم رول ئوينايدىغان ۋاستە.

بىز بۇ ۋاستىنىڭ رولىنى ئەمەلىيەتتە ھېس قىلىۋاتىمىز. ئاز بولغاندىمۇ 500 يىل مابەينىدە دۇنيانىڭ ئۇنتۇلغان بۇلۇڭىغا مەھكەم قاپسىلىپ قالغان، ئۆزىنى ئىپادىلەشكە ئامالسىز قالغان بۇ مىللەت 1980-يىللاردىن باشلاپ چۆچۈپ ئويغىنىپ، باشقىلارنىڭ قانچىلىك ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى خىرە-شىرە ھېس قىلىشقا باشلىدى. بىز ھېلىھەم ھېس قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز. چۈنكى بىزنىڭ شىنجاڭدىكى، جۇڭگودىكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى، يەرشارىدىكى سالاھىيىتىمىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئەلتۆكۈس بىلگەنلەرنىڭ سانى بەك ئاز، قورقۇنچلۇق دەرىجىدە ئاز.

مىللىتىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالى شۇنداق ئىكەن، مىللەتنىڭ ئۆزلۈكىنى بايقىشى ۋە نامايان قىلىشى ئاۋۋال زىيالىيدىن باشلىنىشى كېرەك. دېھقاننى يېتەكلەيدىغان نەرسە ھاياتىي كۈچى بالقىپ تۇرغان ئۆلىمالار ۋە تىرىك مائارىپتىن ئىبارەت. شۇ ئاساستا ئۆزىمىزدىكى يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچنى قېزىپ، مەدەنىيەت ۋە ھەزارىتىمىزدىكى كاۋاكلارنى تولۇقلاپ (قانداق تولۇقلاش دەل باش قاتۇرىدىغان مەسىلە) بېيىتقاندا، ھەرقايسى قاتلاملار زىيالىيلار (سەرخىل زىيالىيلار)غا تويۇنغاندا بۇ خىل سالاھىيەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن.

ئۇنداق بولسا، بۇخىل تويۇنۇش قاچان روياپقا چىقىدۇ؟ سىز مەيلى نېمىلا ئىش قىلماڭ ئۆز كەسپىڭىزنى خۇددى دېھقانغا ئوخشاش شەيدائىي مۇھەببەت بىلەن سۆيسىڭىز، ئەتراپىڭىزدىكىلەرنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ھەرقاچان يادىڭىزدا تۇتسىڭىز، ئۆزىڭىزدە بار بولغان مەنىۋى ۋە جىسمانىي ئىقتىدارلاردىن تولۇق پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز، بۇ خىل تويۇنۇش مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن.

ھەممىلا ئادەم ئۆزىدىكى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى تونۇغاندا ھەم يۈرگۈزگەندە، بۇ خىل يۈزلىنىش مىللەت ئومۇمىيىتىدە بەلگىلىك كۆلەم ھاسىل قىلالىسا، سالاھىيەت توغرىلىق ئېغىز ئېچىشقا بولىدۇ. «ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىنى تونۇش ۋە يۈرگۈزۈش» دېگەن گەپ بەكلا كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، ئۇنى كونكرېتلاشتۇرساق، سىزنىڭ ئاتا-ئانا، ئائىلە، ئىدارە، كەسىپ، مىللەت ۋە دۆلەت ئالدىدا ئۆتەيدىغان ھەم يۈرگۈزىدىغان مەجبۇرىيەت - ھوقۇقلىرىڭىزنىڭ يىغىندىسى. بۇنداق ئاڭ ھەركىمدە ئوخشاش بولۇۋەرمەيدۇ. بەزىلەر بۇنى ھېس قىلغۇچە گۆرگە كىرىپ كېتىدۇ.

سالاھىيەت كرىزىسىنى بىز بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ بىۋاستە، روشەن ھېس قىلىمىز. ئامېرىكا ۋە ياۋروپاغا بېرىپ قالغان ئۇيغۇرلاردىن ئاڭلىشىمىزچە، ئۇلار يات ئەللەردە تۇرۇپ سالاھىيەتسىزلىكنىڭ دەردىنى ئوچۇق ھېس قىلىدىكەن. بۇ خىل دەرد چەت ئەللەردە لاماكان① بولۇپ تۇرۇۋاتقان بارلىق مۇساپىر ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئورتاق. ئۇنداقتا، ۋەتەن ئىچىدە ياشاۋاتقانلارچۇ؟ ئىچكى ئۆلكىلەرنى چۆرگىلەپ كەلگەنلەر، ئوقۇۋاتقانلار، سودا-سېتىق بىلەن تۇرۇپ قالغانلار، شۇ يەرلەردە تۈرلۈك نەسچىلىكلەرگە يولۇقۇپ بۇرنىغا سۇ كىرگەنلەر بۇخىل تۇيغۇنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنىدۇ.

خانتىڭتون ئۆز كىتابىدا تەھلىل قىلىپ ئۆتكەندەك، سالاھىيەتنى بايقاش ۋە نامايان قىلىش قىزغىنلىقى بىلەن تولغان بۇ قىستاڭ ۋە شاۋقۇن-سۈرەنلىك دۇنيادا قايسى خىل شەكىلدىكى مەدەنىيەت ۋە ھەزارەت بىلەن سالاھىيەتلىنىش باش قاتۇرىدىغان مەسىلە بولدى. يەرشارىغا نىسبەتەن «ئۇيغۇر» دېگەن سالاھىيەتنى كۆتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، ئۆزىمىزدىكى خەقتىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان

---

① ماكانسىز مەنىسىدە

ئالاھىدىلىكلەرنى بىر ئامال قىلىپ ساقلاپ قالمىساق بولمايدۇ. بىز سالاھىيەت كرىزىسىنى ھەل قىلىش بىلەن بىرگە زامانىۋىلىشىش مەسىلىسىگىمۇ دۇچ كېلىۋاتىمىز .بۇ مەسىلە ھەققىدە خانتىڭتون كىتابىدا يېڭى باش كۆتۈرگەن دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىش يولىدىكى سىناقلىرىنى ئۈچكە ئايرىغان.

غەربنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ھەزارىتىنى تەڭلا قوبۇل قىلغۇچىلارغا تۈركىيىنى، ھەر ئىككىلىسىنى مۇتلەق ئىنكار قىلغۇچىلارغا ئافرىقا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى بىرقىسىم ئىسلام ئەللىرىنى ،غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى كىرگۈزۈپ ،ئۆزىدىكى ھەزارەتنى قوغداپ قالغان دۆلەتكە ياپونىيىنى مىسال ئالىدۇ.

توختاۋسىز ئېقىپ تۇرغان زاماندا ياشىغانكەنمىز ،زامانىۋىلاشماي مۇمكىن ئەمەس .ئەمما بىزنىڭ «زامانىۋىلىشىش» ئۇقۇمىغا بولغان چۈشەنچىمىز قانداق؟ قانداق زامانىۋىلىشىش كېرەك؟ ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قارىشىچە، زامانىۋىلىشىش دېگەنلىك ئەجدادلاردىن قالغان بارلىق «ئەسكى-تۇسكى»لەرنى تاشلىۋېتىپ، باشقىچە قىياپەت بىلەن دەۋرنىڭ قولىدىن يېتىلەپ مېڭىش ،دېگەنلىك بولىدۇكەن .ئۇنداقتا، سىز ئەجدادىڭىزدىن قالغان ئەنئەنە ۋە مەدەنىيەتنى «ئەسكى-تۇسكى» دەپ قاراشتا نېمىنى ئاساس قىلدىڭىز؟ ئېنىقكى، مۇنداق ئاساس دەل ئۆزىمىزنى غەرب مەدەنىيىتى ۋە ھەزارىتىگە سېلىشتۇرۇشتىن كەلگەن بىچارىلىق ۋە غېرىبلىق تۇيغۇسىدىن ئىبارەت. بۇ غېرىبلىقنىڭ ئىچىدە سالاھىيىتىمىزنى ئىپادىلەپ بولالمايۋاتقاندىكى تەڭقىسلىقمۇ يوشۇرۇنغان.

خانتىڭتوننىڭ قارىشىچە، زامانىۋىلىشىدىغىنى ئىنسان ئەمەس ،ئىنساننىڭ ياشاش شارائىتى ۋە ۋاستىسى .ھابىل ۋە قابىل① ئاكا-ئۇكىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى سەممىيەت ۋە قارانىيەتلىك ،ۋاپا ۋە سۇيىقەست كەبىي خىسلەتلەر ھەممىلا ئىنساندا بار. ئادەمنىڭ تەبىئىتى شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ئىنسانىي تەبىئەتنى زامانىۋىلاشتۇرغىلى بولمايدۇ .ناۋادا زامانىۋىلاشسا ،ئىنسان ئەمەس، ماشىنا بوپقېلىشى مۇمكىن. «زامانىۋىلاشتۇرۇش» دېگەن ئۇقۇمغا تەبىر بېرىش توغرا كەلسە، ئۇ - ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى تەبىئىي، گۈزەل خىسلەتلەرنى ساقلاپ ،كېيىنكىلەرگە مىراس قالدۇرۇپ ،ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ھاياتلىق شارائىتى يارىتىش دېسەك مۇۋاپىق بولار.

لېكىن ئادەملەرنىڭ ياشاش شارائىتىنىڭ كۈنسېرى ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ ئىنسان تەبىئىتى دەھشەتلىك سىناققا دۇچ كېلىۋاتىدۇ .ئابدۇقادىر جالالىدىن مەزكۇر كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە يازغان كىرىش سۆزىدە ئامېرىكىلىق پسىخولوگ ئېرك فرومنىڭ كىتابىدىن مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن ئۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرۈدىغان بىر جەدۋەلنى بېرىدۇ②.

مەزكۇر جەدۋەلگە قاراپ بىلىۋالىمىزكى، مەدەنىيەت ئالغا باسقانسېرى ئادىمىزات تېخىمۇ غالجىرلاشقان. ھەر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئىنسان تەبىئىتى دەھشەتلىك سىناقلارغا دۇچ كەلگەن ۋە ساقايماس تاتۇقلار بىلەن قاپلانغان. ئەگەر بۇ جەدۋەلدىكى سانلار كۆپىيىپلا ماڭسا، ئىنساننى كۇتۇۋاتقان ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئانچە تەسكە توختىمايدۇ.

خانتىڭتون دۇنياۋى توقۇنۇشلارنى بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلىپ بولغاندىن كېيىن تولىمۇ ئۈمىدسىزلىك بىلەن: «ئىشەنچ ۋە دوستلۇق بۈگۈندىن كېيىن كەمدىنكەم ئۇچرايدۇ»③ دەيدۇ. ماددىي تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى قويۇشى ،پىششىقلاپ كىرىم كەتكەن غەربلىكلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارغانچىرى ئايرىم بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي كېسەللىكلەر ئايغۇردا مۇشۇنداق خۇنۇك چۈشەنچە پەيدا قىلغاندۇ .ئەمما بىز ئىشىنىمىزكى ،ھابىلغا ئوخشاش ئادەملەر يەر يۈزىدە ھېلىمۇ بار .قىزىلگۈل بار يەردە تىكەن بولغاندەك، دۈشمەنلىك قاپلىغان جايدىمۇ دوستلۇق نۇرى جىلۋە قىلىدۇ .چۈنكى ئىنساننىڭ زۇۋۇلىسىدىكى تەركىبلەر تەلتۆكۈس ئۆزگىرىپ كەتكىنى يوق.

سالاھىيەت تەشۋىشى يالغۇز خانتىڭتونىڭلا ئەمەس ،غەرب مەدەنىيىتى يۈزلىنىۋاتقان يوشۇرۇن خىرىسنى ھېس قىلغان بىر تۈركۈم تۇيغۇن زىيالىيلارنىڭ ئورتاق غېمى بوپقالدى.

خانتىڭتون بىر نۇقتىنى شەرھلەش ۋە ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىرتالاي مەنبەلەردىن ئېرىنمەي ئۈرنەك ئالىدۇ. ئۇ كىتابىدا سانلىق ماتېرىياللار رەھىمسىزلىك بىلەن ئىسپاتلاپ تۇرغان، ئامېرىكا پات يېقىندا دۇچ كېلىدىغان سالاھىيەت كرىزىسىنى مۇنداق يازىدۇ: «ئامېرىكا دۆلەت ئەھۋالى ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ مۆلچىرىگە قارىغاندا ،2050-يىلغا بارغاندا ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ 23 پىرسەنتى لاتىن ئامېرىكا پۇشتى ،16 پىرسەنتى نېگىرلار (ھازىر 13 پىرسەنت)، 10 پىرسەنتى ئاسىيالىقلار بوپقالىدۇ .مۇنداقچە ئېيتقاندا ،2050-يىلى ياۋروپالىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ پۇشتى ئاز سانلىق ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. خرىستىئانلارنىڭ ئازىيىشى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. غەربنىڭ ئىقتىسادى ۋە نوپۇسىدىكى ھاياتىي كۈچ غەربنىڭ ئىرادىسىنى خەققە ئەمدى تاڭالمايدىغان قىلىپ قويىدى. ئەگەر يېڭى كۆچمەنلەر تاكى ھازىرغىچە ئامېرىكىنى تىزگىنلەپ تۇرغان ياۋروپا مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلمىسا ،بۇ، ئامېرىكىنىڭ غەيرىي

① ئىسلام رىۋايەتلىرىدىكى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر جۈپ ئوغلى.

② ئابدۇقادىر جالالىدىن: «توقۇنۇشمۇ ياكى توقۇنۇشتۇرۇشمۇ؟»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىل 5-سان؛ يۇقىرىقى كىتاب «كىرىش سۆز» 16-بەت.

③ خانتىڭتون: يۇقىرىقى كىتاب، 368-بەت.

ئامېرىكىلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرامدۇ-يوق؟ ناۋادا شۇنداق بولسا، بىز بىلىدىغان ئامېرىكا مەۋجۇدلۇقتىن قېلىپ، تارىختىكى ئىدىيىۋى سىستېمىسى ئوخشىمايدىغان چوڭ دۆلەتلەرگە ئوخشاش تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە چۆرۈپ تاشلىنىدۇ.»[1] خانتىڭتون نەقىل ئالغان سانلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ تەشۋىشلىرىنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللەپ تۇراتتى.

خانتىڭتون نېگىرلار ۋە لاتىن ئامېرىكا پۇشتىلىرىدىن كېلىۋاتقان بېسىمنى تىل ۋە مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن مۇنداق شەرھلەيدۇ: «نەچچە يۈز يىلدىن بېرى بېسىم ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغان نېگىرلار بارغانسېرى جانلىق مىللەتكە ئايلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى ئەشەددىي سولچىل ئاق تەنلىك ئەركىنلىك تەرەپدارلىرى〈ئافرىقا مەدەنىيىتى مەركەز〉لىك تەلىماتىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى شۇنداقلا ياۋروپا مەدەنىيىتى ئافرىقا نېگىرلىرىدىن كەلگەن، قەدىمكى مىسىرلىقلار، قەدىمكى گرېكلارنىڭ ھەممىسى قارا تەنلىك ئىدى، دەپ قاراۋاتىدۇ. نېگىرلار 200 يىلدىن بېرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خرىستىئان دىنىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئامېرىكىدا ھېچقاچان مەۋجۇد بولمىغان ئىسلام دىنىغا ئېغىۋاتىدۇ. يەنە قانداقتۇر〈ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش〉دەپ بىلجىرلاپ، نېگىرلار تەلەپپۇزى قويۇق بولغان ئىنگلىز تىلىنى ئامېرىكىدىكى قانۇنلۇق تىل قىلىپ بېكىتىشنى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ. نۇرغۇن جايلاردا ئىسپان تىلى[2] ئىنگلىز تىلى بىلەن تەڭ قوللىنىلىدۇ. بەزى رايونلاردا ئىنگلىزچە سۆزلىسىڭىز ھېچكىم سىزنى كۆزگە ئىلىپ قويمايدۇ.»[3]

دېمەك، ئامېرىكىدىكى غەممۇ ئوخشاشلا «ئەتە نېمە بولارمىز؟» دېگەندىن باشقا ئەمەس. خانتىڭتونغا ئوخشاش سەگەك زىيالىيلار بۇنداق تەشۋىشنىڭ ھەرگىز ئارتۇقچە ئەمەسلىكىنى ئامېرىكىغا ۋە دۇنياغا قايتا-قايتا ئاگاھلاندۇرۇۋاتىدۇ.

ئىنساندىكى تەبىئەت شۇغۇ: روھىيىتىڭىزنىڭ چوڭقۇرىدا ھەممە ئادەم مېنى بېشىدا كۆتۈرسە، ماڭىلا خوش دېسە، يوللىرىم ھەممىلا يەردە راۋان بولسا، ئامىتىم ئوڭىدىنلا كەلسە دەپ ئويلايسىز. ئامېرىكىنىڭ خىيالىچە بولغاندا، غەرب مەدەنىيىتى چوقۇم ئامېرىكىنى ئوق قىلىپ ئايلىنىشى ۋە پۈتكۈل دۇنيا ئامېرىكىغا بەيئەت قىلىشى، ئامېرىكىنىڭ يۇلتۇز ۋە بالداق سۈرەتلىك بايرىقى ھەممىلا يەردە جەۋلان قىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن خانتىڭتون بۇنداق سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئەمدى مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئامېرىكىنىڭ ئېسىگە قايتا سالدى.

بىزگە ئوخشاش زامانىۋىلىشىشقا دۇچ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك: «غەربتىن زادى نېمىلەرنى ئەكىرىش كېرەك؟» دېگەن مەسىلىنى جەزمەن ھەل قىلىشى كېرەك. بۇ سىزنىڭ زامانىۋىلىشىپ بولغاندىن كېيىن قانداق سالاھىيەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشىڭىزنى بەلگىلەيدۇ. ئەمما ئېسىمىزدە شۇ بولسۇنكى، «زامانىۋىلىشىش دېگەنلىك غەربلىشىش دېگەنلىك ئەمەس.»[4]

مېنىڭچە، زامانىۋىلىشىش «ئۆزىڭىزگە تېخىمۇ ئوخشاش، ئۆزىڭىزنى قېزىش، ئۆزىڭىزنى تېپىۋېلىش» دېگەنلىك بولۇپ، ھەرگىزمۇ زامان بىلەن تەڭ قەدەمدە يۈگرۈپ، كۆزىڭىزگە چىرايلىقلا كۆرۈنگەن سەرراپنىڭ كەينىدىن[5] سوكۇلداپ كېتىۋېرىش، پۇت-قولىڭىز ۋە ئىدىيىڭىزگە مەھكەم چىرمىشىپ سىزگە «زامانىۋى» ئادەم بولۇش ئىمكانىيىتى بەرمەيۋاتقان ئەجدادىڭىزنىڭ «ئەسكى-تۈسكى»لىرىنى يىراققا پىرقىرىتىۋېتىش دېگەنلىك ئەمەس.

ياپونلارغا ئوخشاش زامان بىلەن تەڭ قەدەمدە يۈگرۈش قالتىس ئىش. ئاخىرىدا ئۇلار يەنىلا «ياپونلار» بولالىدىغۇ؟ ئامېرىكىغا كەلسەك، ئۇ ئۆزىدىكى ئاساسلىق مەسىلىلەرنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىپ بولغان. ئۇلار ئەمدى خەقنى توختاۋسىز تەتقىق قىلىدۇ. ئۇلاردا خەقنى تەتقىق قىلغۇدەك ئېشىنچا ۋاقىت ۋە دوللار خېلى بار. چۈنكى پۈتكۈل يەرشارىغا قول شىلتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ھەممە ئىقلىمنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئامېرىكىلىقلار بۇ جەھەتتە ئەڭ سەرخىل ئالىملىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىگە لازىملىق دۆلەتلەرنى ھەرتەرەپلىمە تەتقىق قىلىدۇ، ئاندىن كېيىنلىكە قاراپ رېتسېپ يازىدۇ. پۇرسەت پىشقاندا ئويۇن دېگەننى قالتىس ئوينايدۇ. بۇ قېتىم ئامېرىكا ئىراقنى شۇنچە تېز بىر تەرەپ قىلىۋەتتى. بۇنى ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئىراقلىق ۋە ئامېرىكىلىق نەچچە يۈز ئىراقشۇناس ئالىمنىڭ تالاي يىللىق تىرىشچانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

روبېرت كرىستوف (Robert Kristof) دېگەن ئاشۇنداق بىر ئامېرىكىلىق ئالىم ياپونلارنىڭ تەرەققىيات سىرىنى ئۇزاق تەتقىق قىلىپ، ياپونىيە توغرىسىدا شۇنداق يازىدۇ: «ياپونىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم بايلىقى ئۇنىڭ جىددىي ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان خەلقئارا مۇھىتقا قانداق ماسلاشقانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى يوقىتىپ قويمىغانلىقىدۇر. ئەگەر 2050-يىلى دۇنيادىكى قايسى دۆلەت ئۆزىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىيات ئۇسۇلى جەھەتتىن ھازىرقى ئاھالىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، دېيىلسە،

① يۇقىرىقى كىتابنىڭ «شىنخۇا» نەشرىياتى 2002-يىل يانۋار خەنزۇچە نەشرىنىڭ 426-، 427-بەتلىرىگە قاراڭ.
② ئامېرىكىدا ھىندىئانلار، نېگىرلار ۋە ئىسپانلارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن بولغان لاتىن ئامېرىكا پۇشتى ئىسپان تىلى قوللىنىدۇ.
③ خانتىڭتون: يۇقىرىقى كىتاب، خەنزۇچە نەشرى 424-بەت
④ خانتىڭتون: يۇقىرىقى كىتاب، خەنزۇچە نەشرى 422-بەت.
⑤ ئېزىتقۇ، ئالۋۇن، چۆلدىكى ئادەم ئالدايدىغان خىيالىي مەنزىرە.

باغلىشىمىزكى ،ئۇ دۆلەت-ياپونىيىدۇر .»[1] ياپونلار مىللىي سالاھىيىتىنىڭ گېنىنى ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدىن ئىزدەپ تاپتى .ئۇنداقتا بۇ خىل گېن بىزدە تۈگەپ كەتتىمۇ ؟

جۇڭگونىڭ مەشھۇر سىياسىي ئىستراتېگىيىشۇناسى خې شىن ياپونىيىنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى تەرەققىياتى توغرىسىدا ھەيرانلىق ئىلكىدە شۇنداق دەيدۇ : «1853-يىلى 8-ئىيۇلدا ئامېرىكا زەمبىرەكلىرى ياپونىيىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقاندىن كېيىن ياپونلاردا مىگجى ئىسلاھاتى باشلاندى .ئارىدىن 130يىل ئۆتتى .130يىل مۇقەددەم ياپونلار ئامېرىكىلىقلار ئەكەلگەن پاراخوت ،زەمبىرەك ،فوتو ئاپپارات قاتارلىق ئاجايىباتلاردىن ھاڭ-تاڭ قالغانىدى .مانا بۈگۈن ياپونلارنىڭ ئىلغار ماشىنىلىرى ، ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى پۈتكۈل ئامېرىكا بازارلىرىنى تەلتۆكۈس قاپلىدى .بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ئىككى تەرەپ كېلىشىم تۈزۈپ فورد شىركىتىنىڭ نەچچە يۈز ئاپتوموبىل مۇتەخەسسىسىنى ياپونىيە تەربىيىلەپ بېرىدىغان بولدى (ئېسىمىزدە بولسۇنكى ، ئاپتوموبىلنى ئەسلىدە ئامېرىكىلىقلار ياسىغان . - خې شىننىڭ ئىزاھاتى ) . بۇ نەقەدەر زور ئۆزگىرىش »[2]

كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى ، يېقىلىپ چۈشىشىڭىز قوشقاچمۇ سىزنى دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بۈگۈنكى چاپ-چاپ دەۋردە سالاھىيىتىڭىزنى بىراۋلار سىز ئۈچۈن بېكىتىپ بېرەلمەيدۇ .ناۋادا بېكىتىدىغان ئىش بولسا ،سىز ئۆزىڭىزگە ئوخشىماي قالىسىز .بەلكى بىلىپ-بىلمەيلا خەقلەرنىڭ ئەۋرىشكىسىگە ئايلىنىپ قالىسىز . خەق سىزگە بېكىتىپ بەرگەن نەرسە سالاھىيەت بولماي «ئەپسۇن چەمبىرىكى »بوپقېلىشى مۇمكىن .

سىز ئۆزگىرىشنى خالىمىسىڭىزمۇ دۇنيا سىزنى ئۆزگەرتىدۇ . ئۆزىڭىز ئۆزگەرمىسىڭىز باشقىلار سىزنى ئۆزگەرتىدۇ .سىز باشقىلارنىڭ ئىستېمالىغا ئايلىنىپ قالىسىز .خانتىڭتوننى ئەنسىرەتكەن نەرسە دەل ئامېرىكىنىڭ سالاھىيىتىنى باشقىلار بېكىتىۋېتىدىغان يامان كۈننىڭ قىستاپ كېلىشىدىن ئىبارەت .خانتىڭتون ئۆز كىتابىدا : «سالاھىيەت كرىزىسىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم ئامىلى قانداشلىق ،ئېتىقاد ،ساداقەتمەنلىك ۋە ئائىلىدۇر »[3] دەيدۇ . چۈنكى بۇ نەرسىلەر غەربتە ئومۇميۈزلۈك سەل قارىلىۋاتقان ،مەدەنىيەتنىڭ شىددەتلىك بورانلىرىدا نەگىدۇر ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ،كىشىلەر ئۇنىڭ قەدرىنى ئەمدىلىكتە تونۇپ يېتىۋاتقان ئەڭگۈشتەرلەر ئىدى . بىر خەنزۇچە ماتېرىيالدىن : «11-سېنتەبىر ۋەقەسى »دىن كېيىن ئامېرىكىلىقلار ئائىلىگە قايتىدىن قىزىقتى . مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن 30 پىرسەنت ئامېرىكىلىق توي قىلىشقا تىزىملاتتى ، دەپ ئوقۇغانىدىم .

غەرب مەدەنىيىتى ۋە ھەزارىتى يەرشارىغا توپاندەك يامراۋاتىدۇ . بۇ ، بىز دۇچ كېلىۋاتقان رېئاللىق .ھەزارەتتىكى ياتلىشىش ۋە ئۆزگىرىش جەريانى ئامېرىكىنىڭ ئىراقنى ۋە ئافغانىستاننى بىر تەرەپ قىلىۋەتكىنىدەك تېز ۋە روشەن بولمايدۇ .ئۇنى سىز :بوپتىلا ، يېڭىلىققۇ ، تەرەققىيات دېگەن چىرايلىقناملار بىلەن پەردازلاپ تۇرۇپ ، ئاستا-ئاستا قوبۇل قىلىۋالىسىز . بۇ ، جەمئىيەتلەشكەندە ئاندىن ھېس قىلىنىدۇ . لېكىن سىز ئۇ چاغدا كېچىكىسىز . روھىيەتكە تەسىر قىلىدىغان نەرسىلەرنى سەزمەك تەس ، شۇڭا ئاۋۋال ئامېرىكا مەدەنىيىتى ۋە ھەزارىتىنى كىرگۈزۈپ باقىدۇ ،زادى ئەپلەشمىسە مىلتىق كۆتۈرۈپ چىقىدۇ .

بىر چاغدا بىر ماتېرىيالدىن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئوقۇغانىدىم : ئالىملار پاقىنىڭ ھارارەتكە بولغان سېزىمچانلىقىنى مۇنداق تەجرىبە قىلىپ كۆرگەن . ئاۋۋال تىرىك پاقىنى قايناۋاتقان سۇغا سالغاندا پاقا بىرلا سەكرەپ چىقىپ كەتكەن .كېيىن بۇ پاقىنى سوغۇق سۇغا سېلىپ ئاستا-ئاستا قىزىتقان .نەتىجىدە پاقا يۇقىرى ھارارەتنى سەزگۈچە جىممىدە ئۆلۈپ قالغان .

ھەزارەتنىڭ سىڭىشىمۇ خۇددى بايىقى ئاستا-ئاستا قىزىتىلغان سۇغا ئوخشايدۇ ، دەسلەپتە سەزمەيسىز ،سەزگەن ۋاقتىڭىزدا ئۆزىڭىزنى خەقلەرنىڭ تەجرىبە قاچىسىدا كۆرۈسىز .دۇنيادىكى تالاي بۈيۈك ھەزارەتلەر ئەنە شۇنداق دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن . ئوق جاراھىتى ساقىيىدۇ ،ئەمما ھەزارەتنىڭ جاراھىتى ئوڭاي ساقايمايدۇ .بۇنداق جاراھەت ئوبدان ئەملەنمىسە بىر تالاي ئەگەشمە كېسەللەرنى پەيدا قىلىدۇ .خانتىڭتوننىڭ مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە سالاھىيەت كرىزىسىگە مۇنچىۋالا سەزگۈر ۋە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىدىكى تۈپ سەۋەبمۇ دەل شۇنىڭدا .

مەرھۇم يېتۈك مۇتەپەككۇر ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇر مەسىلىسىنى چوڭقۇر ھەسرەت ئىچىدە قايتا-قايتىلاپ تەكىتلەپ ئۆتكەنىدى .بىز ئەمدى سىياسىي نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلىمىزنى جىددىي ئىسلاھ قىلماسلىق بولمايدىغان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز .رومان ۋە شېئىر ئۇستىدىلا ئەمەس ، دۇنيا سىياسىيسى ھەققىدىكى نادىر ئەسەرلەر ئۈستىدىمۇ ئانچە-مۇنچە پىكىر يۈرگۈزۈدىغان ،دۇنياۋى مەسىلىلەرنى ئۆزىمىزنىڭ خاس مەيدانىدا تۇرۇپ تەھلىل قىلالايدىغان ،

① ئەسەد سۇلايمان : «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ » ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلى 1997-يىل 5-سان ؛ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل ئىيۇل نەشرى ، 136-بەت .

② خې شىن : «كرىزىس ۋە ئويلىنىش » ، خەلقئارا مەدەنىيەت نەشرىيات شىركىتى 1997-يىل مارت نەشرى 1-قىسىم ، خەنزۇچە نەشرى .

③ خانتىڭتون :يۇقىرىقى كىتاب 202-بەت .

ئۆزىمىزگە يارىشا نەزەرىيىۋى خۇلاسە چىقىرىپ، ھاياتىمىزدىكى مۇشكۇلاتلارغا تەدبىقلايدىغان بولۇشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق بىر تۇركۇم مۇتەخەسسىسلەر بىزگە ئەجەب كېرەك بولدىغۇ. بىزدە سىياسىينى ھاماقەتلەرچە تەھلىل قىلىدىغانلار شۇ قەدەر كۆپكى، سانىنى ئېلىپ بولماس.

سىياسىينى توغرا ئانالىز قىلىش ۋە كۆزىتىش ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس. ئۇسىزدىن كۆپ قىرلىق ئىقتىدار ۋە ئالاقىدار بىلىملەرنى تەلەپ قىلىدۇ.

خانتىڭتوننىڭ بۇ كىتابىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ھەزىم قىلىپ باقساق، شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇر ئۈچۈن بىر خاسىيەتلىك ئىش بولغان بولاتتى.

خانتىڭتوننىڭ مەسىلىنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، خۇلاسىلەش، مەنبەلەرنى ئىزاھلاش، پىكىرنى ئىپادىلەشتىكى ئۇسۇلى، ستاتىستىكا، سانلىق ئانالىز ۋە پاكىتلارغا يۈكسەك ئېتىبار بېرىش روھى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئىبرەت ئۆرنەك. بۇ، بىزنىڭ «ئىلمىي ماقالە»، «تەتقىقات» دېگەن ئۇقۇملارغا بولغان تېيىز چۈشەنچىمىزنى يەنە بىر قېتىم يېڭىلايدۇ.

تەرجىمان كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە خېلىلا كۈچىگەنلىكى تەرجىمىنىڭ سۈپىتىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. نۇرغۇن مۇرەككەپ ئاتالغۇلارنى ئىمكانقەدەر نەپىس چىقىرىشقا جىق تىرىشىپتۇ. بۇ خۇسۇستا تەرجىماننىڭ سەمەرىلىك ئەمگىكىگە ئاپىرىن. كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكى يەنە بىر يېڭىلىق شۇكى، ئەسلى ئەسەردىكى ئىزاھات ئىنگلىز تىلىدا كىتابنىڭ ئاخىرىغا بېرىلگەن. بىز ھەرھالدا ئىنگلىز تىلىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. بۇ ئەسەرلەر سەرخىل كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇشتا ئاز-تولا د ى بار ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن پايدىلىق.

خانتىڭتون دىن، تارىخ، سىياسىي، جەمئىيەتشۇناسلىق، مەدەنىيەت، ھەزارەتكە ئائىت 500پارچىدەك ئەسەرنى ئېرىنمەي كۆرۈپ چىققاندەك تۇرىدۇ. بۇ -بىزدىكى تەتقىقاتچىلار ئۈچۈنمۇ كەم بولسا بولمايدىغان پەزىلەت ھەم مەجبۇرىيەت.

كىتاب ئوقۇش تەلتۆكۈس بىلىملىك بولۇشنىڭ بىردىنبىر شەرتى ئەمەس، ئەمما زۆرۈر شەرتى. كىتابلار بەك كۆپ، ئۆمۈر شۇنچىلىك قىسقا. قانداق قىلغۇلۇق؟ مېنىڭچە، سەرخىل كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇپ رېئاللىققا بەكرەك تەدبىقلاپ، ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇر ئاشقازىنىدا ياخشى ھەزىم قىلىپ، رېئاللىقنىڭ ئەلگەكلىرىدىن تەكرار ئۆتكۈزۈشنى ئادەت قىلىسىڭىز سىزدىكى بىلىم تىرىك بولغان بولىدۇ. ئەمما شۇنداق قىلالايدىغانلار قانچىلىك؟

ئەگەر بىز رومان ئوقۇغاندىكى قىزىقىش، غەيۋەت قىلىشقاندىكى ئەستايىدىللىق، كەتمەن چاپقاندىكى ئىرادىنى بىرلەشتۈرۈپ نادىر كىتابلارنى ئوقۇساق، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلساق، رېئاللىققا قايتۇرۇپ باقساق، تەپەككۇرىمىز مۇنچىۋالا دات باسقان ھالەتتە تۇرۇۋەرمىگەن بولاتتى.

ئۆزگە ۋە دۇنياغا ئوخشاشلا كۆڭۈل بۆلۈدىغان ئوقۇرمەن بۇ كىتابتىن رېئاللىقتا يولۇققان بەزى مەسىلىلەرگە چوقۇم جاۋاب تاپالايدۇ، ناۋادا سىز مۇلاھىزە بىلەن ئوقۇغان بولسىڭىز.

خانتىڭتون كىتابىدا بىر ئاقىلنىڭ مۇنۇ سۆزىنى قىستۇرۇپ ئۆتىدۇ: «بۈگۈنكى دۇنياغا قىزىقىدىغان، قىزىقىپلا قالماي ئاز-تولا رولى بولۇشنى ئىستەيدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن دۇنيا خەرىتىسىدىن بۈگۈن قانداق مەدەنىيەتلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ چېگرىسىنى، مەركىزىنى، دائىرىسىنى، كىشىلەر ئۇيەردە نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋانى، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئومۇمىي ۋە ئالاھىدە مەۋجۇدلۇق ھەم بىرلىشىش شەكىللىرىنى چۈشىنىۋېلىش ھەقىقەتەن زۆرۈر. بولمىسا ئاپەت خاراكتېرلىك چۈشەنچە خاتالىقى يۈز بېرىشى مۇمكىن» (خانتىڭتوننىڭ يوقىرىقى كىتابى، 39-بەت.) دۇرۇس، كىممۇ دۇنيادىكى ئورنىنى نۆل ئورۇندا ساقلاشنى خالىسۇن؟

باشقىلارنى چۈشىنىش ماھىيەتتە ئۆزىڭىزنى چۈشەنگەنلىك بولىدۇ.

خانتىڭتون ئاتقان بۇ تاش پېقىرنىڭ تەپەككۇر كۆلچىكىدە يوقىرىقىدەك پىكىر دولقۇنلىرىنى ھاسىل قىلدى. پۇرسەت بولغاندا بۇ تېمىلار ئۈستىدە دوستلار بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر سۆھبەتلەرنى ئېلىپ بارىمىز.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن! سىزمۇ بۇ كىتابنى ئوقۇغانسىز ياكى ئوقۇشقا تەمشىلىۋاتقانسىز! بىز تەتقىق قىلغان ئاشۇ مەسىلىلەرگە سىز ئەلۋەتتە قىزىقىسىز. شۇنداق ئىكەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ قويۇڭ. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سىزدە چوقۇم ئۆزگىچە تەسىراتلار بولدى، دەپ ئويلايمەن. بىرنېمە دەپ بولمايدۇ، بىزدە «خانتىڭتون قىزغىنلىقى»قوزغىلىپ قالامدۇ تېخى؟

خەير، بىزگە تەپەككۇر تاشقىنى، پىكرىي چوڭقۇرلۇق، بىلىم ئېلىش ۋە ھايات يولىدىكى توغرا ئەقىدە ئەبەدىي يار بولغاي.

2004-يىل 14-يانۋار، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپى بويىچە ماگىستىر ئاسپرانتى(M1)



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

## چۈچۈك مېۋىلەر

▲ بىزدىكى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ «ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى!» دېگەن خىزمەت شوئارىنىڭ ئىجراسىنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن كۆردۈم.

▲ پىلانلىق بولۇش - قابىلىيەتلىك بولۇشنىڭ يېرىمى.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، بەزى گېنېراللاردىكى ئالتۇن مېداللارنىڭ يالتىرىغىنى، كۆپىنچە ھاللاردا تالاي بىگۇناھ خەلقنىڭ قېنىنىڭ شاۋقۇنلىغىنىدۇر.

▲ كۆز يېشىنىڭ مەنىسىنى پەقەت ئۆزۈڭلا ھەقىقىي چۈشىنەلەيسەن.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، ھەر قانداق بىر ھاكىمىيەتنىڭ خەلق تەرىپىدىن ئۆزلۈكىدىن قوللاشقا ئېرىشەلىگىنى - ھاياتى، مىللىي تەرىپىدىن مۇستەبىتلەرچە مەجبۇرىي قوللاشقا ئېرىشكىنى - ماماتى، خالاس.

▲ قورال-ياراغ ئالىملىرى يېزا ئىگىلىك ئالىملىرىغا ئايلانغان بولسا، بىز كوممۇنىزمغا يەتكەن بولاتتۇق.

▲ ھەرقانداق بىر مىللەت ياشلىرىنىڭ چۈشكۈنلەشكىنى - شۇ مىللەتنىڭ زاۋالىدۇر.

**تەپەككۇر كۆزى**

▲ بىز مەتبۇئاتلىرىمىزدا ھەدېسىلا ئاياللىرىمىزنىڭ بۇزۇلۇپ، چاكىنىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن نومۇس قىلىپ قاقشاپ كېتىۋاتقان. بىراق ئۆزىمىزنىڭ ئاياللىرىنى باشقۇرالمايۋاتقانلىقىمىز ھەققىدە ئاشكارا قاقشاپ باقمىدۇق.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك مىللەت - ئۆزىنىڭ مىللىي خاسلىقىنى ساقلىيالىغان مىللەتتۇر.

▲ ھەقىقەت ھەممە نەرسىدىن كېيىن بارلىققا كېلىدۇ.

▲ دۆلەتنى قۇدرەتلىك قىلغانمۇ، ئاجىزلاتقانمۇ مائارىپ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» سەھىپىسى - تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر.

- قۇربانجان مەمتىمىن

---

ئاپتور: چىرا ناھىيە چىرا يېزا چوڭكۆل كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ كۆپلىگەن ئاياللار سەمىمىيەتنىڭ گۈل تاجىسى بولۇشنى خالىمايدۇ، ئەمما سەپسەتىنىڭ قۇربانى بوپكېتىدۇ.

▲ ئاياللار دېمەك ئەرلەرنىڭ تەن سىرتىدىكى روھىدۇر، بۇ روھنىڭ پەزىلەت ۋە دىيانەت، ئېزگۈلۈك ۋە قاباھەت ئەرلەر تاكامۇللىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ.

▲ قىز-يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە دەزكەتسە، بىر تەرەپنىڭ مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئايرىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش رولىنىلا ئوينايدۇ.

▲ ھايات ھەققىدىكى ئەڭ تەلقىنلىق تەپەككۇر سەكرات ئۈستىدىكى تەپەككۇردۇر .

▲ ھۆكۈمرانلاردىكى ئەيش-ئىشرەت ،كەيپ-ساپا بىلەن ئاددىي خەلقلەر ئارىسىدىكى ئاچ-زېرىنلىق ئۆزئارا تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە .

▲ بەزى كىشىلەرنىڭ ئىغىزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان دەبدەبىلىك ئۇلۇغ ئىبارىلەرگە قاراپلا ئۇلارغا ئىشىنىپ كەتمە .بەلكىم ئاشۇ تاتلىق تىل قەبىھ دىلىنىڭ نىقابى بولۇشىمۇ مۇمكىن .

▲ ئۆزۈڭنى ئۆزگەرتىش مۇساپەڭنىڭ تۇنجى قەدىمىنى ئۆز ۋۇجۇدۇڭدىن باشلا . چۈنكى ھەممە نەرسە ئۆز ئىچىدىن بۇزۇلغانغا ئوخشاش ، تۈزۈلۈشتىمۇ ئۆز ئىچىدىن تۈزۈلىدۇ .

▲ دۇنيادىكى بارلىق دىنلار ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىنى ئىزدەش جەريانىدىكى تۈرلۈك مەنىۋى مۇساپىلاردۇر .پەقەت نىشان بىر ،ئەمما يول ھەر خىلدۇر .

▲ بارلىق دىنلار ئىنسان تەپەككۇرىدىكى خالىق (ياراتقۇچى )بىلەن مەخلۇق (يارىتىلغۇچى )ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ مەھسۇلىدۇر .

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قەددى ئېگىلگەن ، روھى سۇنغان جەمئىيەت ھالاكەتكە يۈزلەنگەن ، كەلگۈسىنىڭ ئۇلى يىمىرىلگەن جەمئىيەتتۇر .

▲ ئوقۇتقۇچىلار خارلانغان جەمئىيەتتە بالىلار ئېگىزلىمايدۇ .

▲ بىر كۆپلىبت شېئىرغا بىرنان كەلمەيدۇ .ئەمما بىر مىسرا شېئىرغا بىر ساپ قەلب ھەتتا بىر قىز كەپىۋىلىشىمۇ مۇمكىن .

▲ زامانىۋى دۇنيانىڭ ماددىي مەنپەئەتلىرى بىلەن تويۇنغان دەۋردە ئېغىنچىلا ئىپتىدائىي ئېھتىياجىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە تىنىمسىز تىپىرلاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان خەلقتىن يەنە نېمىنى كۈتكىلى بولسۇن ؟

▲ بىر ئىزدا توختاپ قېلىش دېمەك - چېكىنىش دېمەكلىكتۇر . چۈنكى سەن بىر ئىزداتوختاپ قالغىنىڭدا دەۋر ،جەمئىيەت ۋە باشقىلار ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ .

- ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن (قاراقۇت )

ئاپتور : كىبرىيە ناھىيە ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ئادەم ئۆز كەمچىلىكى (ئاجىزلىقى )بىلەنلا پالاكەتكە يولۇقۇپ قالماستىن ، ئارتۇقچىلىقى بىلەنمۇ پالاكەتكە يولۇقىدۇ .

▲ ئۆزلۈكىڭگە قايتقىنىڭدا ئۆز-ئۆزۈڭگە «توۋا »دېگەن ئىسمىنى قويۇپ قويغۇڭ كېلىدۇ .

▲ پەرداز بويۇملىرىنىڭ كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلغىنىغا قارىغاندا ، قىز-ئاياللار بارغانسېرى سەتلىشىپ كېتىۋاتامدۇ-قانداق ؟

▲ ئۆز قىممىتىڭنى يوقاتساڭ ،باشقىلارنىڭ قىممىتى بىباھا گۆھەر بولۇپ تۇيۇلىدۇ .

▲ سەن دۇنيانىڭ قايېرىگىچە بارالىساڭ ، دۇنيانىڭ بىر چېتىنى شۇ دەپ بىل .

▲ تەقلىدچىلىك يېڭىلىق يارىتىش بىلەن نەتىجىلەنمەيدىكەن ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ مايمۇن ئويۇنىدىن پەرقى قالمايدۇ .

▲ بىراۋ سېنى بەك چوڭقۇر چۈشىنىپ كەتسە ، سەن باشقىلارنىڭ قورچىقىغا ئايلىنىپ قالىسەن .

▲ ئېتىبارسىز قالدۇرۇش بىر خىل تىنچ ئۆچ ئېلىشنىڭ ئەڭ ئاددىي ئەمما بەك ياخشى ئۇسۇلىدۇر .

▲ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىمەن دېمەك ، باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇدىغان پىكىر قىل .

▲ ئۆزۈڭنى ئىزدەپ تاپالىغىنىڭدىلا ئاندىن ئىزدىگەن باشقا نەرسىلىرىڭنى تاپالايسەن .

▲ نوي ھەشەمەتچىلىكى پەسىيىۋاتسا ،ئۆلۈم ھەشەمەتچىلىكى ئەۋجىگە چىقماقتا .

▲ ئەقىدە بولمىغان ئەلدە ئاسىيلىق ئەۋج ئالغان بولىدۇ .

▲ ئادەم ئۆمرىنى ياشلىق چېغىدا ئەتىگە ئىنتىلىپ ،ياشانغاندا تۈنۈگۈننى سېغىنىپ ئۆتكۈزىدۇ .

▲ قايسى جانىۋارنىڭ گۆشى ئىنسانىنىڭ ئاغزىغا تېتىپ قالسا ، شۇ خىل جانىۋارنىڭ نەسلى يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قېلىۋاتىدۇ .

▲ ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈشمۇ بىر خىل قاتىللىقتۇر .

▲ قولچىلىقتا كۆنۈپ قالغان ئادەمگە ئەركىنلىك بەرسەڭ ، «ئىتنى تۈرگە ئاچىقساڭمۇ يەنىلا پەگاغا چۈشۈۋالغىنىدەك »ئىش قىلىدۇ .

▲ ھاراق ئاشكارا تەشۋىق قىلىنىدىغان ،چەكلەنمەيدىغان «سۈيۈق خىروئىن »دۇر .

▲ ئۆزۈڭدىن ئاجىز مەخلۇقنى ئۆچراتقىنىڭدا ئاندىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيسەن .

▲ ۋىسالغا يېتەلمىگەن مۇھەببەت نەپرەتكە ئايلىنىدۇ .

▲ كىتابخانىدىن ھاياتلىق مۇزىكىسى ياڭرىسا ، قاۋاقخانىدىن ھالاكەت مۇزىكىسى ياڭرايدۇ .

▲ كىچىككىنە بىر تال مىخ بارلىق كۈچىنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرگەنلىكتىن ،قاتتىق تاملارنىمۇ تېشىپ كىرىپ كېتەلەيدۇ .

▲ «قوم »نى كولىساڭ ،قومغا كۆمۈلۈپ قالىسەن .

▲ باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆلۈك ھالدا دوراش ئۆز مەدەنىيىتىنى زور زىيانغا ئۇچراتسا ، باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىدۇ .

▲ تىكەن كۆپىنچە ھاللاردا خۇش پۇراقلىق گۈللەر ئارىسىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ .

▲ بەزىلەرنىڭ باشقىلارغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشى ئۆزلىرىگە يول ئېچىش ئۈچۈندۇر .

▲ ئاۋازىڭنىڭ شۇنچە زىل ، چىرايلىق چىققىنىغا دەسلەپتە ھەيران قالغانىدىم .كېيىن بىلسەم ،سەن باشقىلارغا ئېگىشمەي سۆزلەيدىكەنسەن ئەمەسمۇ .

▲ سەن ئويلىغان ئەتىگە كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەرنىڭ ھەمراھ بولۇدىغىنىنى ئۇنتۇپ قالما .

▲ تۇغۇت ئىنسانلارنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھايات-ماماتلىق كۈرەشتۇر .

▲ گۈلنى ئۆزۈشتىكى مەقسەت ئوخشاش بولمىسا ، پۇرىقىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ .

▲ روھى ئۆلگەن ئادەم خۇددى ئۆلۈك بېلىققا ئوخشاش سۇ قايەرگە ئاقسا ، شۇيەرگە ئاقىدۇ .

▲ ياشلىق ۋاقتىنى قەدىرلىمىگەن ئادەم قېرىغاندا توزغاققا ئوخشاپ قالىدىغان ئادەمدۇر .

▲ بەزى كىشىلەر ئارىسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت كۆۋرۈككە ئوخشايدۇ .بۇنداق كىشىلەر بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋېلىپلا ئۇنى بۇزۇۋېتىدۇ .

▲ ئۇسسۇمىغان ئادەمگە سۇ تەڭلىمە .

▲ ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى سەمىمىيلىك ،راستچىللىق يوقىلىپ كەتسە ، ئائىلە «تىنچ »ۋەيران بولىدۇ .

▲ ئۆلۈكلەرنى ھەددىدىن زىيادە ماختاش ، تىرىكلەرنى «ئۆلتۈرۈپ »قويۇشى مۇمكىن .

▲ شائىر - زېمىنىنىڭ يۇلتۇزىدۇر .

▲ ئامېرىكا باشقا دۆلەتلەرگە ئاۋۋال «ئىس-تۈتەكسىز» ھۇجۇم قىلىدۇ، ئاندىن «ئىس-تۈتەكلىك» ھۇجۇم قىلىدۇ.

▲ پەرزەنتى ئەر بىلەن ئايالنى بىر-بىرى بىلەن چاپلاپ تۇرۇدىغان يېلىمگە ئايلىنىپ قالغان ئائىلە بىر كۈنلەردە بۇزۇلۇپ كېتىدىغان ئائىلىدۇر.

▲قىز-يىگىتلەر ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ روھىي ئىپپىتىنى بۇزىدۇ، ئاندىن جىسمانىي ئىپپىتىنى ساتىدۇ.

▲ ھازىر ياشاي دېسەڭلا ياشىماق ئوڭاي بولغان، لېكىن ئادەمدەك ياشاش تولىمۇ قىيىن بولۇۋاتقان دەۋردۇر.

▲ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ قېلىپلىشىپ، مېخانىك پائالىيەتكە ئايلىنىپ قېلىشى مەكتەپنىڭ زاپچاس ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتقا ئايلانغانلىقىدۇر.

▲ ئارقىدا قالغانلار ئالدىدا ماڭغانلارنىڭ «ئەخلەت»لىرىنى تۈتىيا بىلىپ ياشايدۇ.

- ئابلىكىم روزى

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە چولپان يېزا باغئېرىق كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲بىزدىكى ئەڭ زور ئاجىزلىق - ئۆزىمىز قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ھەرقانداق ئىشقا ئۆزىمىزنى رازى قىلالمىغۇدەك كۈچلۈك باھانە - سەۋەب تېپىپ چىقىپ، ئاجىزلىقلىرىمىزنى يېپىشقا ئۇرۇنۇشتۇر.

▲ ئاتېئىزمچىلارنىڭ تەلىماتىدىن قارىغاندا، ھايۋاننىڭ ئادەمگە ئۆزگىرىشى ئۈچۈن نەچچە يۈز مىڭ، ھەتتا نەچچە مىليون يىللاپ ۋاقىت كەتكەنىدى؛ ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئەتراپىمىزغا زەن سېلىپ قارىساق، ئادەمنىڭ ئەسلىگە قايتىشى ئۈچۈن بىر نەچچە مىنۇت ۋاقىتنىڭ كۇپايە بولۇدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىمىز.

▲ بىز دەرھال ماددىي مەنپەئەت يەتكۈزمىگەن ھەرقانداق ئۇلۇغ ئىش - ھەرىكەتلەرگە سوغۇق نەزەر بىلەن قارايدىغان بوپقالدۇق ۋە ئۆزىمىز قىلالمىغان ئۇلۇغ ئىشلىرىمىزنى، غايىلىرىمىزنى ھامان ئۆزىمىزدىن كېيىنكىلەرگە مىراس قالدۇرۇپ قويدۇق. شۇڭا تاھازىرغىچە تايىنىپ ياشاشنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدۇق.

▲ دەۋرنىڭ كۆزى بولغان ئالىملىرىمىزغا، يازغۇچى - شائىرلىرىمىزغا ھەمدە ئېسىل پەزىلەتلىك ياخشى كىشىلەرگە ھەسەت قىلىدىغانلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ يېڭى بىر پاجىئەنى كۈتۈۋېلىشىدىن ئالدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ بىزنىڭ تەقدىرىمىز تەكلىماكاننىڭ دۈۋە-دۈۋە قۇملىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن. ئاشۇ قۇملۇق قانداق قىسمەتكە دۇچار بولسا، بىزمۇ ئۇنىڭ سىرتىدا قالمايمىز. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ پاجىئەسى ھامان ئۆز نۆۋىتىدە بىزنىڭ پاجىئەيىمىز بوپقالىدۇ.

▲ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنى مەركەز قىلغان زىيالىيلار، ئىسلام دىنىنى مەركەز قىلغان دىنىي زاتلار، يېزا ئىگىلىك ساھەسىنى مەركەز قىلغان دېھقانلار، قول-ھۈنەرۋەنلەر بىرلىكتە غايەت زور ئۈچ پۇتلۇق داڭقان بولۇپ تۇرماقتا. بىراق بۇلارنىڭ ھاياتلىق، تۇرمۇش، دۇنيا قاراش، رېئاللىق توغرىسىدىكى ئىدىيە-كۆز قاراشلىرى بىر نۇقتىدا بولمىغان داڭقان پۇتى، ئۇچراشماس ئۈچ تۈز سىزىقنى شەكىللەندۈرگەچكە، بۈگۈنكى ئىناقسىزلىقلارنى شەكىللەندۈرۈپ تەرەققىيات پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماقتا ۋە مىللەت گەۋدىسىنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسلىق ئامىل بولماقتا.

▲ ئادەم بەدىنىدە، كۆز- بىرسى تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى، بىرسى تارىختا كۆز يۇمغۇچىدۇر. قول - بىرسى تارىخنى يارىتىدۇ، يەنە بىرسى تارىخنى يالغان خاتىرىلەيدۇ. قۇلاق - بىرسى ھەقىقەتكە، بىرسى سەپسەتىگە تولۇپ تۇرىدۇ. پۇتنىڭ بىرسى قەھرىمانلىق ئۈچۈن ئىلگىرىلىسە، بىرسى خائىنلىق ئۈچۈن چېكىنىدۇ. مېڭە بولسا غايەت زور جەڭگاھ. ئۇيەردە ھامان ياخشىلىق بىلەن رەزىللىك، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك، قەھرىمانلىق بىلەن خائىنلىق، ياۋۇزلۇق بىلەن رەھىمدىللىق، باتۇرلۇق بىلەن قورقۇنچاقلىق، ئېتىقاد بىلەن ئېتىقادسىزلىق، ئىشەنچ بىلەن گۇمان، ۋاپا بىلەن ۋاپاسىزلىق قاتارلىق ئىنسان تەبىئىتىدىكى قارىمۇ قارشى ئىككى تەرەپ ھەردائىم گىرەلەشمە جەڭ قىلىدۇ. قايسىسى غالىب كەلسە، تەننى شۇ تەرەپ ئۆز يۆنىلىشى بويىچە ھەرىكەت قىلدۇرىدۇ. ھەتتا تەن مۇشۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئۈچۈن ئۈن-تىنسىز قۇربانلىق بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

▲ ھازىر ئىلغار بولغان قاتناش ۋە ئالاقە قوراللىرى بارلىققا كېلىپ، ئادەملەرنىڭ بېرىش-كېلىش ۋە ئالاقىسىگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئادەملەرنىڭ ئارىلىقى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە يىراقلىشىپ بارماقتا.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ ئەشەددىي - ياۋۇز، قانخور مەخلۇقمۇ، ھەم ئەڭ رەھىمدىل - ۋاپادار مەخلۇقمۇ يەنىلا ئادەم. ئادەم دەل مانا مۇشۇ ئىككى ياقىلىملىق خۇسۇسىيەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەچكە، تاموشۇ كەمگىچە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ غالىبى بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتىدۇ.

- ھەمدۇللا ھۆردىللا

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## خىلۋەتتىكى ئۆكسۈشلەر

▲ قارشىلىق قىلىدىغانلار بولمىغان بولسا، تارىخ بۈگۈنكىدەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلمىگەن بولاتتى.

▲كۈچلۈكلەردىن بولاي دېسەڭ ئۆزۈڭنى ھەرگىز ئاجىز ھېسابلىما.

▲ يول قويۇشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى يەرگە ئۇرغان بىلەن باراۋەر.

▲ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنى قۇربان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

▲ بىزنى نۇرغۇن نەرسىلەردىن قورقۇشقا مەجبۇر قىلىۋاتقىنى دەل موھتاجلىقتۇر.

▲سېنى چۈشەنمەيدىغانلارغا ھال ئېيتساڭ دەردىڭ يەنە بىر ھەسسە ئېغىرلىشىدۇ.

▲ ئىشنىڭ يامان تەرىپىنىلا ئويلاش ئادەمنى تېخىمۇ بەك ۋەھىمە ھەم قورقۇنچقا سالىدۇ.

▲ بىلمەيدىغانلىرىڭ قانچە ئاز بولسا، ھەيران قالىدىغانلىرىڭمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

- ئەركىن ئابدۇكېرىم

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە شىكۈەن چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدا

## خەير-خوش يىگىرمە يېشىم

▲ ئېنىقكى، تۈنۈگۈنكى مەن بۈگۈنكى مەن ئەمەس، ۋەيەنە ئەتىكى مەن بۈگۈنكى مەن ئەمەس.

▲ۋاقىت سەن مەۋجۇد بولغان ھەربىر دەقىقە ئەمەس، سەن ھېس قىلالىغان ھەربىر دەقىقە.

▲دوست مەۋجۇد بولمىغان پاسىل ئەمەس، ئۇ ئېنىق چېگرا

ئايرىغان ئىككى كىشى.

▲ رەھمەتنىڭ كەينىگە ئۇندەش بەلگىسى ئەمەس، سوئال بەلگىسىنى قويساق خاتالىقىمىز ئازىيىشى مۇمكىن.

▲ سادا كۆي ئەمەس، جاۋاب.

▲ خوتۇن مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ پاسىلى بۇزۇلغاندىن كېيىنكى پىشقان «مېۋە».

▲ ياش ئۆمۈرگە سېلىنغان دەسمايە بولماستىن، ھەربىر دەقىقىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش قوڭغۇرىقى.

▲ پەسىل ئىنسانلار ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان بۆشۈك بولماستىن، تەڭرىنىڭ ئۈچۈق دەرسى.

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ ئېزىش بىرخىل تەبىئىيلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش مۇمكىن بولمىغىنىدا، قەسەمگە ئىشەنمەي ئامالىمىز يوق.

▲ مەغلۇبىيەت سەندە يوق نەرسىلەرنىڭ پاكىتى.

▲ ئادەملەر ئادەملەرنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان دەۋر ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتتى. ھازىر ئادەملەرنى پەقەت رەھىمسىز رېئاللىقلا يېتەكلەپ مېڭىۋاتىدۇ.

▲ يۇشايمىنىنى يىغا، ئاھۇ-زارلار بىلەن ئالدايدىغان كىشىلەر ناھايىتى تېز ۋە كۆپ خاتالىشىدۇ.

▲ بىر ئىش قىلساڭ ساڭا بىر ئىش چىقىدۇ.

▲ ئەجدادلارغا بېرىلگەن باھا ھەددىدىن زىيادە ئارتۇق بوپقالغىنىدا، ئەۋلادلار مەڭگۈ ئەجدادىغا يېتىشەلمەيدۇ.

▲ ئۆزىمىزگە سىرىمىز قوشۇلسا ھەقىقىي قىياپىتىمىز ئاشكارىلىنىدۇ. سىرلىرىڭنى باشقىلارغا ئېيتىش دېمەك، تەقدىرىڭنى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇڭ دېمەك.

▲ تەنھالىق ئاھالىسى ۋە ئەسكىرى يوق پادىشاھلىق.

▲ ئەخلاقسىزلىق ئۆلۈم خەزىنىسىنىڭ ھەقىقىي ئاچقۇچى.

▲ بىز ئىبرەت ئالىدىغان ئىشلار ئادەملەر ئارىسىدا، ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر ھايۋانلار ئارىسىدا كۆپ.

▲ نامراتلىق مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆتۈلگەن جانلىق دەرس.

**- ئابدۇرېھىم قادىر**

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ئويغاق ئەقىدىلەر

▲ ئىلغار ۋە مەردانە مەتبۇئات تەڭرىتاغ ئانىنىڭ ۋاپادار ۋە پىداكار پەرزەنتى!

▲ خەلقنى مۇئەييەن ھۆكۈمەت ياكى دۆلەت ئىدارە قىلىدۇ. دۆلەتنى بولسا دۇنيا ئىدارە قىلىدۇ. دۇنيانى ئەڭ ئاخىرىدا ياراتقۇچى ئىدارە قىلىدۇ.

▲ «يىغلاڭغۇ شېئىرىيەت» كە سەھنە بەرگەن مەتبۇئات گاس ۋە كوردۇر.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، ئاق كۆڭۈل خەلق ئادالەتسىز دۇنيا ۋە تەقدىرنىڭ قۇربانلىرىدۇر.

▲ ئاتا ئۆز پەرزەنتلىرىنى ساغلام، يارامىلىق قىلىپ قاتارغا قوشقۇچى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارغا نىسبەتەن تارىخ ۋە دۇنيادىن توغرا ۋە مۇكەممەل خۇلاسە چىقىرىپ، ئەقىل ۋە ھېكمەت ئاتا قىلغۇچى يېتۈك دانىشمەن بولۇشى زۆرۈر. ئاتا بولغۇچى شۇ چاغدىلا ئائىلە ۋە پەرزەنتلەر ئالدىدىلا ئەمەس، بەلكى تارىخ ۋە دەۋر ئالدىدىمۇ لاياقەتلىك ئاتا بولغان بولىدۇ.

▲ قىممىتىنى يوقاتقان كېچىكىپ ئويغىنىشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوقتۇر. بۇ خۇددى كەلكۈن كېلىپ، يۇرتنى ۋەيران قىلىپ بولغاندىن كېيىن كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە جار سالغان بىلەن ئوخشاش بىمەنە ھەرىكەتتۇر.

▲ سەۋەنلىكىڭنى تونۇۋېلىپ قەلبىڭدىكى غۇرۇر ۋە ھاياجاننى دەپسەندە قىلىش بەتنىيەتنىڭ ئىشىدۇر.

▲ ئوسال ئادەملەرگە مەسىلىلەرنى چوڭقۇرلاپ شەرھلەشنىڭ ھاجىتى يوق. سەن مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى قانچىكى چۈشەندۈرگەنسېرى ئۇنىڭ نەزەرىدە ئەيىب ۋە گۇناھلىرىڭ شۇنچە كۆپىيىدۇ.

▲ دۈشمەن شېرىك - گۇيپاڭچىلىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىمتىياز ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى كۆز-كۆز قىلىپ ساڭا ھەيۋە قىلىدۇ.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، ئىنساننىڭ تارىخ ۋە دۇنيانى چۈشىنىشى قانچىلىك يۈزە ۋە تېيىز بولسا، ئۇنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىش جەريانىمۇ شۇنچە ئۇزاققا سوزۇلىدۇ.

▲ دانالار ۋە مەردلەر ھوقۇقسىز، نادان-بىساپالار ھوقۇقدار. مانا بۇ ئادالەت، ئەخلاق، قانۇن تەكىتلىنىۋاتقان جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك ۋە تەتۈرلۈك.

▲ مەتبۇئات مەردانە ۋە دېموكراتىك ئاڭغا ئىگە بولسا، يازغۇچىلار يوخادىن چىقىدۇ.

▲ ئاجىز-قورقۇنچاقلار داۋاملىق بىر توپ بولۇۋېلىپ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى نامايان قىلماقچى بولۇشىدۇ. قەيسەر ۋە پىداكار ئادەملەر بولسا ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ھېچكىمگە يېقىنمىسىغان ھالدا خاس ۋە مۇستەقىل نامايان قىلىدۇ.

▲ ئىنسانشۇناسلىق ھەققىدىكى خاس تەتقىقاتلار كەڭ قانات يايمىغان ۋە بۇھەقتىكى چۈشەنچە - تەلىماتلار ئاشكارا ئەتۋىق قىلىنمىغان جەمئىيەتتە، سۆز قىلالايدىغان، شەكلى - تۇرقى ئىنسانغا ئوخشاش مەخلۇقلار ئادەم دەپ قارىلىدۇ.

▲ مەتبۇئات ئۆزىنىڭ تەشۋىقات مۇددىئاسىغا ئاساسەن ئاپتور تاللىغاندەك، ئاپتورمۇ ئۆزىنىڭ بەدىئىي غايىسى ۋە ئىدىيىۋى خاراكتېرىگە ئاساسەن مەتبۇئات تاللايدۇ. ئاپتور دەل مانا مۇشۇ نۇقتىدا ئۆزىنىڭ تەپەككۇر قۇدرىتى ۋە بەدىئىي تالانتىنى نامايان قىلىدۇ.

▲ پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىلارنىڭ روھىدىكى ناچار پىسخىك ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىپ «ئىرسىيەت ۋە مىجەزگە ۋارىسلىق قىلىشى» جەمئىيەتتە يۈزبەرگۈسى يېڭى پاجىئەلەرنىڭ بىر خىل مەنبەسىدۇر.

▲ كۆپىنچە نومۇسسىزلىق بىلەن قەھرىمانلىق، رەزىللىك بىلەن سەممىيلىك ئارىلىشىپ كەتكەن ھالدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. دۈشمەندىكى بۇ ئىللەتنى پەرق ئېتىش ئاسان. ئەمما دوستۇڭدىكى بۇ ئىللەتنى پەرق ئېتىش ئىنتايىن ئازابلىقتۇر.

▲ گويا زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرغانغا ئوخشاش، يۈزسىزلەرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى يەنىلا يۈزسىزلىكتۇر.

▲ جاھىللىقتىن مەقسەت نېمە؟ ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ۋە باشقىلارنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا مەجبۇرلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ دېھقان ئاپتورلارنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى تەپەككۇر ئېتىقادىرىغا قاراپ، ئۆزۈمنىڭ «زىيالىي» دېگەن ئاتاقنى ئېلىپ كېرىلىپ يۈرگىنىمدىن يۈزۈم قىزارماقتا.

▲ گاھىدا مەلۇم ئادەم ۋە ھادىسىلەردىن قوبۇل قىلغان تەسىراتىڭ دۇنيا ۋە تەقدىر ھەققىدە مۇپەسسەل چۈشەنچىگە كېلىشىڭگە ئاساس بوپقالىدۇ.

▲ ياخشى ئادەملەردىن دۇنيانى ئىللىق ھېس قىلساڭ، رەزىل ئادەملەردىن سوغۇق ھېس قىلىسەن.

▲ ئۆزۈڭگە سىنچىلاپ قارىساڭ، تالاي كۆزلەرنىڭ سەن تامان تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىسەن.

▲ پۇرسەتنىڭ قولدىن كېتىشى تارىخ ۋە تەقدىرنىڭ قولدىن كېتىشى بىلەن باراۋەر .

▲ ئېغىر-بېسىقلىق ۋە تەمكىنلىك ئەرلەرنىڭ شۆھرىتى ۋە بايلىقىدۇر .

▲ «قىز-ئاياللار»دىن ئىبارەت ئەڭ شېرىن ،گۈزەل ،سېھىرلىك ، تىلسىم داۋاندىن ھالقىپ ئۆتەلىگەن ئەرلەرلا ھەقىقىي ئەزىمەت ،دانا ۋە قەھرىماندۇر .

▲ ئاياللارغا بولغان ئىدىيە ۋە كۆز قاراش ئۆزگەرسە ،ھايات ۋە دۇنياغا بولغان ھېسسىياتمۇ ئۆزگىرىدۇ .چۈنكى ھايات بىلەن ئايالنىڭ مەنىسى ئوخشاشتۇر .

▲زامان ۋە ئەخلاقنىڭ ئۆزگەرگەن ۋە بۇزۇلغانلىقىنى ئاياللار ئارقىلىق ئەڭ چوڭقۇر ۋە ئەڭ توغرا ھېس قىلالايسەن .

- زەپەر ئابدۇلھەي

---

ئاپتور :ئىلىقا ناھىيە سۇ ئىدارىسى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئىچىملىك سۇ بىلەن تەمىنلەش - باشقۇرۇش باش پونكىتىنىڭ خادىمى

## تۈن تىۋىشلىرى

▲ ئات مىنىشتىن ئاۋۋال تىزگىن تۇتۇشنى ئۆگەن .

▲ بېشىڭنى سىلىغانلارنىڭ ھەممىسى ماشايىخىڭ بولۇشى ناتايىن .

▲ ئالدىراڭغۇلۇق - خاتالىقنىڭ تۇغقان ئانىسى .

▲ ئادەم ئۆمرىدە ئۆزى يوقاتقان نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ كۆپ بەدەل تۆلەيدۇ .

▲ئاتا-ئانىدىن ئالالمىغان تەربىيىنى ھېچقانداق بىر كىشىدىن سېتىپمۇ ئالالمايسەن .

▲ ئاياللارنىڭ ھوقۇقى كۆچەيگەنسېرى ،مەجبۇرىيىتى ئەرلەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ .

▲ ئوغلۇڭدىن ۋاپا تىلىگۈچە ، ئاتا-ئاناڭغا ساداقىتىڭنى كۆرسەت .

▲ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا مۇھەببەت تراگېدىيىسى ئاشىق-مەشۇقلار. نىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلاشسا ، ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە قىز-يىگىتلەرنىڭ ئۆزلىرى كۆزلىگەن نەرسىلەرگە ئېرىشىپ بولۇشى بىلەن ئاخىرلىشىۋاتىدۇ .

▲ باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە قىلىنغان ھاقارەت ئەڭ چوڭ ھاقارەتتۇر .

▲ ئادەم بىر خىل نەرسىگە ئېرىشىش بىلەن يەنە بىر خىل نەرسىنى يوقىتىدۇ .

▲ ئاجىزلارنىڭ ھەقىقىي تارىخى بولۇپ باققان ئەمەس .بار دېيىلسە ، بوگۈنگىچە قورۇمايۋاتقان ئاچچىق كۆز يېشى .

▲ يول راۋانلاشقانسېرى مەنزىل يىراقلىشىدۇ .

▲باشقىلارغا ئەگىشىپ ماڭىدىغانلار بىر بولسا پۇرسەتپەرەس ،بىر بولسا نادان .

▲ بۈرۈن ئىمتىھان ئارقىلىق شۇ كىشىنىڭ قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى سىنالسا ،ھازىر ئۇنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئاز-كۆپلىكى ، مۇناسىۋەت دائىرىسىنىڭ كەڭ ۋە تارلىقى سىنىلىدۇ .

▲ ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان ئادەم بىر بولسا تۈزۈلىدۇ ،بىر بولسا بۇزۇلىدۇ .

▲ بىزنىڭ بۇيەردە ئۇزۇن مۇددەت جان بېقىشنى ئويلىساڭ ، يەكچەشمىنىڭ شەھرىدە بىر مەھەل تۇرۇپ كەل .

▲شۈكۈر قىلىشنى ئۆگەنمىگەن ئادەم «تۇۋا»قىلىشنى ئۆگىنىدۇ .

▲ئاۋۋال ئاتا-ئاناڭ ساڭا «ئېمىزگە»سالىدۇ ،ئاندىن كېيىن سەن ئاتا-ئاناڭغا ئېمىزگە سالىسەن .

▲ باشقىلاردىن ياخشىلىق كۈتۈش ،شۇ كىشىگە سېتىلغىنىڭ بىلەن باراۋەر .

▲ قەرزدىن قورقمايدىغان كىشى ئەڭ ئىشەنچسىز كىشىدۇر .

▲ دانالار ھەرىكىتى ئارقىلىق ، ساختىپەزلەر سۆزى ئارقىلىق باشقىلارغا نەسىھەت قىلىدۇ .

▲ دۈشمىنىڭنى كۆپەيتەي دېسەڭ ،شېرىكلىشىپ تىجارەت قىل .

▲ ئالدىڭدا خۇشامەت كۈلكىسى ياغدۇرۇۋاتقان ئادەم ،دەل سېنىڭ گۆرۈڭنى قېزىۋاتقان ئادەمدۇر .

▲ ئاياللار جەمئىيەتكە يېقىنلاشقانسېرى ئۆزىدىن يىراقلىشىدۇ .

▲ ئۆزۈڭنى ئايالىڭنىڭ چۈشىنىشىگە پۇرسەت بەرمە ،بولمىسا ئورنۇڭ ئالمىشىدۇ .

▲ جەمئىيەتنى چۈشىنەي دېسەڭ ، ئاياللارغا دىققەت قىل .

▲ مۇنداق ئىككى خىل ئادەم ئاسان خاتالىشىدۇ : بىرى ، ئۆزىگە بەكلا ئىشەنگەن ئادەم ؛ يەنە بىرى ، باشقىلارغا بەكلا ئىشەنگەن ئادەم .

▲ ئالدانغانلىقىڭنى سەزگەنلىكىڭنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئەقىل تاپقان بىلەن باراۋەر .

▲ ئادەم ئۆزى خارلىغان نەرسە تەرىپىدىن مەغلۇب بولىدۇ .

▲ چىرىكلەشكەن ئەلدە بىر قەۋمنىڭ بارلىق قايغۇ-ئەلەملىرى قەلەم ساھىبلىرىغا يۈكلىنىدۇ .

- قاسىمجان ئەمەت

---

ئاپتور :ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ھايات ئىنسان بىلەن ۋاقىت ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق تېپىشماق .

▲ بوۋاقلار ۋە باللار زېمىندىكى پەرىشتىلەردۇر .

▲ پۇلنى جەلپ قىلىپ تۇرۇدىغان نەرسە كۆپ بولغىنىدەك ، ۋاقىتنى دەم تارتىپ تۇرۇدىغان نەرسىلەرمۇ كۆپ .

▲ ئۆز ۋاقتىغا ئىگە بولالىغان ئادەم - بەختلىكتۇر . ئۆزۋاقتىنى ئۇنۇملۇك خەجلىيەلىگەن ئادەم - ئاقىلدۇر .

▲ روھ - ئىنساننىڭ پادىشاھلىقى .ئەگەر سىز ئۇنىڭغا ئىگە بولالىسىڭىز ھەر قانداق كۈچلۈك دۈشمەنمۇ ئۇنى بويسۇندۇرالمايدۇ .

▲ دۇنيادىكى ئەڭ پەسكەش ئادەم سېسىق تىل ئىگىلىرىدۇر .

▲ سوئاللار ئىچىدە «نېمە ئۈچۈن؟»نىڭ رولى مىسلىسىزدۇر .

- يۈسۈپجان سەمەت

---

ئاپتور :ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزايۇقىرى ئىشتارچى كەنت ئۇزۇن كوچا مەھەللىسىدە ،دېھقان

## پىكىر ئۇچقۇنلىرى

▲بەزىدە كىچىككىنە تەلەپتىن ۋاز كېچىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىقنى ئېرىشكىلى بولىدۇ .

▲ ئىنسانىيەتنىڭ نۇرغۇن ئازابلىرىنى كۆپ ھاللاردا «ئەگەر» دېگەن سۆز كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

▲ئۆزى ئۈچۈن مۇتلەق مۇھىم بولغان نەرسىنى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ قۇربان قىلىشقا بولمايدۇ .

▲ كىشىلەر قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى زورلاپ قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇن ئازابنى ئۆزىگە يۈكلىۋالىدۇ .

▲ھەرىكەت داۋاملىشىپ ئادەتكە ئايلىنىدۇ ، ئادەت داۋاملىشىپ خاراكتېرنى شەكىللەندۈرىدۇ ،خاراكتېر بولسا تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ .

▲ گاھىدا بىر ئايالنىڭ كەسپىي جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ بارلىق شەرتلىرىنى تولۇق ھازىرلاپ تۇرۇپمۇ ھېچقانداق نەتىجە قازىنالماسلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى - ئۇنىڭ بىر بەختلىك ئائىلىسىنىڭ بولغانلىقىدىندۇر.

▲ بىز نېمە ئۈچۈن بوۋاقلارنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىمىز؟ بۇنىڭدىكى بىر سەۋەب شۇكى، ھېچقايسىمىز بوۋاقنىڭ بىزنى ئالداپ قويۇشىدىن ئەنسىرىمەيمىز.

- ئابلىز ئوسمان يەركەندىي

ئاپتور: يەكەن ناھىيە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇر كۆلەڭگۈسى

▲ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن قىلىنغان گەپ - يوشۇرۇن ئېتىلغان ئوق.

▲ قىرىلارنىڭ پەند-نەسىھەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى قارا-قويۇق قوبۇل قىلىشۋالغان ياشلار بىرخىل قانائەتچان قىرى مىجەزنى شەكىللەندۈرۈۋالىدۇ.

▲ ھەرقانداق بىر يېڭىلىق (راست گەپنى ئېيتقاندا بىر مەدەنىيەت) ئاكتىپ ھالەتتە مەيدانغا كەلسە، ئىستېمالچىلىرى ئۇنى پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

▲ ھەرقانداق تاۋار ئىستېمال سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتسە، ئىككى خىل ھادىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ: بىرى، ئىستېمالچىلار ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن ۋاز كېچىپ (ئىشلەتمەيدۇ). يەنە بىرى، جەمئىيەتتە شۇ خىل تاۋارنىڭ سۈپەت ۋە قىممەت جەھەتتىن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان باشقا تۈرلىرى پەيدا بولىدۇ.

▲ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ بىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغىنى - ئۇنىڭدىكى مەزمۇن ياكى كۆرۈنۈش ئەمەس، بەلكى بىز ئەڭ قىزىقىدىغان ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان پېرسوناژنىڭ يەنە بىر فىلىمدە پەيدا بولۇشى.

▲ خوراز كېرىلىپ - مەغرۇر يۈرگەنسېرى ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىدىغان مېكيانلار شۇنچە كۆپىيىدۇ.

▲ شېئىر - قەلبنىڭ تەرجىمانى، ھېسسىياتنىڭ تەرجىمىسىدۇر.

▲ سەۋرچان كىشىلەر تارىختىن بۇيان ئۆز قولىدىكى نان (بەخت-ئامەت)نى باشقىلارغا يوشۇرۇن ھەدىيە قىلغان كىشىلەردۇر.

▲ گۈزەللىك قانچىكى ئاشكارىلانسا، ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان رەزىللىك شۇنچە قەبىھلىشىدۇ.

▲ مەنىۋى گاسلىق كۆچەيسە تەپەككۇر تىلىنىڭ زۇۋانى ئۆچىدۇ.

▲ ئاياللارنىڭ پاكلىقى ئېھتىيات بىلەن ساقلىنىۋاتقان بومبىغا ئوخشايدۇ.

▲ ئىپپەت پەردىسى - جەننەت ياكى دوزاخنىڭ پەردىسى.

▲ تەھدىت - قورقۇنچتىن، تەلەپ-تەسلىمچىلىكتىن ئىبارەت.

▲ بىزنىڭ ئەرلىرىمىز سۇيى يوق دەرياغا، ئاياللىرىمىز ئوتى يوق تونۇرغا ئوخشاپ قالدى.

▲ مۇھەببەتنىڭ ئۇرۇقلىرى كۆزلەرگە چېچىلىپ يۈرەكلەردە كۆكلەيدۇ.

▲ ئاتا-ئانا - پەرزەنتلەر ئۈچۈن تىكلەنگەن شوتا.

- مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر

▲ ياشلىق - ھاياتلىقنىڭ ئۈلى، ئەگەر مەنىمىز ئۆتسە ھاياتلىقنىڭ كۆلىدۇر.

▲ ئانىلىرىمىز توي-تۆكۈن قائىدىلىرىنى يېڭىلاش ئۈچۈن سەرپ قىلغان ۋاقتىنى بالا (پەرزەنت) تەربىيىلەشكە سەرپ قىلغان بولسىدى، بالىلىرىمىز ئالدىدا نويېلمۇ تەمتىرەپ قالغان بولاتتى.

▲ سۇمۇ باشتىن سۈزۈك بولغىنى بىلەن، ئاياغ تەرەپكە لېيىپ كېلىدۇ. سىياسەتمۇ دەل ئاشۇ سۇنىڭ لېيىشىدىكى قائىدىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن.

▲ بىز خاتالىقنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ، سەۋەبىنى ئۆزىمىزدىن ئىزدىمەستىن بەلكى شەيتانغا يۈكلىدۇق. شۇڭا تەكرار-تەكرار خاتالىق ئۆتكۈزۈپ كەلدۇق.

▲ ئاياللار قولىغا رۇمكا ئالغان كۈن باللارنىڭ ئوغرى-قاراقچى بولۇپ يېتىشىپ، مىللەتنى ئۇنتۇغان كۈنىدۇر.

▲ مۇھەببەت تەنھا يۈرەكلەردە بىخلىنىپ، قوش يۈرەكلەردە ئېچىلماي تۇزۇپ كېتىدىغان ئۆمرى قىسقا گۈل.

▲ تېلېۋىزوردا «قانۇن ۋە پۇقرا» پروگراممىسى يۈرەككە داۋا پروگرامما. ئەمما نېمىشقىدۇر «قانۇن ۋە ئەمەلدار» دەپ پروگرامما يولغا قويۇلمايدىغاندۇ؟

▲ «سۆزلىگۈچىدە خاتالىق يوق، گەپ ئاڭلىغۇچىدا» دېگەن سۆزگە ئىشەنمەيمەن. ئەگەر ياش غۇنچىلارغا بىلىم بەرگۈچى روھ ئىنژېنېرى بولغان مۇئەللىم خاتا سۆزلەپ دەرس ئۆتسە، ياش غۇنچىلار بۇنى قانداقمۇ تۈزىتىپ ئاڭلىيالىسۇن؟

▲ سەن پۇرسەتنى كۈتمە، پۇرسەت يارات، شۇچاغ سېنىڭ قەددىڭ تىكلىنىدۇ.

▲ ساختىلىقنى كۆرۈپ تۇرۇپ پاش قىلماسلىق ساختىلىق قىلغانغا باراۋەر.

▲ جەمئىيەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلغاندا ئەخلاق چاكىنىلاشتى، جەمئىيەتنى ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلغاندا قانۇن يېتىم قالامدىكىن، دەيمەن.

▲ بىز بالىلارنىڭ قولىدىكى لايىنى سورتۇپ ئۇلارغا جۇغراپىيە ئۆتتۇق، قولىدىكى كىچىك چاقپەلەكلەرنى بۇزۇپ ئۇلارغا فىزىكا ئۆگەتتۇق.

- ھاشىمجان رەھمەت

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## ھايات ھەقىقەتلىرى

▲ مۇھەببەت ھەرقانداق جايدا مەۋجۇد، ئۇ پەقەت سېنىڭ قايسى ۋاقىتتا بايقىشىڭغا باغلىق.

▲ بىر ئادەمنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشى ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەجرىدىنلا بولۇپ قالماستىن، يەنە باشقىلارنىڭ ئۇنى قوللىشىدا.

▲ بىر ئادەمگە قىزىقىش ئۇنىڭ ئاشكارا بولغان تەرەپلىرىدە ئەمەس، بەلكى ئاشكارىلانمىغان تەرەپلىرىدە.

▲ ئەسلى كۆرۈدىغىنى كۆز ئەمەس، كۆڭۈل.

▲ ئادەم بەختلىك تۇرۇپ بەختنى ھېس قىلالمايدۇ، پەقەت بەختى قولدىن كەتكەندىلا ئاندىن ھەسرەت چېكىشكە باشلايدۇ.

▲ بۈگۈننى قەدىرلەش ئەتە ئۈچۈن سېلىنغان ئۇلدۇر.

▲ دېھقاننى باي بولسۇن دەيمىز، ئەمما بىرنى بېرىپ ئونىنى ئېلىشقا تەييارمىز!

▲ بالىلارنى يالغۇزلۇققا تاشلىغىنىمىز، ھالاكەتكە تاشلىغىنىمىزدۇر.

▲ ئەگەر سەن ھەقىقىي مېھىر-مۇھەببەتكە ئېرىشەي دېسەڭ، ھەقىقىي مېھىر-مۇھەببەتنى باشقىلارغا ئاتا قىلىشقا تەييارلان.

▲ باشقىلارنىڭ تىنچسىزلىقىنى ئاڭلىغان ۋاقتىڭ، دەل سېنىڭ

تىنچ تۇرغان ۋاقتىدۇر .

▲ بالاڭ ئۈچۈن تەر تۆكۈشۈڭ ئانىلىق بۇرچۇڭ ، خەلقىڭ ئۈچۈن تەر تۆكۈشۈڭ ئالىملىق بۇرچۇڭ .

▲ ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ياشاشنى بىلگەندىلا ، ئاندىن خەلقى ئۈچۈن ياشىيالايدۇ .

ـ ئايزىمگۈل ئەيسا

ئاپتور :يەكەن ناھىيە ئازادباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ موقۇق پۇلغا سېتىلغان دەۋردە قىزلارنىڭ نومۇسىنى سېتىشى يىرگىنچلىك ئەمەستۇر . ئالدىنقىسى ھاكىمىيەتنى گۇمران قىلسا ، كېيىنكىسى ئىنسانلارنى زەئىپلەشتۈرىدۇ .

▲ ئالىملارنى نادانلارنىڭ باشقۇرۇشى ، ئىختىساسلىقلارنى پۇلپەرەسلەرنىڭ باشقۇرۇشى ،ئاقىللار ئۈستىدىن پەسكەشلەرنىڭ نازارەت قىلىشى يېتىپ كېلىش ئالدىدىكى زاۋاللىقنىڭ ئالامىتىدۇر .

▲ يارىشىملىق مىللىي كىيىملەرنى «كونىلىق» ـ «دىنىي تۈس ئالغان »دەپ تەنقىد قىلىۋېدۇق ،يېرىم يالىڭاچ «ئادىمىي مايمۇن»لار كۆپەيدى .

▲قورساق ئاچ ، كىيىم يىلىڭ ۋاقىتلاردا قىزلىرىمىزنى پۈتۈن كىيىندۈرەتتۇق .قورساق توق ،كىيىم پۈتۈن بولۇۋېدى ،قىزلىرىمىزنى يالىڭاچ قويدۇق .

ـ توختى ناسىر

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە كەسپىي ـ تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر دۇردانىلىرى

▲ئاتىلار ئاتىلىق بۇرچىنى ،ئانىلار ئانىلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماي تۇرۇپ بالىلىرىدىن مېھىر ـ ۋاپا تىلەش خۇددى «قولاقنى ئېتىۋېلىپ قوڭغۇراق ئوغرىلىغان»دەكلا بىر ئىش .

▲ تارىختىن بىرى پادىشاھلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنى خەلققە تەڭرىقۇت يەنى تەڭرىنىڭ بالىسى دەپ كەلگەن .بۇ ئارقىلىق ئۇلار بىرى تەڭرىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىسا ،يەنە بىرى خەلقنىڭ قارغىش ـ نەپرىتىگە كەتكەن .

▲ ئۆزۈڭگە نىسبەتەن سىر دەپ يۈرگەن ئىشلىرىڭنى باشقىلارنىڭ تىلىدىن ئاڭلىغىنىڭدا بىر بولسا دۇنيادىن نەپرەتلىنىسەن ،بىر بولسا ئۆزۈڭدىن نەپرەتلىنىسەن .

▲ ئۆزۈڭنى بىلەي دېسەڭ دوستۇڭدىن ،خوتۇنىڭنى بىلەي دېسەڭ قوشناڭدىن سورا .

▲ بۇرۇن يازغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى جېنىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن تەخەللۇس قويغان بولسا ، ھازىرقى يازغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى جىسمىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تەخەللۇس قويۇۋاتىدۇ .

▲ ئادەم بىر ئىشتىن قورققانسېرى ئۇزاققىچە شۇ ئىشتىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ .

ـ ياسىنجان ئۆمەر

ئاپتور : پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ئۆزۈك نەپسلەر

▲ مائارىپى تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتنىڭ تۈرمىسى مۇستەھكەم

بولىدۇ .

▲ئوقۇتقۇچى بىلىمسىز بولسا ،ھاكىمىيەت ئاجىزلىشىدۇ .

▲ شۇكۇر قىلىش ـ ئاجىزلارنىڭ بىردىنبىر تاللىۋالغان يولى .

▲ دېھقانلار يول توسۇدىغان بولاڭچىغا قارىغاندا ، قايىل قىلماي قەرز سوئىلەيدىغان كادىرلاردىن بەكرەك قورقىدۇ .

ـ پەيزۇللا ئابدۇۋاھىد

ئاپتور :يېڭىسار ناھىيە توپلۇق يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئەمەلدارلىق سورۇنىدىكى دوكلاتلارغا قاراپ ، رەخت بويايدىغان بوياقچىلارنى ئەسلەپ قالىمەن .

▲يەرلىك سىياسەت ۋە تۈزۈملەرنى كۆچەيتىش ،دېھقانلارنى ئېكىسپلاتاتسىيە قىلىشنىڭ يېڭىچە ئۇسۇلى .

▲مېنىڭچە ،ئىش ئورنىدىن قېلىشتىن قورقمىغان كىشىلەرلا ھەقىقىي قابىلىيەتلىك كىشىلەردۇر .

▲ ھازىر دېيىلىۋاتقان ئۆز ـ ئۆزىنى باھالاش ـ ئۆز ـ ئۆزىنى ماختاشتىن باشقا گەپ ئەمەس .

▲ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇش مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا يۈكلەش دېمەكتۇر .

▲جەمئىيەت تەرەققىياتى رەخت بويايدىغان بوياقچىلارنى تۈگەتكىنى بىلەن ، كۆز بويايدىغان بوياقچىلارنى كۆپەيتىۋەتتى .

▲ قەبرىستانلىق ـ ھاياتلىق يىغىندىسى .

▲ سىياسىي ئېكولوگىيە بۇزۇلغان جەمئىيەتتە راست سۆزلىگۈچىلەر تەنقىد ۋە مەسخىرىگە ئۇچرايدۇ .

▲ ئۆزىنى كۈچەيتىش ـ تەرەققىياتنىڭ ئاساسى .

▲ ئىدىيە ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ ، لېكىن مەقسەت ئۆزگەرمەيدۇ . ئۇ بولسىمۇ ياشاش ،تەرەققىي قىلىشتۇر .

▲ ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئۆرپ ـ ئادەت ، ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى كونىلىق ، خوراپىيلىق دەۋېرىپ ، مانا ئەمدى ئۆزىمىزگە ئوخشىماي قالدۇق .

▲ قەدىمدىن ھازىرغىچە ئاجىزلارنى كۈچەيتىۋاتقىنى بىلىم ۋە ھۈنەر .

▲باشقىلارنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلغانلار بەزى ۋاقىتلاردا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپمۇ قالىدۇ .

ـ ئابلىز روزى

ئاپتور : ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ خادىمى

* * *

▲قىزلارنى يولدىن چىقىرىپ كەتتى دەپ تىللىدۇق ،لېكىن يول تېپىپ يولدىن چىقمىغان ئوغۇللاردىن قانچىسى قالدى ؟

ـ مۇھەممەتتۇرسۇن نوختى

ئاپتور :قەشقەر شەھەر ئەنجان رەستە ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى سودا شەھەرچىسىدە

▲ ئېتىقادنىڭ زەئىپلىشىشى ـ يامانلىققا قارشى ئىممۇنىتېت كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

▲ئىنسانىي تىزگىنلىيەلەيدىغان ئەڭ زور كۈچ ـ ئېتىقادتۇر .

▲ ھەقىقەتچى ئەمەلىيەتچى ، سىياسەتچى گۇمانخوردۇر .

▲باشقىلارنى ئەسكى دېگىنىڭ ، سېنىڭمۇ ياخشى ئەمەسلىكىڭنى

ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ؟

## ئويلانمىلار

▲ ھاياتىمىزنىڭ كۆپ قىسمى پىكىرسىزلىك ئىچىدە ئۆتكەچكە، ئېرىشىۋاتقانلىرىمىزدىن يوقىتىۋاتقانلىرىمىز كۆپ بولۇۋاتىدۇ.

▲ ئادەملەردىكى ئېتىقادلارنىڭ ئوخشاشماسلىقى، جەمئىيەتتە تۈرلۈك قاتلاملارنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدىكى ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرىمىكىن، دەيمەن.

▲ مۇشۇكلەرنىڭ نەسلى قۇرۇپ، چاشقانلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى نورمال ئىش ھېسابلانسىمۇ، بىراق قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ تۈرى ۋە سانى كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان، «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش»تەكىتلىنىۋاتقان پەيتتە، جىنايى قىلمىشلارنىڭ ئازايماستىن، شىددەت بىلەن ئېشىپ بېرىشى ئادەمنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ.

▲ مىدىرلاۋاتقانلارنى «ئادەم»دېسەك، پىكىر قىلىۋاتقانلار چوقۇم «دانىشمەن»دۇر.

▲ ئەتراپىمىزدىكى ئادەملەرنىڭ سېمىز - ئورۇقلۇقىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتكىلى بولارمىكىن، دەپ قېلىۋاتىمەن: سېمىزلار - كەنت باشلىقلىرى، سېكرېتارلىرى، يېزا-بازارلار مەسئۇللىرى، قانۇن ئىجراچىلىرى، ھاجىلار، بايلاردۇر. ئورۇقلار - دېھقانلار، ئوقۇتقۇچىلار، تەتقىقاتچى خادىملار، ئوقۇغۇچىلار، ھەسەتخورلار، تىلەمچىلەردۇر.

**- روزىتوختى نايىپ**

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ئۈرچى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ دېھقان ئاق كۆڭۈل بولغانلىقى ئۈچۈن ئاسان ئالدىنىدۇ، سەممىي بولغانلىقى ئۈچۈن زىيانغا ئۇچرايدۇ، كۆڭۈلچەك بولغانلىقى ئۈچۈن بوزەك بولىدۇ، نادان بولغانلىقى ئۈچۈن خورلىنىدۇ.

▲ بىر جۈپ ياش يورۇشۇۋاتقاندا دۇنيا بەكلا گۈزەل كۆرۈنىدۇ، توي قىلغاندىن كېيىن دۇنيا تۇمانلىق كۆرۈنىدۇ.

**- ئىبراھىمجان ئىرپانىي**

ئاپتور: قەشقەر شەھەر ئەنجان رەستە ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى شەھەرچىسىدە

▲ كۈچلۈكلەرنىڭ ھەر ئىشى قانۇنلۇق. چۈنكى ئۇلار ئاللىقاچان قانۇن تۈزۈپ بولغان. ئاجىزلارنىڭ ھەر ئىشى بولسا قانۇنسىز، چۈنكى ئۇلار تېخىچە قانۇنني ئورۇنغا ئېرىشەلمىگەن.

▲ ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئىشى شۇ مىللەتتىكى لاياقەتسىزلەرگە تۇتقۇزۇلسا، بۇ مىللەت ئۈچۈن قىيامەت قايىم بولغان بولىدۇ.

▲ چەت ئەللىكلەرنى ماختاش ئومۇمىي ئادىتىمىز. بىراق چەت ئەللىكلەر بىزنى نېمە دەيدۇ، بۇنى بىلمەيمىز.

▲ باشقىلارنى ماختاش ئادىتىمىز، شۇڭا ئۆزىمىزنى سۆكۈپلا يۈرىمىز.

## سەپەردە تۇغۇلغان تۇيغۇلار

(سەپەر خاتىرەمدىن)

▲ ئادەم بىر كۈن ئاچ قالسا، بىر ئۆمۈر ئاچارچىلىقتا قالغاندەك ھېس قىلىدۇ.

▲ سەن قايەردە بولساڭ بەختىمۇ شۇيەردە. پەقەت ئىشنى بۇگۈندىن باشلىساڭلا بولدى.

▲ دوستۇڭ ئىچىڭنى پۇشۇرسا، ئاچچىقىڭنى ئۆزۈڭدىن چىقار.

▲ دوستۇم، بىردەملىك ھىجايمايلى، ئاخىرىغىچە كۈلەلىسەك ھېساب.

▲ خەققە ئىشلەپ تاپا-تەنە ئاڭلىغاندا، پۇلنىڭ كۈچىنىڭ نەقەدەر زور ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدىكەنسەن.

**- مۇھەممەتتوختى ئاناۋۇللا**

ئاپتور: خوتەن ناھىيە سېغىزكۆل يېزا ئورنۇش مەھەللىسىدە، دېھقان

* * *

▲ دېموكراتىك ئەلدە ئادەمنىڭ بىلىمى ئارتسا، ئۇنىڭ ئىچكى-تاشقى دۇنياسىمۇ مۇناسىپ كەڭلىككە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، مۇستەبىت ئەلدە ئادەمنىڭ بىلىمى ئارتسا، ئۇنىڭ ئىچكى-تاشقى دۇنياسى مۇناسىپ سىقىلىشقا ئۇچرايدۇ.

▲ ھەممە ئىشتا بىلەرمەنلىك قىلغان ئادەم ئەمەلىيەتتە ھېچ ئىشنى بىلمەيدىغان ئادەمدۇر.

▲ ھوقۇق قانۇندىن ئۈستۈن تۇرۇدىغان جەمئىيەت مەيلى قايسى خىل فورماتسىيە نامىنى تاج قىلىپ كىيىۋېلىشىدىن قەتئىينەزەر سېپى ئۆزىدىن قۇللۇق جەمئىيەتتۇر.

**- يۈسۈپجان ئىسمائىل قاراتېكىن**

ئاپتور بۈگۈر ناھىيە ئاقسارای يېزا ئۆتەڭ كەنتىدە، دېھقان

▲ ھوقۇق قانۇنغا، فورما ھەيۋىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان جەمئىيەتتە ئەدلى-ئادالەت، ئىنتىپاقلىقتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

**- ئىمىنتوختى توختىباقى سەزگۈر**

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## مېنىڭ بىلجىرلاشلىرىم

▲ پەلسەپە - خۇدا بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى تەرجىمان.

▲ شېئىر - روھ دۇنياغا ئۇرۇلغان چاغدىكى چىققان ئاۋاز.

▲ مۇھەببەت - ئادەم سۆيۈلگەندە دۇغ يېرى ئاستىغا ئولتۇرۇشۇپ قېلىپ، سۆزۈك يېرىنىڭ چاقناپ يالتىرىشى.

**- پەرھات ئەشمە**

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە تارلاق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئۇنى قىلسا يامان بولىدۇ، بۇنى قىلسا يامان بولىدۇ، دېگەن گۇناھ تۇيغۇسى يوقالمىغان بولسا، كىشىلەرنىڭ ئەخلاق قارىشى بۈگۈنكىدەك تۆۋەنلەپ كەتمىگەن بولاتتى.

▲ «كۆپ ئويلاپ ئاز سۆزلەش»دېگەنلىك، ئەمەلىيەتتە «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس»دېگەن سۆزنىڭ بىر خىل يەشمىسى.

▲ باللىرىمىزنى كۆزىگە قاراپ، ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلمىغان بولساق، ھازىر ئۇلار كۆزلىرىمىزنى بۇنچىلىك ياشلىمىغان بولاتتى.

**- ئامانۇللا ھېزبۇللا**

ئاپتور : قەشقەر ۋىلايەت ئىسلام دىنى مەكتىپى 2001-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ھەقىقەتنى تاپماقچى بولساڭ، ئۇنى ئەتراپىڭدىكى كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن ئىزدە .

▲ بىزنىڭ گاڭگىراپ قالغان ۋاقتىمىز ،دەل شەيتانغا قول بەرگەن ۋاقتىمىزدۇر .

▲ ئەرلەر ئۆز غۇرۇرىنى قوغدىيالىغان بولسا، ئاياللار ئۆز ئىپپىتىنى ساتمىغان بولاتتى .

▲ ئوقۇتقۇچى سىنىپتىن زېرىككەن يەردە ،ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىن قېچىشى ھېچ گەپ ئەمەس .

▲ ئەرلەر ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغاندا ،ئاياللار ئۆز بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ .

▲ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا بوۋامنىڭ شىللىسىگە تاغار مىنىۋاپتىكەن ،ھازىر دادامنىڭ شىللىسىگە قەرز مىنىۋاتىدۇ .يەنە بىر نەچچە يىلدىن كېيىن بىزنىڭ شىللىمىزگە قايتىدىن باي-غوجاملار مىنەمدىكىن ،دەپ ئەنسىرەيمەن .

▲ كىشىلەر دۇنيانى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەن ھامان ھايات ۋاگونى رېلىستىن چىقىپ كېتىدۇ .

▲ ئىنسان دۇنياغا ئارزۇ بىلەن كېلىپ ،ئۈمىد بىلەن ياشاپ ، ئارمان بىلەن كېتىدۇ .

▲ نىكاھ باراۋەرلىك ئۈستىگە قۇرۇلۇپ ، ھۆكۈمرانلىق بىلەن تەرەققىي قىلىپ ،چۈشىنىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ .

▲ مەن قولى قانغا بويالغانلاردىن كۆرە ،روھى قانغا بويالغانلاردىن بەكرەك قورقىمەن .

▲ پەقەت ئۇنتۇغاق كىشىلەرلا مەڭگۈ خۇشال يۈرەلەيدۇ .

▲ يول ـ كىشىلەرنىڭ قەدىمى ئاستىدا بولماستىن ، بەلكى روھى ئاستىدا بولىدۇ .

▲ دۇنيا تولىمۇ نەپىس بىر سەھنە ،بىز بۇ سەھنىدىكى تراگېدىيىنىڭ ئارتىسى ،لېكىن بۇ ئويۇنغا شەيتان رىياسەتچىلىك قىلىدۇ .

▲ ھەقىقى دۆتلۈك ـ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلماسلىق .

▲ «دېھقان ئۇلۇغ ، دېھقان ئۇلۇغ . . .»دەپلا كەلدۇق ، ئەگەر «ئۇلۇغ»لىمىغان بولساق ئۇلار نېمە كۈنلەرنى كۆرەرىدىكىن-تاڭ !

▲ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ شاھرۇمخان ۋە جېكسونلارنىڭ سۈرىتىنى سۆيۈپ يۈرۈشى ـ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئوبرازىنىڭ ھەقىقىي ئەينىكى .

**ـ مەمتىمىن نۇرمۇھەممەت كاۋاك**

---

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزا مەركىزىي كاۋاك كەنتىدە ، دېھقان

## تەئەججۇپلۇك خىياللار

▲ ئىلگىرى قايسىدۇر بىر دانىشمەن :« قىيامەت قايىم بولۇش ئالدىدا كىيىم كىيگەن يالىڭاچلار پەيدا بولىدۇ»دەپتىكەن .ھازىر كوچىلارغا قارىسىڭىز قىزلارنىڭ ھەممىسىدە كىيىم بار .بىراق كۆپلىرىنىڭ ھەممە ئەزاسى «مانا مەن»دەپلا تۇرغان .بۇ قىيامەتنىڭ شەپىسىمۇ ياكى مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسىمۇ ؟ !

▲ ئىزدەنگۈچىسىدىن ئەگەشكۈچىسى كۆپ مىللەت ئەڭ ئاۋۋال زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ .

▲ ئىمان ـ روھنى پاكلايدۇ ،ئېتىقاد ـ ئىرادىنى تاۋلايدۇ .

▲ پادىشاھنىڭ قىلىچىدىن غەيۋەتخورنىڭ پىتنىسى يامان .

**ـ نەزەرجان ياقۇپ جانباز**

---

ئاپتور : شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە پەيزاۋات باش مەيدان پاختا زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ «مىللەت ئاخىرى يوقىلىدۇ»دېگەن بۇ «مۇمكىنچىلىك»كە ئازراق گەپ قوشۇشنى توغرا تاپىمەن : مىللەت ئاخىرى يوقىلىدۇ ،ئەمما شۇنىسى زاھىرەنكى (ئەقىل كۆزى كورۇدىغانلارغا ) ،بۇ جايدىكى ئىلگىرى ـ كېيىنلىك مەسىلىسى ئاشۇ مىللەتنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ياكى نومۇسىدۇر .

▲ باشقىلاردىن قۇسۇر ئىزدەپلا يۈرۈشنىڭ ئۆزى سېنىڭدىكى قۇسۇر بولماي نېمە ؟

▲ مەغلۇبىيەت ـ ئانا . ئۇ دائىم بىرلا ۋاقىتتا غەلىبە ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن ئىبارەت ئىككى پەرزەنت تۇغۇپ ، بىرىنىلا ئەي قىلىدۇ ،بىرىنى يەۋېتىدۇ .

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى ، سەن قانىنى قان بىلەن يۇيۇش پۇرسىتىنى كۈتۈۋاتقاندا دۈشمەن تۇيدۇرماستىن قېنىڭنى ئىچىۋاتقان ۋەياكى ئىچىپ بولاي دېگەن بولىدۇ .

▲ بىز قاچانكى باشقىلارنىڭ سىڭلىسىنى ئۆز سىڭلىمىزدەك كۆرەلىسەك ،ئالماقچى بولغان قىزىمىزنىڭ «ساق»چىقماسلىقىدىن ۋايىم يېيىش ھاجەتسىز بولىدۇ .

▲ ئامېرىكىمۇ ،ئىراقمۇ ھەر ئىككىسىلا خاتا قىلمىغان بولسا ئىدى ، ئىراقتىكى قان تۆكۈلۈش بۇنچە ئۇزاققا سوزۇلمىغان بولاتتى .

▲ «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمىنى»دېگەندەك ، «ئاخۇن»لىرىمىز مەسچىتكە كىرگەنلەردىن قۇسۇر ئىزدىمىگەن بولسا ئىدى ، مەسچىتتە ئەزان توۋلىنىۋاتسا مەسچىت يېنىدىكى قاۋاقخانىدا : «مەن مەست ئەمەس» دەپ ناخشا توۋلاپ ئولتۇرغۇچىلار كۆپەيمىگەن بولار ئىدى .

▲ يېزىش ئۈچۈنلا يازىدىغان «يازغۇچى ـ شائىر»لىرىمىز دەل ـ قولۇپنى كۆرمەي ئاچقۇچ ياسايدىغانلاردۇر .

**ـ ئەكبەرجان ئەخمەتنىياز ئۇيغۇر تاپمىش**

---

ئاپتور :قاراقاش ناھىيە كەسپىي-تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ئەجەبمۇ تەپەككۇرلار

▲ نېمىنىڭ ھەقىقەت ، نېمىنىڭ رەزىللىك بولىدىغانلىقىنى بىلمەي ۋە بىلىشنى خالىماي ياشاش ـ ۋىجداننى يوقىتىش بەدىلىگە ئېرىشكەن راھەتتۇر .

▲ ھەسەتخورلارنىڭ يامان كۆز بىلەن قارىشىغا ئۇچرىغان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىغا قاراشلىق بوپقالمىغانلىقىمىزدىن خۇشھال بولايلى .

▲ رەقىبىڭنىڭ ساڭا رەھىم قىلىشى ئۇنىڭ سېنى ئاجىز چاغلىغانلىقىدۇر . يېقىن دوستۇڭنىڭ ساڭا ئىچ ئاغرىتىشى ئاراڭلاردىكى دوستلۇقنىڭ تۈگىگەنلىكىدۇر .

▲ ئۆزۈڭنى پەس چاغلىساڭ دوست بولالمايسەن .
ئۆزۈڭنى چوڭ چاغلىساڭ دوستۇڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس .

▲ كۈتۈلمىگەندە بەختسىزلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىمۇ بەزىدە ئامەت . چۈنكى بۇنىڭلىق بىلەن سەن ئىلگىرى مەنىسىز ئۆتۈپ كەتتى ،دەپ ئاغرىنغان كۈنلەرنىڭ ئىنتايىن گۈزەل چاغلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسەن .

▲ سەن پارلاق نەتىجىلەرنى ياراتقان ۋاقىتتا دوستۇڭنىڭ ساڭا

يېقىن كەلمەسلىكى بىر بولسا ئۇنىڭ ساقا ھەسەت قىلغانلىقى ،بىر بولسا ئۇنىڭ ساقا بولغان ھۆرمىتى بەك چوڭ بولۇپ ، شۇ ھۆرمەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىزھار قىلالماسلىقتىن ئەنسىرىگەنلىكىدۇر .

**ـ ئابلىكىم دۆلەت**

---

ئاپتور : چىرا ناھىيە دامىكۇ يېزا ئورۇقچىلىق مەيدانىدا ،دېھقان

* * *

▲بىر كىتاب سېتىۋالساڭ بىر ياخشى ئىش قىلسەن ـ ئۇززۇڭگە بىر ئەقىل تاپسەن .«شىنجاڭ مەدەنىيتى»ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولساڭ نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلغان بولسەن ـ ئۇززۇڭگە تۈگىمەس ئەقىل جۇغلايسەن .

**ـ مۇرادجان موللامەت**

---

ئاپتور : ئونسۇ ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ئىپپىتىنى دەسمايە قىلىپ كوچىغا چىققان ئانىلار ، دەسمايىسىنى دوغا تىكىدىغان قىمارۋاز ئاتىلار بالىلىرىنى قىينىنى چىقارماي ئۆلتۈرگەن قاتىللاردۇر .

▲ قايەردە ئاياللار پاھىشە ،نومۇسسىز ،شۇيەردىكى ئەرلەر ۋىجدانسىز ،غورۇرسىز .

▲ تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى قىز-ئوغۇللارنىڭ بالدۇر يېتىلىدىغان دورىلىرى بوپقالدى .قىز-يىگىتلەر بالدۇر يېتىلىپ ، كىچىككىپ توي قىلغاچقا شەرمى ـ ھايا ، ئىپپەت-نومۇس ئۇنتۇلۇپ قالدى .

▲ئاتىلار كۆيۈمچان ، ئانىلار مېھرىبان ،بالىلار تىرىشچان بولسا ، ئائىلە جەننەتكە ئوخشايدۇ .

▲ئەرلەر كۆپ ماڭسا ،ئاياللار غەمكىن ، ئاياللار كۆپ كۈلسە ، ئەرلەر غەمكىن بولىدۇ .

▲ ئۆيۈڭدە قىمارۋازنىڭ بولۇشى ، ئۆيۈڭگە ئوغرى كىرگەندىنمۇ يامان .

▲ ھەرقانداق دىپلوم بىلىمگە تەڭ ئەمەس ، ھەقىقىي بىلىم دىپلومغا سىغماس .

▲ مىللەتنى سۆيۈشنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى ـ مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتۇر .

▲ ھاراق ئىلانلىرىنىڭ كۆپ بېرىلىشى خەلقنىڭ غېمىنى ، دوختۇرخانىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرىدۇ .

▲ بېشىڭنى ياتلار سىلىسا ،ئاچچىقلىنىسەن ، ئاتاڭ سىلىسا ، ھوزۇرلىنىسەن ، ئۆزۈڭ سىلىساڭ ئەقىل تاپىسەن .

▲بالىلارنىڭ ئوقۇشىغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىك ـ ئۇلارنى تىرىك دەپنە قىلغانلىق .

**ـ ياقۇپ ھەمدۇللا**

---

ئاپتور :مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ بىزدىكى مائارىپ ئالۋاڭچىلىقى 21-ئەسىر پەن-تېخنىكا دەۋرىنىڭ گالۋاڭلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

▲ مەنىۋىيىتى قۇرۇق مىللەت ـ سۇسىز زىرائەتتۇر .

**ـ ئوبۇلقاسىم جۇمە**

---

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا 2-ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر چاچراندىلىرى

▲ ئىنساندىكى ياشاش ئىستىكى ئارزۇ قىلغان نەرسە ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ، ئېرىشكەن نەرسىسىنى قەدىرلەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ .

▲تارىختىن ساۋاق شۇكى ، ئۇسسۇلچىلارنىڭ تەبەسسۇمىغا گۈل سۇنۇپ ، ئالىملارنىڭ نەسىھىتىگە ئۇگدەش بىلەن جاۋاب قايتۇرغان قەۋمنىڭ قىز-يىگىتلىرى ئەتە ئۇزلىرىنى ھۆكۈمرانلارنىڭ غۇلام-چۆرىلىرى ئارىسىدا كۆرىدۇ .

**ـ دىلنۇر رەھىم**

---

ئاپتور : شايار ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲جەمئىيەتتە توي قىلىۋاتقانلار ئىچىدە ئاجرىشىۋاتقانلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ ، ھازىرقى قىز-يىگىتلەرنىڭ توي قىلىشتىن بۇرۇن بىر كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ،توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى كۆزىنى يوغان ئېچىۋېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەك تەس ئەمەس .

▲سەن ھەددىدىن زىيادە ساددا بوپكەتسەڭ ، باشقىلارنىڭ «پايدىلىنىش قورالى»غا ئايلىنىپ قالىسەن .

▲ سەپەتە بولسا ئېسىل كىيىم بىلەن نىقابلانغان ،ھەقىقەت بولسا قىپيالىڭاچتۇر .شۇڭا كۆپ ھاللاردا كىشىلەر ئالدى بىلەن سەپسەتىگە ئىشىنىدۇ .

▲قىزلار ئوغۇللارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ قالىدۇ ، ئوغۇللار قىزلارنىڭ «نازى»غا .

▲ سۈكۈت قىلىشقا تېگىشلىك چاغدا سۈكۈت قىلىش ـ قارشىلىقنى ئىپادىلىسە ، سۈكۈت قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان چاغدا سۈكۈت قىلىش ـ ئىتائەتمەنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر .

▲ ئادەملەر ئۆزى ئېرىشكەن نەرسىلەرنى بەخت دەپ ھېسابلىمايدۇ ، ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەرگە بولسا بەخت دەپ ئىنتىلىدۇ .مانا بۇ ـ بەخت .

▲ ھازىرقى كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرى كىشىلەرگە خۇنۇك مەدەنىيەتنى تارقىتىپ ئاۋارە ، گېزىت-ژۇرناللار تۈزەپ ئاۋارە .

**ـ مېھرىگۈل ئابلىز**

---

ئاپتور : يەكەن پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئىنسان بىرى ، بىرەر نەرسىنىڭ قەدىرى قاتتىق ئۆتۈلگەندە ، يەنە بىرى ، خورلۇقتىن ئورنىدىن دەس تۇرالايدۇ .

▲ئانىلارغا شۇنداق دېگۈم بار : «قىز تۇغماڭلار ،شەرمى-ھايا تۇغۇڭلار ،ئوغۇل تۇغماڭلار ،غورۇر ـ جاسارەت تۇغۇڭلار» .

**ـ تۇرسۇنپاشا جۇمە**

---

ئاپتور : قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲دۇنيادا سېنىڭ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلالايدىغان بىردىنبىر ئادەم ـ ئەڭ يېقىن دوستۇڭدۇر .

▲ سەن ساق ۋاقتىڭدا ساڭا ھۇجۇم قىلغۇچىلارغا قارىغاندا ساڭا مەست ۋاقتىڭدا ھۇجۇم قىلغۇچىلاردىن بەك ئېھتىيات قىل . چۈنكى كېيىنكىسى ساڭا قەتئىي پۇرسەت بەرمىگۈچىلەردۇر .

▲ ھەرقانداق بىر ھاكىمىيەتنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى پەقەت ئۇ

ھاكىمىيەت ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن بىلگىنىمىزگە ئوخشاش ، ئاياللارنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى (ماھىيىتى )نى پەقەت توي قىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن بىلەلەيمىز .

▲ ئايال كىشىنىڭ نەرقى ئۆسۈدىغان ۋاقىت ـ قىزلىق ۋاقتى بولسا ، كۈرسى چۈشىدىغان چاغ ،ئەركىنلىكى زىيادە بولغان ۋاقىتتۇر .

▲ ئايال كىشى ياش ۋاقتىدا ئازابلىغۇچى ، قېرىغاندا بولسا ئازابلانغۇچىدۇر .

▲بىزنىڭ كەتكۈزۈپ قويغىنىمىز ـ ئىتتىپاقسىزلىق بولسا ، كەتكۈزۈپ قويۇۋاتقىنىمىز كۆپلەپ بىلىم ئىگىلىمىگەنلىكىمىز بولۇۋاتىدۇ .

▲ «سۇئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك»نىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىشتە ، ياشاش رىقابىتى ئىنتايىن كەسكىنلەشكەن بۈگۈنكى دۇنيانىڭ روھىي بېسىمى ، ئىقتىسادىي بېسىمى ، مەۋجۇدلۇق بېسىمى ئاستىدا گاڭگىراپ قېلىۋاتقان سۆيۈملۈك ،ئۆزىنى قايتا تونۇۋاتقان خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى چاڭقاقلىقىغا «سۇ»بېرىپ كېلىۋاتقان ئەڭگۈشتەرىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغىمۇ ناھايىتى ئوبدان قارايلى ۋە رەھمەت ئېيتايلى .

▲ ئۆزۈڭنى شاھ دەپ ياشىساڭ ياشىغىنىڭ شۇ ، پۇقرا دەپ ياشىساڭ تۈگەشكىنىڭ شۇ .

▲ ئىككى خىل ئادەم ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ :بىرى ، ئەقىللىق ئادەم ، يەنە بىرى ئەڭ بىخۇدلاشقان ئادەم .

▲ بىزدە بۇرۇنقىلار ئۇخلاپ ،كېيىنكىلەر قاقشاپ يۈرگەچكە جاھالەت ،نادانلىق پاتقىقىغا مەھكۇم بولۇشىمىز كېلىپ چىقتى .

▲ ھېچكىمگە يول قويماسلىق ـ ماھىيەتتە ئۆزىگە يول قويماسلىقتۇر .

ـ غوپۇرجان ياقۇپ (سەگەك )

ئاپتور : يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا قۇملۇق مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ بىكار سۆزنى كۆپ سۆزلەيدىغان تىل تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان ئەشەددىي دۈشمەندۇر .

▲ھەممىدىن ئىنسانىيەت قەلبىنى كونترول قىلماق قىيىن ، ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز ئۆز قەلبىڭىزنى تەكشۈرۈپ بېقىڭ .

ـ بۇۋىسايىپ مىجىت

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزا دۆڭكۆل كەنتىدە ، دېھقان

## ھاياتىمدا ھېس قىلغانلىرىم

▲ ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر ئازاب ـ ئىشەنچ قىلغان ئادىمىنىڭ ئىشەنچسىز بولۇپ چىقىشى .

▲ دەردمەن چاغلىرىڭدا سەن ئۈچۈن مېھرىبان ،ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەملەرنى ئويلاش زور تەسەللىي .

▲راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان خوتۇنىڭدىن پەخەس بول ، ۋاقتى كەلگەندە ئۇ ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن سېنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدۇ .

▲ ياتلارنىڭ تېنىڭگە شەمشەر ئۇرغىنىدىن يېقىنلىرىڭنىڭ بىر قېتىم ئالىيىپ قارىشى يامان .

▲ بۇرۇنقى ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىگە بولغان ساداقەتنى دەپ جېنىدىن كېچەتتىكەن ،ھازىر ئەر-خوتۇنلار مال-دۇنيانى دەپ ساداقەتتىن ۋاز كەچمەكتە .

▲كۆز يېشى قىلغانلارنى ئاجىز دېمە ، كۆز يېشى ئوڭايلىقچە

تۆكۈلمەيدۇ .

▲ بەختلىك تۇرمۇشنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟ مېنىڭچە بولسا ، ئىرانلىق ئۇلۇغ دانىشمەن ۋە شائىر ئۆمەرھەييام ئېيتقاندەك :

«بولسا ئادەمنىڭ بىر پۇچۇق نېنى ،
ياتقۇدەك ماكانى بار ھەم شۇ تېنى .
ھېچكىمگە بولمىسا ياقۇل ،ياخوجا ،
دۇنيادا بەختلىك سانىغىن شۇنى .»
دەپ ئويلايمەن .سىزچە بولىسچۇ ؟

ـ ئابدۇقەييۇم باراتنىياز مىسكىن

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە قاراساي يېزا ھاتتا كەنتىدە ،دېھقان

* * *

▲ دۇنيادا قىيىن ئىش يوق ، ئەگەر قىيىن ئىش بار دېيىلسە ، ياراملىق پەرزەنت تەربىيىلەپ چىقىش بولسا كېرەك .

▲مەجبۇرلاش بولىدىكەن ، ئىتائەت بولمايدۇ .

ـ مۇھەممەتئىمىن سابىر

ئاپتور : قەشقەر شەھىرىدە

▲ سەن باشقىلارغا ئالدىراپ ياخشى ياكى يامان دەپ باھا بەرمە ، چۈنكى سەن باشقىلارنىڭ قەلبىگە كىرىپ چىقالمايسەن .

ـ مۇھەببەت جاپپار

ئاپتور :قاراقاش ناھىيە مۇھىت تازىلىقى ئىدارىسىدا

▲غەلىبە ـ ئەقىل بىلەن پۇرسەتنىڭ بىر گەۋدىلەشكەنلىكىنىڭ يەكۈنى

ـ ئەزىز جېلىل

ئاپتور : چەرچەن ناھىيە مۇھىت تازىلىقى ،كۆكەرتىش باشقارمىسىدا

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲مودا كىيىم پۇلى بارلار ئۈچۈن كۆڭۈل خۇشى ، پۇلى يوقلار ئۈچۈن ئائىلە بۇزۇقى !

▲ئۈمىد قىلغانلىكى نەرسىگە ئېرىشكىلى بولسا ،غايە يەنىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرارمىدى ؟

▲قولۇڭدا قۇدرەت بولمىسا ،سادىق مۇلازىمىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس .

▲ يۈكسەك ئىرادىسى بىلەن ھالال ھەرىكىتى بارلار ـ مەڭگۈ ئازاد .

▲بەكمۇ يېقىنلىشىش بەكمۇ ئۆچ بولۇشنىڭ ئۇلى .

▲ تەسەللىينى ئۆزىدىن ئىزدىگەن كىشى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئادەمدۇر .

▲بۈگۈنكى دەۋردىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسىلا ئانا بولۇۋەرمەيدۇ .

▲ بىرسىگە يول باشلايمەن دېگەندىن كۆرە ، بىلىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويىمەن ،دېگەن تۈزۈك .

▲ بەزىلەر سۈكۈتنىڭ ئۆزىنى جاۋاب دەيدىكەن .مەن دەيمەن ، سۈكۈت ئىچىدە پارتلاپ چىقالمىغانلىق ئۆز ھالاكىتىنى بىجانىدىل كۈتكەنلىك .

▲ئۆزىنى خۇشھال قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم باشقىلارغا ئازار ۋە كۈلپەتتىن باشقا ھېچنېمە بېرەلمەيدۇ .

▲ئىرادە ـ ئىزدىنىشنىڭ تۇغۇت ئانىسى .

- نۇرمۇھەممەت ئابدۇۋەلى

---

ئاپتور : يەكەن ناھىيە تاغارچى يېزا مەركىزىي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئۆزۈڭنىڭ ئېتىبارسىز قېلىشىڭدىن قورقمىساڭ ،ئۆزۈڭگە تەۋە بارلىق نەرسىلەرنى باشقىلارغا بېرىۋەت .

▲ تەڭرىنىڭ جازاسىغا ئەڭ قاتتىق ئۇچرىغۇچىلار - ئۆز ۋەتىنىدە تۇرۇپ ئەڭ غېرىب ياشايدىغانلار .

- يۇسۇپجان ئابلىمىت كۆكتېكىن

---

ئاپتور : گۇما ناھىيە سانجۇ يېزا 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ يۈز - كۆزلىرىنى ۋە پۈتۈن ئەزالىرىنى چۈمكىۋالغانلار ھەقىقىي مۇسۇلمانلارمۇ ؟ مەنچە بولسا ،يەنىلا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى جاۋاب بېرىدۇ .

▲ سەن ۋاپادارلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىسەڭ ، كىشىلەر . ساڭا ئۆگىتىپ ئولتۇرمايدۇ .

- تۇرسۇن يۇسۇپ كۆلۆبەگ

---

ئاپتور : غۇلجا شەھەر قارادۆڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت مەدەنىيەت-مائارىپ باشقۇرۇش مەركىزىدە

▲ سېنىڭ باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىقىڭ - ئۆزۈڭگە بىرنۆۋەت بولسىمۇ ياخشى چىقىش يولى قالدۇرغانلىقىڭدۇر .

▲ ئادەمنى ئىككى نەرسە قۇللۇققا سۆرەيدۇ :بىرى ،ھورۇنلۇق ، بىرى ، نادانلىق .

▲ قىزلار كۆزىدە ئىپادىلىگەننى سۆزىدە ئىنكار قىلىدۇ .

- ئابدۇۋەلى توختى

---

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا ئاياغمازار كەنتىدە ،دېھقان

▲ بىرى ، ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلغان يالاڭتۆش ،بىرى ، ھەممە نەرسىگە ئېرىشكەن خاقان ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ .

▲ ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ئۆلچىمى نېمە ؟مېنىڭچە ،ئۇ بىرلىك ۋە باراۋەرلىك ئاساسىدىكى سەمىمىي ھېسداشلىق .

▲ ئەرلەر يانچۇقىنى چىڭ تۇتىدۇ ،ئاياللار ئەرلىرىنى چىڭ تۇتىدۇ .

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلى نېمە ئۈچۈن ياخشى چىقىدۇ ؟ چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەررىرلىرى قەلبى ئېزگۈلۈك نۇرىغا چۆمۈلگەن ئىنسانپەرۋەر ،ھەقىقەتپەرۋەر كىشىلەردۇر .

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »نېمىگە موھتاج ؟ مېنىڭچە ، ئۇ بىر چىراغ ،ئۇنىڭ ئۆچۈپ قالماسلىقى ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك نۇر تارقىتىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان پەرلەشكە موھتاج .

- ئەھەت مامۇت

---

ئاپتور : كۇچا ناھىيە چىمەن بازار داۋوز كەنتىدە ،دېھقان

▲ ئاجىزلارنىڭ تارىخىنى ئاجىزلار ئۆزلىرى ئوقۇيدۇ .

- ئوبۇلقاسىم مۇھەممىدىي

---

ئاپتور : ئۈرۈمچى «ئۆلتاش »تىل تەربىيىلەش مەركىزىدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئامېرىكىنىڭ داڭلىق ئالىمى مورگان : دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى تەكلىماكاندا - يەنى تارىم ۋادىسىدا ، دەپتىكەندۇق .مەن ئامېرىكا سىياسىي مۇتەپەككۇرى سېيمىل خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى »ناملىق كىتابىنى ئوقۇپ ، كاللام ۋاللىدە يورۇپ كەتتى . ئاچقۇچ - سېنىڭ ،مېنىڭ قەلبلىرىمىزدە كۆمۈلۈپ قاپتىكەن ئەمەسمۇ !

▲ تەھلىلنى بىز ئۇنداق خەق ،بىز مۇنداق خەقكەنمىز ،دەپ قىلماستىن ، ئۆزىمىزگە :مەن قانداق ئادەم؟ مەن ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىمەن ؟دېگەن سوئالنى قويۇپ باقساق قانداق؟

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى » سەھىپىسىنى كۆرۈپ ، تەپەككۇرى ئويغاقلار كۆپىيىۋېتىپتۇ دەپ ئويلىدىم .

- تۇرغۇن زارى

---

ئاپتور : كۇچا ناھىيە بېھشباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ بەس ! سەن ھازىرقى تۇرمۇشىڭدىن ،ئۆز تەبىئىتىڭدىن كەلگۈسنى ئويلاشقا پېتىنالامسەن ؟

▲ سەندىن راستىنلا قورقۇشقا توغرا كەلسە ، سېنىڭ قەبىھ - ياۋۇزلۇقىڭدىن ئەمەس ، تەبىئىي سالاپىتىڭدىن ئەيمىنىمەن .

▲ ھەربىر جان ئىگىسىنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان بىر چاغ كېلىدۇكى ، ئۇ بولسىمۇ سۆيگۈدىكى ئوڭايسىزلىق .

▲ ئاياللار كۆپىنچە ھاللاردا قوپاللىقى بىلەن ئەۋرىشىملىك ۋە نازۇكلۇقىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ .ئەرلەر شۇ سەۋەبلىك ئۇلاردىن داجىيىدۇ .

- ئېلىجان تۆرەك

---

ئاپتور : مەكىت ناھىيە كەسپىي تېخنىكوم كومپيۇتېر سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەگەر بىزنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى ئەھكاملىرى توسۇپ تۇرمىسا ،جەمئىيەتتە يۈز بېرىدىغان سەتچىلىكلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى تەس .

▲ سەن نېمىدىن قورقساڭ ،نېمىدىن ئەنسىرىسەڭ ،شۇنەرسە ساڭا شۇنچە تېز يېقىنلىشىدۇ .

- دىلمۇراد ياسىن

---

ئاپتور : شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئالەم سىرىنى بىلمەك ئوڭايلىشىۋاتقان بۇ دەۋردە ، ئادەم سىرىنى بىلمەك شۇنچە تەسلىشىۋاتىدۇ .

- قۇربانجان توختى (ئازىق )

---

ئاپتور : ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزا مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ خادىمى

▲ ھازىر خېلى كۆپ گېزىت-ژۇرناللار مۇناسىۋەت تورىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇۋاتقان پەيتتە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلى ھەقىقىي تالانتلىقلارنىڭ بەيگە مەيدانى بولۇش بىلەن بىرگە ، مۇھەررىرلىكنى مەسئۇلىيەت ئەمەس ،مەنسەپ دەپ تونۇيدىغانلارغا ئۇرۇلغان قامچا بوپكەلمەكتە .

▲ مائارىپى سودىغا يۈزلەنگەن جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى بىر تالاي نامراتلارنىڭ قولىدا ئېگراپ ياتىدۇ .

▲ بۇرۇنقى سەنئەتچىلەر ئۇسسۇل ئوينىغاندا بەدىنىنى ئۇچۇق قويماي تۇرۇپمۇ سانسىزلىغان تاماشىبىننى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى .

ھازىر ئەكسىنى قىلىپمۇ جەلپ قىلالمايۋاتىدۇ. مانا بۇلار مىللىي خاسلىقىمىزنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى دەلىللەپ قويىدى.

- ئېلىجان ئىبراھىم (بۇۋاپا)

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ تېلېۋىزور - مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتچىلىكنى تارقىتىدىغان سېھىرلىك ساندۇق.

▲ ئوقۇتقۇچى ۋە دېھقانلار - ئەجرى ئالتۇن، نەرقى ئەرزان مىننەتسىز كىشىلەردۇر.

▲ سىياسەت قانۇننىڭ ئۈستىگە قويۇلغاندا، ھەق سۆزلىگەنلەر ئاۋۋال تاقىلىدىغان قاغىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

- مۇختار ھاپىز

ئاپتور: كۇچا ناھىيە چىمەن بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲بىر مىللەتنىڭ ھەقىقىي ئەتىۋارلاشقا تېگىشلىك ئادەملىرى نوقۇل ھالدا ئۇلاردىن چىققان پەيلاسوپ ۋە سىياسىيونلارلا بولماستىن، بەلكى يەنە ئەخلاقلىق، ئىمان - ئېتىقادلىق، مەرد، قەيسەر، ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن قوربان بېرىشكە تەييار ئوغلانلارنى ۋە ھايالىق قىزلارنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان ئاتا-ئانىلاردۇر. شۈبھىسىزكى، ھازىر بىزدە بۇنداق پەخىرلىك ئاتا-ئانىلار ھەقىقەتەنمۇ ئاز، بەكمۇ ئاز.

- ئوسمانجان توختى

ئاپتور: شىنجاڭ كومبايىن زاۋۇتىدا

▲ بەزىدە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى بەزى ئىشلارغا تەققاسلاپ: «... بىلىق بىلەن سۇدەك يېقىن» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇنىڭدىكى «بىلىق بىلەن سۇدەك يېقىن» دېگەن ئوخشىتىشنى تازا ئادىل بولمىغان ئوخشىتىش» دەپ ئويلاپ قالىمەن. چۈنكى بېلىققا نىسبەتەن سۇ بولمىسا زادى بولمايدۇ، لېكىن سۇغا نىسبەتەن بېلىق بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

- ئۆمەر ھوشۇر

ئاپتور: بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى چارۋىچىلىق پەن تەتقىقات ئورنىدا

▲ چېكى يوق ئۆمۈر بولمىغىنىدەك، چېكى يوق سەۋرمۇ بولمايدۇ.

▲ نادان ئايالنىڭ قورسىقىدا تۆرىگەن بالا ئىنسانىيەت ئۈچۈن بالا؛ ھەقىقىي ئايالنىڭ قورسىقىدا تۆرىگەن بالا ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياخشىلىقتىن سادا.

▲ئادەم مايمۇندىن ئۆزگەرگەن ئەمەس، بەلكى ھايۋان كەبىي ئىنساننى ئىلاھ مايمۇنغا ئۆزگەرتىۋەتكەن.

- شەھىدە

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرىدە

▲ئەزەلدىن جاھاننى تىزگىنلەيدىغانلار ئەرلەر بوپكەلگەن، لېكىن ئەرلەرنى تىزگىنلەيدىغانلار يەنىلا ئاياللار.

▲ ئىش يۈزبېرىشنىڭ ئالدىدا دۈپۈلدىگەن يۈرەك شۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىدۇيۇ، لېكىن شۇ ئىشنى قىلىشتىن قول تارتالمايدۇ.

- مۇھەممەتجان سەلەي

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ئەلەمدارنىڭ تېنى يارىلانسا، قەلەمكەشنىڭ يۈرىكى يارىلىنىدۇ.

▲كەيپ دېمەك - ئەيىب دېمەكتۇر.

▲ ھېچبولمىغاندا ئەپەندى بولار، دېگەن سۆزلا جەمئىيىتىمىزدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن باھادۇر.

▲ ئىقتىدارسىز ھۆكۈمران قانۇن تۈزۈشتىن قورقىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزىدە ئۆزى تۈزگەن قانۇنغا ھۆرمەت قىلغۇدەك سەممىيلىك بولمايدۇ.

▲ كىچىكىمدە دادام: «ياخشى ئوقۇپ ئالىم بول» دەيتتى، ھازىر بولسا: «پۇرسەت تېپىپ كادىر بول» دەيدىغان بولدى.

- ئېلى توختى (ئەينەك)

ئاپتور: باي ناھىيە مىچىغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئەگەردە تەقدىر ھەممە كىشىنى ئوخشاش ياراتقان بولسىدى، دۇنيادا كىم كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلار ئىدى؟

▲بەلكىم سەن كۆزۈڭگە ئىلمىغان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە سەن ئەڭ موھتاج كىشىلەر بولۇپ چىقىشى مۇمكىن.

▲ دوستلىرىڭنىڭ كۆڭلىڭدىكىدەك ئادەم ئەمەسلىكىدىن ئاغرىنما، بەلكىم سەنمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئادەم بولماسلىقىڭ مۇمكىن.

- ئابدۇللا مۇھەممەت

ئاپتور: شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ بوزەك بولسەن، بوزەك قىلىشنى ئۆگىنىسەن، بۇ، تۇرمۇشنىڭ ساڭا ئۆگەتكەن قانۇنىيىتى.

▲ ئاياللارنىڭ ئاپتىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئەرلەرنىڭ تۈگەشكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

- مۇساجان ئەزىزى

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمىدۇن يېزا بازىرىدا يەككە تىجارەتچى

▲ موقۇدارلار يازغۇچىنىڭ قەلىمىدىن قورقىدۇ.
پۇقرالار باشلىقنىڭ ئەلىمىدىن قورقىدۇ.
بوزۇقلار ئۆزىنىڭ نەسلىدىن قورقىدۇ.
پۇلدارلار ھاياتىنىڭ خەۋپىدىن قورقىدۇ.

- ئاسگۈل مۇھەممەت

ئاپتور: كۇچا ناھىيە چىمەن بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲قىزلار مۇھەببەتلىشىۋاتقان چاغدا بىلىپ-بىلمەيلا ئارتىسقا ئايلىنىدۇ. توي كىيىمى كىيگەن چاغدا سەھنىدىن چۈشۈشكە باشلاپ ئۆزىگە قايتىدۇ.

▲ مەقسىتى ئېنىق بولمىغان سۆيۈش بەزىدە سۆيۈلگۈچىگە مەقسەتسىزلا زىيانكەشلىك قىلىپ قويىدۇ.

▲ كۆپىنچە ھاللاردا كېرەك بولسىمۇ - بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدىغان نەرسىلەرنى كۆپ سېتىۋالىدىغانلار، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزىگە ئەڭ كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالالماي قالىدۇ.

▲ مەن يۇمۇرلۇق، ھېسسىياتلىق گەپلەرنى كۆپ قىلىدىغانلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ چىن ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىمەن. ئۇلار ئاشۇ يۇمۇرلۇقلۇقى بىلەنلا باشقىلارنى جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ.

▲ بىرەر پارچىمۇ كىتاب بولمىغان ئۆي، روجىكى يوق قاراڭغۇ ئۆيگە ئوخشايدۇ.

**- گۈلباھار مۇھەممەت**

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا مىيى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

* * *

▲ ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى پەن-تېخنىكا يۈكسەكلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەخلاق يۈكسەكلىكى بىلەنلا قولغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن.

**- ئابلىمىت ئابدۇقادىر**

ئاپتور: تارباغاتاي ۋىلايەت 2-ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھۆكۈمرانلارنىڭ تەقدىرى ئاۋامنىڭ قولىدا بولمىسا، ئۇ چوقۇم ئاۋامنىڭ پېشانىسىدە...

▲ مەغلۇب بولغاندا دوستۇڭنى، غەلىبە قىلغاندا دۈشمىنىڭنى سىناپ باق.

**- ئوسمانجان مۇھەممەت**

ئاپتور: ئۈرۈمچى «مەرىپەتچىلەر پەن-تېخنىكا تەربىيىلەش مەركىزى»دە

▲ خاس مەيدانى يوق ئادەملەر چېكىتى يوق تارازىدۇر.

▲ ئۆز يىلتىزىنى ئىزدەشكە قىزىقمىغانلارغا تارىخ ناتونۇش بىرسىنى ئاتا قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

**- ئابدۇۋەلى ئابدۇقەييۇم ئاتاغۇر**

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر دۆلەت مەمۇرلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى ئاساسىي قاتلام كادىرلار 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ بىر نەرسىنىڭ ھەقىقىي قىممىتى قولغا كەلگەندە ئەمەس، بەلكى قولدىن كەتكەندە بىلىنىدۇ.

▲ پەرزەنتلىرىگە ھەدېسلا: «مەن سېنىڭ ئاناڭ»، «مەن سېنىڭ داداڭ» دەپ ئۆز سالاھىيىتىنى پەش قىلىدىغان ئاتا-ئانىلار ئۆز قەدىر-قىممىتى، ئابرويىنىڭ پەرزەنتى قەلبىدە ئاشۇ سۆزىدەكلا ئەرزانلىشىپ كېتىۋاتقىنىنى بىلسە ئىدى، ئۇ سۆزنى ئاسانلىقچە ئېغىزىدىن چىقارمىغان بولاتتى.

▲ پەرزەنت ئۈچۈن بىر ناباب ئانا - مىڭ دۈشمەندىن خەتەرلىك.

▲ بىر ئەرنىڭ جۈرە تاللاش جەريانى نوقۇل ھالدا ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك رەپىقىسىنى تاللىشى بولماستىن، ئۇ يەنە بولغۇسى پەرزەنتلىرىنىڭ قابىل ئانىسىنى، تەربىيىچىسىنى، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ساپا ئۆلچىمىنى تىكلىگۈچىنى تاللاش جەريانىدۇر.

▲ ئاق كۆڭۈللۈك - پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك دۆتلۈكتۇر.

▲ ئىنسان تەبىئىتى ھەرقانداق خاراكتېرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋېتەلەيدىغان «ئۇنىۋېرسال ئاشقازان».

▲ «ئەمدى كېچىكتىم» - دوستۇم، بۇ سۆزنى يىراقلارغا چۆرۈۋېتىڭ. كېچىكمىدىڭىز، سىز تېخى نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايسىز، سىز ھەتتا سەكراتتا چۈشۈپ قالغان، نەچچە مىنۇتلا ئۆمرىڭىز قالغان بىمار بولسىڭىزمۇ تىرىشىڭ. سىز ھېچبولمىغاندا ئەۋلادلىرىڭىزغا نەچچە ئېغىز ھېكمەتلىك سۆز قالدۇرالايسىز.

▲ باشقىلاردىن «ماڭا كۆڭۈل بۆلمىدى» دەپ رەنجىمە. گويلاپ باق، سەن ئۇلارغا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلەلىدىڭ؟

▲ ئىنسان ئازدۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىسى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، توغرا يولدىن ئازماي دۇرۇس ياشاپ ئۆتكەن ئېسىل، ئالىيجاناب كىشىلەر ھايات سەھنىسىدىكى بىر مۆجىزە.

▲ تەڭرى بىرىمىزگە گۈزەللىك ۋە تالانت بەردى، يەنە بىرىمىزگە بولسا بەخت ۋە ئامەت بەردى. بىز بۇنى تەكشىزلىك دېدۇق، ئەمەلىيەتتە بۇ دەل تەڭلىكتۇر. ئاۋادا تەڭرى بىرىمىزگە گۈزەللىك، بەخت، تالانت، ئامەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بېرىپ يەنە بىرىمىزگە ھېچنېمە بەرمىسە، مانا بۇ ھەقىقىي تەكشىزلىكتۇر.

▲ «ساددا» سۆزىنىڭ ئىستېمال مەنىسى باللاردا ئوماقلىق بىلەن ئىپادىلەنسە، چوڭلاردا دۆتلۈك بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**- ئايگۈل تۇرسۇن**

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە توپلۇق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ فىزىكا مۇئەللىمەسى

## پۇچۇلغان ھېسلار

▲ تارىختىن مەلۇمكى، كۆپلىگەن سىياسىيونلار ئۆز سىياسىتىنىڭ قولىدا ھاقارەتلىك يوسۇندا جان بېرىدۇ.

▲ نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدا كىشى بىلمەيدىغان قورقۇنچلۇق مەخپىيەتلىكلەر ساقلانغان بولىدۇ.

▲ - ... بۇ ئادەملەر نېمە بوپكېتىۋاتىدۇ-ھە! چىڭ تۇتسا ئەركىنلىكىمىزنى بوغدى دېسە، قويۇپ بەرسە ئادىمىي ھايۋانغا ئايلانسا، نېمە دېگۈلۈك زادى...

**- نەبىجان مەھمۇت (ئاۋار)**

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر 5-ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## ئەقىلدىن ئەقىلگە

▲ تۈلكىنىڭ داڭلىغاندا ھېچبىشى ھىيلىگەرلىكتىن بولسا، ئادەمنىڭ داڭلىغاندا ھېچبىشى دېۋەڭلىكتىن بولىدۇ.

▲ ئاتا-ئانىنىڭ بالىسىنىڭ يامان گېپىنى قىلىشى ئەقىلسىزلىقتىن، بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ يامان گېپىنى قىلىشى ۋاپاسىزلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ مۈشۈكنىڭ ھەرسەھەردە يۈزىنى يۇيۇشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ پاكىز ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەستىن، بەلكى كېچىچە قىلغان -ئەتكەنلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ ئاياللار ھامىلدار بولغاندا، ئەرلەر ھوقۇق تۇتقاندا قورسىقى چوڭىيىدىكەن. بۇمۇ بىر ئەر-ئاياللارنىڭ پەرقى بولسا كېرەك.

## «غەربكە ساياھەت» فىلىمىگە «تۆھمەت»

▲ «غەربكە ساياھەت» گەرچە بىر ئەپسانىۋى - رىۋايەتلىك فىلىم بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق تۆت پېرسوناژ - تاڭسىڭ، سۈنۋۇكۇڭ، جۇباجيې، شاسىڭلار ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ خاسىيەتلىرى بىلەن كەڭ تاماشىبىنلارنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. ئەمما جەمئىيىتىمىزدىكى ئادەملەر بىلەن بۇ ئەپسانىۋى پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى تۆۋەندىكى تەبىئىي باغلىنىشلارغا ھەيرانمەن:

ئاڭسلىق - كېلىپ چىقىشى ھارامدىن بولغان، زامان تەرەققىي قىلغانسېرى ھارامدىن بولغانلار كۈنسايىن كۆپەيمەكتە.

سۇنۇۋۇكلۇك - ئەسلى كېلىپ چىقىشى تاش، تۇرغان تۇرقى پەقەتلا تۈك. قاراپ باقمىدىغان بولساق، ئەتراپىمىزدا يۈزىدە تۈكى بار تاش يۈرەك - ئىنسابسىزلار تولۇپ يېتىپتۇ.

جۇباجىي - تۇرغان تۇرقى ئەلەتى سەت بىر ئاچكۆز، شەھۋەتپەرەس، سالپاڭ قۇلاق چوشقىباي. شۇ كۈنلەردە نەگىلا بارمىغىن يەپ-ئىچىپ تويمايدىغان پوق قورساق ئادىمىي چوشقىلارنى كۆرۈسىز.

شاسلىق - ئەسلى بىر ئالۋاستى، مىجەزى سالاچى. ئەتراپىمىزغا قارىساق، ھەقىقىي ئادىمىيلىك - ئەركەكلىكنى سىنايدىغان ھەق-ناھەق پەيتلەردە كۆكرەك كېرىپ چىقىپ ئىككى قوۋۇز لىللا گەپ قىلىدىغان مەردلەردىن كۆرە بىتەرەپ بولۇۋېلىپ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالىدىغان ھەزىلەكلەر كۆپ.

- ئەخمەتجان ئابدۇۋەلى

ئاپتور: چەرچەن ناھىيە يېڭىئۆستەڭ يېزا تۆپە ئۆستەڭ كەنتىدە، دېھقان

## تېپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ ئەرلەرنىڭ بۇزۇلۇشى ساتقۇچىلارغا پايدا ئەكېلىدۇ. چۈنكى ئەرلەر ئىچىملىك، چېكىملىك، شەھۋەتپەرەسلىك ئۈچۈن پۇلنى ئايىماي خەجلەيدۇ.

ئاياللارنىڭ بۇزۇلۇشى قۇللۇقنى ئەكېلىدۇ. چۈنكى ئۆزى بۇزۇلغان ئايال كەلگۈسى ئەۋلادلىرىنى قانچىلىك تەربىيىلىمەكچى؟

▲ كىچىكىمىزدە، چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاش كېرەك، دەپ تەربىيە بېرىلدى، چوڭ بولغاندا، ئەمەلدارنىڭ گېپىنى ئاڭلاش كېرەك، دەپ تەربىيە بېرىلدى. شۇنداق قىلىپ بىزگە سۆزلەش پۇرسىتى بېرىلمىدى. ئاخىرىدا ئەركىن پىكىر قىلىش ئىقتىدارىمىزدىن مەھرۇم بولدۇق.

▲ ئەمەلدار چىرىكلەشسە خەلقنىڭ سېلىقى ئېغىرلايدۇ، پۇقرا چىرىكلەشسە قۇللۇق جەمئىيەت باشلىنىدۇ.

▲ سەن ئېرىشەلمىگەن ئەمما ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسە سەن ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس بىلىنىدۇ.

▲ «بىلمەيمەن» دەپ روھىڭنى چۈشۈرمە. چۈنكى سەن باشقىلار بىلمەيدىغان بىرەر نەرسىنى بىلىشىڭ مۇمكىن.

▲ زامان تەرەققىي قىلغانسېرى بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان ھەرخىل كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئادەمدىكى كېسەللىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىمۇ ياكى تېببىي پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىمۇ؟

▲ ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى ئاياللارنى قۇللۇقتىن قۇتقۇزدى، ئەمما ئۇلارنى باشباشتاق قىلىپ قويدى.

▲ پەقەت ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنىلا ئويلايدىغان ھۆكۈمران كەمچىلىكنى كۆرسىتىپ بەرگەنلەرنى ئەڭ ئاۋۋال جازالايدۇ.

▲ دوستۇڭنى سىنىماقچى بولساڭ، ئۇنىڭغا ئۇ قىزىقىدىغان بىرەر ئىشنى ئېيتىپ بەرگىن. ئەگەر ئۇ ئىچكىرىلەپ سوراۋەرسە، سەن ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلە.

▲ ئوغۇللارنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى - ھېسسىياتقا ئالدىنىش. قىزلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى - شېرىن سۆزگە ئالدىنىش.

- زەينەپگۈل جامال

ئاپتور: باي ناھىيە سايرام بازار يېڭىباغ كەنتىدە، دېھقان

## تېپەككۇردىن تەرمىلەر

▲ باشقىلارنى كەچۈرۈۋېتىش بەزىدە ئالىيجانابلىقتىن ئەمەس، بىچارىلىكتىن بولىدۇ.

▲ سۆزلىگۈچى ئۆزى ئەمەل قىلمىغان يەردە، تىڭشىغۇچىنىڭ ئەمەل قىلماسلىقى نورمال ھادىسە.

▲ كۆزىتىشىمچە، كۆپلىگەن قىزلار كۆپنى كۆرگەن شاللاق ئوغۇللارغا قىزىقىدىكەن. ئوغۇللار بولسا ئىش كۆرمىگەن سەبىي قىزلارنى ياقتۇرىدىكەن. ئەكسىچە، قىزلار بارغانچە كۆپنى كۆرۈپ شاللاقلىشىپ كەتسە، ئوغۇللار شۇنچە مۇلايىم - رايىشلىشىپ كېتىۋېتىپتۇ.

▲ سادام: «دۇنيادا ئەڭ خەتەرلىك ئىش باشقىلارغا ئىشىنىش» دېگەنىكەن. سادامنىڭ تۇتۇلۇشى بۇ نۇقتىنى روشەن ئىسپاتلىدى.

▲ ئوتتۇرا شەرقتىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ تۇساتتىن غەربكە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى چۈشەنمەكچى بولسىڭىز «تۈلكىنىڭ تەقسىماتى» دېگەن مەسەلنى ئوقۇڭ.

▲ ئۇيغۇرلار بۆرىنى توتېم قىلغاندا بۆرىنىڭ بويسۇنماس - قەيسەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاچ قالغاندا ئۆز قەۋمىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ۋەھشىيلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

▲ تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا ھەركۈنى بىر جانلىقنىڭ نەسلى قۇرۇماقتا. مۇشۇ بويىچە بولغاندا پات ئارىدا نەسلى قۇرۇش نۆۋىتى ئىنسانلارغا كېلىدۇ.

▲ ئالدى بىلەن ئېتىقاد يوقىلىدۇ، ئاندىن مىللەت، ئاخىرىدا ئىنسان يوقىلىدۇ.

- ئوبۇلقاسىم نۇرئەخمەت (سەۋدايى)

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە جاھانباغ يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## قانلىق قاداقلار

▲ نېمىنى كۆپ يېسە شۇنەرسە لاۋزا تېتىغاندەك، قايسى گەپنى تولا ئاڭلىسا شۇ گەپ تېتىقسىز بىلىنىدۇ.

▲ گۇمانخورلۇق - بىر بولسا دانالىقنىڭ، يەنە بىر بولسا نادانلىقنىڭ ئىپادىسى.

▲ ئازغۇنلۇقتا مۇنداق ئىككى خىل ئاقىۋەت پەيدا بولىدۇ: بىرى، ئۆزىنى ھالاك قىلىش، يەنە بىرى ئۆزگىنى ھالاك قىلىش.

▲ ھازىرقى دۇنيادا «ئەلدىن ئەلگە نەپ» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تولۇق چۈشىنىۋالالايسەن.

▲ باشقىلار كۆرگەننى كۆرمەي، باشقىلار كۆرمىگەننى كۆرەلىسەڭ ھەقىقىي ئىجادكار بولالايسەن.

▲ ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سىرلىقلىقى يېرىم ئاشكارا بولىدۇ، ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن تولۇق ئاشكارا بولىدۇ.

▲ زۇلۇمنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنەي دېسەڭ قانۇنى ساختا ئەلگە بار.

▲ ھايۋاننىڭ ياۋۇزلۇقى نەپسى ئۈچۈن بولسا، ئىنساننىڭ ياۋۇزلۇقى نەپ ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ.

▲ پەقەت ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدە «كەلگۈسى» دەيدىغان ئۇقۇم مەۋجۇد بولغاچقىلا تارىخ دائىم چالا بوپقېلىۋاتىدۇ.

▲ ماھىيەت بىر بولسىمۇ ئىدىيە ھەرخىل بولسا يەنىلا بىرلىككە كەلگىلى بولمايدۇ.

▲ قىزلارنىڭ ئوغۇللارغا بەرگەن قەسىمى ئۆزىگە ئىشىنىشنى مەقسەت قىلسا، ئوغۇللارنىڭ قىزلارغا بەرگەن قەسىمى ئۆزىنى چۈشىنىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

▲ بالاڭنى ھەددىدىن زىيادە ئەركىلىتىپ باقساڭ، چوڭ بولغاندا ئۇنىڭغا قاپاقمۇ تۇرالمايدىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قالىسەن.

▲ بىرگە پۇرسەتپەرەسلەر سەۋرچان كېلىدۇ، يەنە بىرگە

ئائىلىلار سەۋرچان كېلىدۇ.

▲ تەبىئەتكە قىلىنغان ئاسىيلىق ئەمەلىيەتتە تەڭرىگە قىلىنغان ئاسىيلىقتۇر.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، ئاۋام ھۆكۈمدارغا قانچىكى ئىتائەت بىلدۈرسە ھۆكۈمدار ئاۋامغا شۇنچىكى بېسىم ئىشلىتىدۇ.

▲ خەلققە زىيان يېتىشىدىن قورقماي ئۆز ھاكىمىيىتىگە زىيان يېتىشىدىن قورقىدىغان ھۆكۈمدار ئەمەلىيەتتە خەلقتىن ئايرىلىپ قالغان ھۆكۈمداردۇر.

▲ تەبىئىي ئاسسىمىلاتسىيە سۈنئىي ئاسسىمىلاتسىيىدىن خەتەرلىكتۇر. چۈنكى، سۈنئىي نەرسىنىڭ ساختىلىقى ناھايىتى تېزلا ئاشكارا بولىدۇ. ئەمما تەبىئىي نەرسە مەڭگۈ شۇ پېتى كېتىۋېرىدۇ.

▲ ناكەسلەر كۆپەيگەن جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ قول تىقمىغان ساھەسى قالمايدۇ.

▲ ئاياللار پەزىلەت بىلەن پەرىشتە، شەھۋەت بىلەن شەيتاندۇر.

▲ ئارزۇنىڭ ھەرۋاقىت بىر قانىتى سۇنۇق كېلىدۇ.

▲ يىراقلىق تەشنالىقتۇر، يېقىنلىق قانغانلىقتۇر.

▲ چۈشەنمەسلىك قىزىقىشقا، چۈشىنىش يېنىشىشقا يول ئاچىدۇ.

▲ ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن ھاكىمىيەتنى سۆيۈش ئوخشىمايدۇ. ئالدىنقىسى تەبىئىي بولىدۇ، كېيىنكىسى نىسپىي بولىدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ھاكىمىيەت ئۆزىگە قارشى چىققۇچىلارنى كۆزدىن يوقىتىپ كەلگەن. شۇ ۋەجىدىن «خەلق قەھرىمانلىرى» بارلىققا كەلگەن.

▲ كۆپىنچە ھاللاردا كىشىلەر سېنىڭ مەۋجۇدلۇقىڭنى سەن ئۆلگەندىن كېيىن ئاندىن ھېس قىلىدۇ.

▲ دانىشمەنلەر دانالىقنى موھتاجلىق تونىنى كىيىپ يۈرۈپ ئۆگىنىدۇ.

▲ بىرنەرسىنى قانچىكى ئېگىز كۆتۈرسەڭ ئۆزۈڭ شۇنچىكى تۆۋەندە قالىسەن.

▲ ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ مايمۇن يېپىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكى ئادەم يېيىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ بىشارىتىدۇر.

▲ ئايالار كۆز يېشى ئارقىلىق تەسەللىي تاپسا، ئەرلەر كۆز يېشى ئارقىلىق ئۆز غەزىپىنى ئىپادىلەيدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ دېيىشى ئۇسسۇل ئويناۋەرسەڭ سېنىڭ دېيىشىڭگە ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئادەم چىقمايدۇ.

▲ ئۆزىنى تونۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئۆزىنى تونۇشتۇر.

▲ مائارىپى شەكىلۋازلىققا يۈزلەنگەن مىللەت كەلگۈسىنى كۈتمىسۇن.

▲ ھازىرقى دۇنياغا قاراپ ئەقىل دائىم ئىنساننىڭ نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، دېسەك خاتالاشقان بولماسلىقىمىز مۇمكىن.

▲ نىكاھ مۇھەببەتنى ھالاللىققا ئىگە قىلىدۇ.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، كىشىلەرنى قورقۇق نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىگە قىلىنغان ئەڭ ئېغىر ھاقارەتتۇر.

▲ دۇنيادا سېنى چۈشىنىدىغانلار كۆپەيگەنسېرى سېنى سۆيىدىغانلار ئازلاپ بارىدۇ.

▲ ئائىلە مۇھىتى بولغانسا بالا زەنجىرگە، ئاتا ئىتقا، ئانا ئىت يېتىلىگەن ئادەمگە ئوخشاپ قالىدۇ.

▲ «خەلقنىڭ ئۆزى ئۆزىگە خوجايىن بولۇشى»نىڭ ئالدىنقى شەرتى شۇكى، خەلققە ھۆكۈمەتنى نازارەت قىلالايدىغان ھوقۇق بېرىشتۇر.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، دىنىي خۇراپاتلىق كىشىلەرنى ئېھتىياتچان قىلىپ قويسا، سىياسىي خۇراپاتلىق كىشىلەرنى قورقۇنچاق قىلىپ قويىدۇ.

▲ دەۋرىمىزدە ئائىلە تەربىيىسى يوق دېيەرلىك، مەكتەپ تەربىيىسى ساختا، جەمئىيەت تەربىيىسى بولسا چاكىنا ھالدا ئېلىپ بېرىلماقتا.

▲ ئىنساننىڭ مۇستەقىل كۆز قارىشى ۋە ساپ ئىدىيىسى ئۇنىڭ سۇنماس ئىككى قانىتىدۇر.

▲ چەكلەنگەن ئىشتىنمۇ چېكىدىن ئاشقان ئىش بەكلا يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلىدۇ.

▲ بالىغا ئانچە-مۇنچە زۇلۇمنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويۇش كېرەك. بولمىسا ئۇ چوڭ بولغاندا «قۇلدار» بولۇۋالىدۇ.

▲ ئادەملەرنى خاس قورال ئارقىلىقلا قىرغىن قىلغىلى بولۇپلا قالماستىن يەنە مەدەنىيەت ئارقىلىقمۇ قىرغىن قىلغىلى بولىدۇ. ھازىر قايسى خەلقنىڭ مەدەنىيىتى قايسى خىل مەدەنىيەت تەرىپىدىن يوقىتىلىۋېتىلسە ياكى ئۇنىڭ يوقىلىش يولىنى كەڭ قىلىپ قويسا شۇ مەدەنىيەت قىرغۇچى مەدەنىيەت بوپقالماقتا.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، باتۇرلار ھەرۋاقىت ئۆز كېپەنلىكىنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان كىشىلەردۇر.

▲ ھەقىقىي شائىرلىرى يوق جەمئىيەت ھەقىقىي ئاشىقلىرى يوق جەمئىيەتتۇر.

▲ شەخسىيەتچىلەر بىلەن ئىتتىپاقلاشقىلى بولمايدۇ.

▲ شائىرلىق كوچىسىدا تىنەپ يۈرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ كوچىدا چىقىش ئېغىزى تاپالماي تىنەپ يۈرگەنلەردۇر.

▲ بىراۋنىڭ سېنى چۈشەنگىنى ئەمەلىيەتتە سېنى مەغلۇب قىلغىنىدۇر.

▲ نامراتلار ياراتقان نېمەتلەردىن بايلار كېكىرىدۇ. بايلار يېگەن نېمەتلەرنى نامراتلار ئارزۇ قىلىدۇ. «ھالۋىنى ھېكىم يەر، تاياقنى يېتىم» دېگەن ماناشۇ.

▲ قەدرىڭ ئۆتۈلمىگىچە قەدرىلىك بولالمايسەن.

▲ ئەقىل سېنى باسسا، ھېسسىيات سېنى قوپۇرىدۇ.

▲ كۆل توزۇپ كەتسە ھېچنېمىگە يارىمىغىنى بىلەن بىراق چوغلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويىدۇ.

▲ ئاقىللارنىڭ نادانلارغا نەسىھەت قىلغان مەزگىلى ئۇلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالغان مەزگىلىدۇر.

▲ ئاۋام بىلەن ھۆكۈمدارنىڭ مۇناسىۋىتى ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ.

▲ مۇستەبىت جەمئىيەتتە سىياسىي چوماق ئاجىزلارنىڭ بېشىغا تېگىپ تۇرسا، دېموكراتىك جەمئىيەتتە قانۇنىي چوماق زوراۋانلارنىڭ بېشىغا تېگىپ تۇرىدۇ.

▲ ئايالار ئىرادىسىنى يوشۇرۇن ئىپادىلىسە، ئەرلەر ئاشكارا ئىپادىلەيدۇ.

▲ يېڭى شەيئىي «نېمە ئۈچۈن؟» دىن باشلىنىدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ئالداش ۋە ئالدىنىش مۇناسىۋىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان ھاكىمىيەت ساختىلىقنى مەنبە قىلىدۇ.

▲ نوپۇسنى تىزگىنلەشتىن ئاۋۋال نومۇسنى بىلمەيدىغانلارنى تىزگىنلىسەك بولاتتى.

▲ بىرەر جەمئىيەتكە باھا بەرمەكچى بولساڭ قانداق كىشىلەر ئەزىزلىنىپ، قانداق كىشىلەر خارلىنىۋاتىدۇ؟ شۇنىڭغا نەزەر سالساڭ كۇپايە.

▲ يامان ئىتنى باغلاپ قويسىمۇ كىشىلەر يەنىلا ئۇنىڭدىن قورقىدۇ.

▲ سەن ئۆزۈڭ قىلىۋاتقان ئىشلارنى كەلگۈسى ئۈچۈن دەيسەن. ئەمما شۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى كەلگۈسىگە بارغاندا سېنى قانداق ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، بۇنى ئويدان ئويلانمايسەن.

▲ ھازىر ئىنسانىيەت بالايىئاپىتىنىڭ باش سەۋەبكارى يەنىلا ئەقىل-پاراسەت بوپقېلىۋاتىدۇ.

▲ ئەجدادلار تارىخنى بىزنىڭ ساۋاق ئېلىشىمىز ئۈچۈن ياراتقان .

▲ ئەنئەنىدىن ياتلىشىش ئەتىكى يوقىلىشنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر .

▲ ساڭا تىك قارىغانلارنى مەغرۇر كۆرمە ھەم مەنسىتمەيمۇ قالما .

▲ يىقىلغان ئادەمنى يۆلەپ تۇرغۇزغىلى بولىدۇ .ئەمما يوقالغان روھنى تېببىي تىرىلدۈرگىلى بولمايدۇ .

▲ ئاتىلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى باللارنى تىرىك يېتىمگە ئايلاندۇرسا ،ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى باللارنى تىرىك مۇردىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ .

▲ تەبىئەتنىڭ سۈنئىيلىشىشىغا ئەگىشىپ ،كىشىلەر تەبىئىتىمۇ سۈنئىيلىشىپ بارماقتا .

▲ ھازىر ھەركىم ھەرنېمىگە باھا بەرگەندە ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى ئەمەس ، شەخسىي نەپنى ئۆلچەم قىلىدىغان بولغاچقا ،دۇنيادا تۈرلۈك نىزا ۋە جەڭگى-جېدەللەر بېسىقمايۋاتىدۇ .

▲ تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ يالغاننى زېرىكمەي سۆزلىشى ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىگە قىلغان ئەڭ ئىلمىي ھاقارەتتۇر .

▲ ئاياللار ئىلاجىسىزلىقتىن باش ئەگسە ، ئەرلەر ئىرادىسىزلىكتىن باش ئېگىدۇ .

▲ ئاياللار ئەرلەرنىڭ پېشىگە ئېسىلسا يۆلەنچۈككە ئېرىشىدۇ ، ئەرلەر ئاياللارنىڭ پېشىگە ئېسىلسا پېشكەللىككە ئېرىشىدۇ .

▲ ۋاز كېچىش يېڭى يولغا باشلايدۇ .

▲ ھاياتنىڭ تىزگىنى ئەمەس ۋاقىتنىڭ تىزگىنى ئۆز قولۇڭدا بولىدۇ .

▲ قەھىر-غەزىپىڭنى كېرەكلىك يەرگە ئىشلەت . بولمىسا ئۆزۈڭگە دۈشمەن كۆپەيتىۋالىسەن .

▲ مەكتەپلەرنىڭ رولى جەمئىيەت تەرىپىدىن كونتروللۇقىنى يوقىتىپ بارماقتا .

▲ ھايۋانلار بولسا ئىنسانلاردىن شەپقەت كۈتمەكتە ،ئىنسانلار بولسا ھايۋانلاردىن مەنپەئەت كۈتمەكتە .

▲ دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ نەسلى ھەممىنىڭ ئارقىسىدا قۇرۇپ تۈگەيدۇ .تۈگىگەندىمۇ بارلىق جانلىقلارنىڭكىدىنمۇ پاجىئەلىك ھالدا تۈگەيدۇ .

▲دەۋرىمىزدە ئىختىساسلىقلار ئىقتىسادلىقلار ئۈچۈن ئىشلەۋاتىدۇ .

▲ جەمئىيەتتەئاياللارنىڭ ئاشنىسى كۆپ بولسا ئەرلەر كۆپ بۇزۇلغان ،ئەرلەرنىڭ ئاشنىسى كۆپ بولسا ئاياللار كۆپ بۇزۇلغان بولىدۇ .

▲ يۇقىرىدىكى رەھبەرلەر تۆۋەنگە قەلەندەر سىياقىدا كەلسۇن ، شۇ چاغدا ھەممىنى ھەقىقىي كۆرەلەيدۇ .

▲ ئاتا بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدا پەردىشەپ بۇزۇلغاندا قىيامەت قايىم بولۇشقا باشلايدۇ .

▲ مۇخبىرلارنىڭ «تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ»يازغانلىرى جەمئىيەتتە خەلق ئارىسىدا لەيلەپ قالماقتا .

▲ بەزىدە مىڭ كىشىنىڭ دېگىنىدىن بىر ئادەمنىڭ دېگىنى ئۈنۈملۈك بولىدۇ .

▲ مەنزىل قانچىكى ئۇزۇن بولسا ئۇنىڭ خەتىرىمۇ شۇنچىكى كۆپ بولىدۇ .

▲ بەزىدە بىر قارارغا كېلەلمەسلىك بىر بالاغا يولۇقسەن .

▲ تارىختىن مەلۇمكى ، جىنايەت ھادىسىلىرى ئەڭ كۆپ يۈز بېرىدىغان جەمئىيەت مۇنداق ئۈچ خىل بولىدۇ : بىرى ،مۇستەبىت ،يەنە بىرى ،چىرىك ، ئۈچىنچى بىر خىلى ،بۇزۇق .

▲ دېھقانلارنى بېيىش يولىغا يېتەكلەشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى بېيىش يولىنى يوقىتىش كېرەك .

▲ ھازىرقى جەمئىيەتتە ئۆزىنى ھەقىقىي تۇردە «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى»دەپ قارايدىغان ئوقۇتقۇچىلار زادى قانچىلىك ؟ بۇنى پەقەت جەمئىيەتكە قەدەم ئېلىۋاتقان باللارنىڭ ساپاسىغا قاراپلا بىلەلەيسەن .

▲دۇنيادىكى بارلىق پۇشايمانلار پۇرسەتنى چىڭ تۇتماسلىقتىن باشلىنىدۇ .

▲ ئەتىگە قانچە ئىنتىلگەنسېرى بۈگۈن شۇنچە مەنىسىز تۇيۇلىدۇ .

▲ھازىر دەۋرىمىزدە جەڭگاھلاردا قۇربان بولۇدىغانلار ئاز ، جېدەللەردە «قۇربان»بولۇدىغانلار كۆپ بولۇۋاتىدۇ .

▲ بۇ دۇنيادا سەن ئەڭ كېچىكىپ چۈشىنىدىغان ئادەم دەل دۈشمىنىڭدۇر .

▲ مەتبۇئات ماختاشقا چۈشكەندە مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتىگە مىتە چۈشۈشكە باشلايدۇ .

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى ، قورالىڭغا ئىشىنىشتىن ئاۋۋال پۇقرالىرىڭغا ئىشىنىشىڭ شەرت .

▲پۇقرالىرىڭنىڭ ئاغزىدىكى سۆزىنى ئەمەس ، يۈرىكىدىكى سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرساڭ ئاندىن ھوشيار ھۆكۈمدار بولالايسەن .

---

ئاپتور : يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا گەمسالىق كەنتىدە ،دېھقان

* * *

▲ كىشىلەر : بەخت دېگەن نېمىدۇ ؟دەپ سورىشىدۇ .مەن : بەخت دېگەن قانائەت دەيمەن .

**- ھەسەنجان پىچانىي**

---

ئاپتور : ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى باۋتۇ شەھىرىدە تىجارەتچى

▲باشقىلارنى چۈشۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەر ، باشقىلار ئالدىدا ئاللىقاچان ئۆزى چۈشۈپ بولغان ئادەملەردۇر .

▲گۇناھىڭنى يۇيىمەن دېسەڭ ،ئالدى بىلەن ئاناڭنى رازى قىل .

**- شازادەم ھەبىبۇللا**

---

ئاپتور : ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى رادىئو-تېلېۋىزىيە ئاخباراتى سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ تەۋەككۈلچىلىكنى ئويلاپراق قىل ،بولمىسا سەكرەيدىغىنىڭ تېگى يوق ھاڭ .

▲ ئوقۇرمەن دىققەت قىلىڭكى ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى»سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان ھەربىر ئەقلىيە ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئۆتكەن پىششىق فورمىلادۇر .

**- ئابدۇلھەمىد مەنسۇر**

---


ئاپتور : خوتەن شەھەر لاسكۈي بازار نەزەرباغ كەنتىدە ،دېھقان

▲ «تىل ۋە تەرجىمە»ژۇرنىلى تىلىمىزنى ساپلاشتۇرسا ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى دىلىمىزنى پاكلاشتۇرىدۇ .

**- تۇرغۇنئاي نەبى**

---

ئاپتور : قورغاس ناھىيە چىگىخوزا بازىرى 2-ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى(M1)



# رېۋايەتلەردىن رېئاللىيەتلەر

ئابلەت قەييۇم

## 1

### ـ «غەربكە ساياھەت»تىن ئىككى ھاسىلات

▲ تاڭ راھىبى تاڭ شۈەنزاڭ باشلىق تۆت كىشى غەربكە قىلغان نوم سەپىرىدە تالاي-تالاي مۈشكۈلاتلارغا دۇچ كېلىدۇ. بۇ يەردە بىر نەرسە ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. دىققەت قىلىپ قارايدىغان بولساق، تاڭسىڭ قاتارلىقلار دۇچ كەلگەن بارلىق مۈشكۈلاتلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئەرش سۇلتانلىقى، ئەۋلىيا-ئەنبىيالار، بۇدساتىۋالارغا بېرىپ چېتىلىدۇ. چۈنكى بۇ مۈشكۈلاتلارنى پەيدا قىلغۇچى جىن-ئالۋاستىلارنىڭ تېگى-تەكتى ئەرش بىلەن باغلىنىدۇ. ئۇلار ئەسلى قايسىبىر ئەۋلىيانىڭ مىنىدىغان شىرى، قايسىبىر ئەۋلىيانىڭ ئەرمەك ھايۋىنى، قايسىبىر ئەۋلىيانىڭ تۇغقىنى، قايسىبىر ئەۋلىيانىڭ خىزمەتكارى دېگەندەك نەرسىلەر بولۇپ، ئەرشتىن پەرشكە چۈشۈپ ئالۋاستىغا ئايلىنىدۇ. يول بويى قىلتاق قۇرۇپ تاڭسىڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولىدۇ. تاڭسىڭنىڭ شاگىرتلىرى جىن-ئالۋاستىلار بىلەن ھايات-ماماتلىق ئېلىشىپ، ئۇلارنى يېڭىپ، ئەمدىلا ئۇجۇقتۇرماقچى بولۇۋاتقىنىدا، قايسىبىر ئەۋلىيا ئارىغا چۈشۈپ، ئالۋاستىنى ئاسراپ قالىدۇ ۋە ئۇنى ئەرشكە ئەكېتىدۇ. بۇلارغا ئاساسلانغاندا، تاڭسىڭ قاتارلىقلار ئۇچرىغان تالاپەتلەرنىڭ ھەقىقىي جاۋابكارى ئەرش سۇلتانلىقى، ئەۋلىيا-ئەنبىيالار، بۇدساتىۋالار بولۇپ چىقىدۇ. شۇنىسى ئۇلار ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. تاڭسىڭ قاتارلىقلارنىڭ تارتقىنى تارتقان بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ھەتتا ئامىتا بۇددا چېغىدا ئۇلارغا قەستەن زۇلۇم سالغان تۇرۇپ، بۇنى «ئەجىر قىلىپ ئېرىشمەك» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇغۇ بىر ئەپسانە. بىراق جەمئىيەت تارىخىنى بويلاپ ماڭساق، مەزكۇر ئەپسانە بىلەن تەمسىلانە ئوخشاپ كېتىدىغان ئەمەلىي ھادىسىلەر تارىخىي ئىزچىللىق ھالىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. بۇنداق تارىخىي ئىزچىللىقنىڭ كىنايىلىك يەكۈنى شۇكى، «ئۇلۇغ»لارنىڭ سايىسى بولمايدۇ. «ئۇلۇغ»لارنىڭ ئىشلىرى ھامان ئۇلۇغ بولىدۇ. جىنايەت بولسىمۇ دىيانەت سانىلىدۇ. بۇنى كىشىلەر تېخىمۇ ئومۇملاشتۇرۇپ: «زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ» دەپ يىغىنچاقلايدۇ.

▲ سۇن ۋۇكۇڭ خاسىيەتلىك گۈرزىسىنى ئەرشكە تاقاشتۇرىدۇ. ئەرش سۇلتانلىقى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ غەرەزسىز ئىشىدىن پاراكەندە بولۇپ، ئۇنى جازالىماقچى بولىدۇ. لېكىن پۈتكۈل ئەرش سۇلتانلىقى سەپەرۋەرلىككە كېلىپمۇ سۇن ۋۇكۇڭنى بويسۇندۇرالمايدۇ. ئاخىرى ئەرش سۇلتانلىقى سۇن ۋۇكۇڭنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئامىتا بۇددىغا ئىلتىجا قىلىدۇ. ئامىتا بۇددا سۇن ۋۇكۇڭنى ئانا سىر تېغى ئاستىغا باستۇرۇپ قويىدۇ. بىراق سۇن ۋۇكۇڭ

ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى ئۆزگىچە

بۇنىڭغىمۇ تەن بەرمەيدۇ. ئۈستىدىكى تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ چاغدا ئامىتا بىر لەۋھە يېزىپ تاغ چوققىسىغا ئېسىپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تاغ تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، سۈن ۋۇكۇڭ قۇتۇلۇشقا ئامالسىز قالىدۇ. شۇنىدىن كېيىن بەش يۈز يىلغىچە تاغ ئاستىدا بېسىلىپ ياتىدۇ. ئاخىرى تاڭ راھىبى تاڭ شۈەنزاڭ كېلىپ تاغ چوققىسىدىكى باسقۇچى لەۋھەنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۈستىدىكى تاغنى پارچىلاپ تاشلاپ، تاغ باسمىقىدىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ. دېمەك، سۈن ۋۇكۇڭنىڭ تاغ ئاستىدا بەش يۈز يىل بېسىلىپ يېتىشىغا سەۋەب بولغىنى تاغ ئەمەس، ئامىتانىڭ ئالقانچىلىك لەۋھەسى. شۇ لەۋھە بولمىغىنىدا سۈن ۋۇكۇڭ تاغ ئاستىدا بەش يۈز يىل ياتمىغان، ئۈستىدىكى تاغنى ئالللىقاچان ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولاتتى.

جەمئىيەتتىكى ئىشلارمۇ ماھىيىتىدىن شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئادەتتە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان سەۋەبلەر بىر قاتار ئوبيېكتىپ مەسىلىلەر بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ. بىراق ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىلسىمۇ، بۇ مەسىلىلەرنى يېڭىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئىنچىكىلەپ قارىغاندا، جەمئىيەتنى بوغۇپ قويۇۋاتقان نەرسە تاغدەك چوقچىيىپ تۇرغان ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئامىتانىڭ لەۋھەسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تۈزۈلمە خاراكتېرلىك سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر بولىدۇ. شۇڭا جەمئىيەت تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان – جەمئىيەتنى بېسىپ تۇرغان «تاغ»لارنى غۇلىتىپ تاشلاپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئالدى بىلەن تاغ ئۈستىدىكى «باسقۇچ لەۋھە»نى ئېلىۋېتىش كېرەك.

2002-يىل 13-ئىيۇل

## 2

كىشىلەر «ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم» دېيىشىدۇ. ئويلىسىڭىز ھەقىقەتەن شۇنداقتەك تۇيۇلىدۇ. تەقدىرنىڭ قارا تاشلىرى يامان ئادەملەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ، ھەدېگەندىلا ياخشى ئادەملەرگە تېگىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئەمەلىي، ھېسسىي سەۋەبلىرى بار:

1. ياخشى ئادەملەر ئۆزىنى كۆپرەك باشقىلار ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار تېز خوراپ، ئاسان كېتىپ قالىدۇ؛ يامان ئادەملەر ئۆزىنى ئۆزىگىلا سەرپ قىلىپ قالماي، باشقىلارنىمۇ ئۆزى ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ جىسمانىي ھەم روھىي جەھەتتىكى خورىشى ئاستا بولۇپ، ئاسان ئۆلۈم كەلمەيدۇ.

2. ئادەمنى تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغان ئەجەللىك ئامىل روھىي بېسىم. روھىي بېسىم كۆپرەك يامانلىقتىن كېلىدۇ. يامانلىقنىڭ زىت تەرىپى ياخشىلىق بولغاچقا، يامانلىق ئەۋج ئالغان جەمئىيەتتە ياخشى ئادەملەر ئۇچرايدىغان روھىي بېسىم ھامان ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا يامانلىق يامرىغان مۇھىتتا ياخشى ئادەملەر روھىي بېسىمنىڭ زەربىسى تۈپەيلىدىن ئاسان تۈگىشىپ كېتىدۇ.

3. يامان ئادەملەر قەستخور كېلىدۇ، ياخشى ئادەملەر قەستخورلۇق قىلمايدۇ. شۇڭا يامان ئادەملەرنىڭ قەستكە ئۇچراش پۇرسىتى ئاز، ياخشى ئادەملەرنىڭ قەستكە ئۇچراش پۇرسىتى كۆپ بولىدۇ.

4. كىشىلەر ياخشى ئادەملەرگە يېقىن، يامان ئادەملەردىن بىزار. شۇڭا ئۇلارغا ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۆمرى قىسقا، يامان ئادەملەرنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بىلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

يۇزەكىي، ھېسسىي ئويلىغاندا مۇشۇنداق، بىراق تەتقىق قىلىپ كۆرگەندە ھەقىقىي سەۋەبلەر باشقىچىرەك بولۇشىمۇ مۇمكىن.

2002-يىل 14-نويابىر

## 3

نەۋائىي ئۇلۇغ شائىر، خانىدانلىقنىڭ ئەڭ سەممىي ئەمرى بولسىمۇ، خان ھەم قارانىيەت ۋەزىر-ۋۇزرالار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان. بۇنىڭغا ئۇنىڭ خان ھەم ۋەزىر ۋۇزرالار بىلەن ئاداۋىتى بولغانلىقى ئەمەس، ئاقىللىق، قابىللىق جەھەتتە ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرغانلىقى سەۋەب بولغان.

ئەينى چاغدا نەۋائىي دۆلەتنىڭ خاقانى بولمىسىمۇ، شېئىرىيەت ۋە ئىلىم-مەرىپەتنىڭ خاقانى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئىناۋەت – ئابرويى خاننىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن. خان ۋە كۆرەلمەس ۋەزىر-ۋۇزرالار بىر جەھەتتىن ئۇنىڭغا ھەسەت قىلسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەل-ئۇنۋانلىرى، ئېرىشكۈسى ئارمان-ئۇرۇنلىرى ئۈچۈن خەۋپ دەپ قارىغان. شۇڭا نەۋائىينىڭ ئۇلار بىلەن ھېچقانداق ئۆچ - ئاداۋىتى بولمىسىمۇ، ئۇلار پۈتۈن ئەس-يادى، بارلىق ھىيلە-مىكىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنى پۇتلاپ يىقىتىش قەستىدە بولغان.

ئەمەلىيەتتە نەۋائىيلا ئەمەس، نەۋائىيدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن نەۋائىيغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك مۇشۇنداق قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇنداق ئەھۋال ھېلىھەم مەۋجۇد. ئەتراپىمىزدا ھەرجەھەتتىن ياخشى بىر ئادەم ھېچقانداق ئۆچ-ئاداۋىتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ زەربە بېرىش ئوبيېكتىگە ئايلىنىپ قالىدىغان ئىشلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئادەتتە بۇ ئۆزىنى كۆرسىتىش، كۆرەلمەسلىك، ئۆز-ئۆزىدىن خەۋپسىرەش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولىدۇ.

مېنىڭچە، ئەمەل-مەنسەپ قىزغىنىپ، ياخشى ئادەملەرگە قارا سانايدىغان ئادەملەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى چۈشەنچىسى خاتا. بىرىنچىدىن، ياخشى ئادەملەر ئۇلاردىن ئەمەل-مەنسەپ تالاشمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ساختىپەزلىك ئاقىدىغان جەمئىيەتتە ئەمەلدارلىق سورۇنىنى تامامەن ساختىپەزلەر ئىگىلەپ كېتىدۇ. ساختىپەز ساختىپەزنىڭ قاياشى بولغاچقا، بۇنداق

ئەمۋالدا ياخشى ئادەممۇ ئەمەلدارلىق سورۇنىغا سىغمايدۇ. شۇڭا ئەمەل-مەنسەپكە مەپتۇن بولغان تەمەگەرلەرنىڭ ئۇلارنى ئۆز ئورنىغا خەۋپ ھېسابلاپ ئەنسىرىشى ئارتۇقچە. بەلكىم بۇ ئۇلارنىڭ ئاقىل ھەم قابىل كىشىلەر ئەمەل-مەنسەپ تۇتۇشقا ئەڭ مۇناسىپ ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئىستىخىيىسىز ئىقرارى بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتنىڭ مىزاجى ئۇنداق ئەمەس. ئەمەلىيەتنىڭ مىزاجى بويىچە ئۇلار ھەقىقىي ئەنسىرەشكە تېگىشلىك كىشىلەر دەل ئۆزىگە ئوخشاش ئەمەل-مەنسەپ كويىدا يۈرۈدىغان، ئەمەل-مەنسەپ ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاستىدىن يانمايدىغان قارانىيەت، قارا قول كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلار ھەر جەھەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرۇدىغان، پىكىر-خىيالى پاكىز، ياخشى ئادەملەردىن خاتىرجەم بولۇپ، دىققىتىنى ئۆز خىلىدىكىلەرگە قارىتىشى كېرەك. شۇچاغدىلا ئۇلار ھەقىقىي رىقابەتچىلىرىنى تاپقان بولىدۇ.

2003-يىل 1-ئۆكتەبىر

## 4

ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئەپسانىۋى ئەجدادى بولغان ئادەم بىلەن ھەۋۋانى گۇناھكار دەپ قارايدۇ. ئەگەر ئۇلار گۇناھ ئۆتكۈزمىگەن بولسا، ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكىدەك «جەبىر-جاپالىق» دۇنيادا ئەمەس، «راھەت-پاراغەتلىك» جەننەتتە ياشايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇلاردىن ئاغرىنىدۇ. ئۇنداقتا ئادەم بىلەن ھەۋۋانى راستىنلا گۇناھكار دېيىشكە بولامدۇ؟ مېنىڭچە، بولمايدۇ. بىرىنچىدىن، جەننەت مۇتلەق گۈزەللىكنىڭ مەنبەسى. ئەگەر ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ چەكلەنگەن مېۋىنى يېگەنلىكى گۇناھ دەپ قارالسا، گۇناھمۇ جەننەتتىن كېلىپ چىققان بولىدۇ. ئۇ چاغدا ياكى گۇناھمۇ گۈزەللىك ھېسابلىنىدۇ، ياكى جەننەتنىڭ مۇتلەق خاراكتېرىدە ناتايىنلىق كۆرۈلىدۇ. ئىككىنچىدىن، خۇدا ئادەمنى ياراتقاندا: «يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارالمىشنىڭ ئۆزۈڭدىن» دېگەنىكەن. دېمەك خۇدا ئىنسانغا ئىرادە ئىمكانىيىتى بىلەن بىرگە ئىرادە ئەركىنلىكىنىمۇ بەخش ئەتكەن. شۇڭا ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ يېمە دېگەننى يېگەنلىكى ئۇلاردىكى ئىنسانىي خاسلىق (ئىرادە ئەركىنلىكى)نىڭ تەجرىبە خاراكتېرلىك ئىسپاتلىنىشى ۋە ئىپادىلىنىشىدۇر.

ئادەم بىلەن ھەۋۋانى گۇناھسىز دېسەك، «ئەجەبا ئادەم بىلەن ھەۋۋا گۇناھسىز بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا جەننەتتىن چىقىرىش جازاسى بېرىلگەن» دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. بۇيەردىكى مەسىلە ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ جەننەتتىن چىقىرىۋېتىلگەنلىكى ئۇلارنىڭ جازالانغانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ دېگەندىن ئىبارەت. مېنىڭچە، ئۇنداق ئەمەس. بىزگە مەلۇم، جازالاش يەڭگىل بولغاندا مەھرۇم قىلىش، ئېغىر بولغاندا مەھكۇم قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئەگەر ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ يېمە دېگەننى يېگەنلىكى سەۋەبلىك جەننەتتىن چىقىرىۋېتىلگەنلىكى ئۇلارنىڭ جازالانغانلىقىدىن دېرەك بەرسە، ئۇلار ياكى جەننەتتىكى نەسىۋىلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغان، ياكى گۇناھكار بەندىلەرنى جازالاش ئۈچۈن يارىتىلغان دوزاخقا مەھكۇم قىلىنغان بولار ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قىلىنمىدى. ئۇلارغا جەننەتنىڭ بىر ئۈلۈشى ئايرىپ بېرىلدى، جەننەتتىكى بارلىق نېسىۋىلىرى بىلەن زېمىنغا چۈشۈرۈلدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئۇنداقتا ئۇلار نېمە ئۈچۈن جەننەتتىن زېمىنغا چۈشۈرۈلدى؟

ئادەم بىلەن ھەۋۋا چەكلەنگەن مېۋىنى يېگەندىن كېيىن ھاجەتكە موھتاج بولدى. بىراق جەننەتتە داۋاملىق تۇرۇشى مۇمكىن بولمىدى. دېمەك، ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ جەننەتتىن زېمىنغا چۈشۈرۈلگەنلىكى يېمە دېگەننى يەپ جازالانغانلىقى بولماستىن، ياشاش مۇھىتىنىڭ قايتىدىن ھەل قىلىنغانلىقى.

ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ چەكلەنگەن مېۋىنى يېگەنلىكى، ماھىيەتتىن ئېيتقاندا چەكلەنگەن رايونغا جەڭ ئېلان قىلىش روھىنىڭ ئىنسان پائالىيىتىدىكى تۇنجى نامايەندىسى. ئۇ ئىنسانلاردىكى تەۋەككۈلچىلىك، ئىجادچانلىق روھىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى. ئىنسانلارنىڭ دەۋرلەردىن دەۋرلەرگە يۈكسىلىپ بېرىشى، مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات جەھەتتە بۈگۈنكىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى تامامەن مۇشۇ خىل روھنىڭ خاسىيىتى. ئەگەر بۇ روھ بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى دۇنيا، بۈگۈنكى مەدەنىيەت ھەم ئۈزلۈكسىز تەرەققىيات بولمىغان بولاتتى.

يەنە بىر تۈرلۈك ئويلىغاندا، ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ پەرھىزنى بۇزۇپ، چەكلەنگەن مېۋىنى يېگەنلىكى ئىلاھىي ئىرادىگە خىلاپ گۇناھ. گۇناھ جەننەتكە خاس تەركىب بولمىغانلىقتىن، جەننەتتىن تەرك ئېتىلدى. ئادەم بىلەن ھەۋۋا يەريۈزىگە سۈرگۈن قىلىنىپ، ئۈچ يۈز يىلغىچە زۇلمەت ئىچىدە، جۇدالىق ئىلكىدە ياشىدى. بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك جازالانغانلىقى.. گەرچە مۇشۇنداق قارىغان تەقدىردىمۇ ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ گۇناھى گۇناھ، خىسلىتى خىسلەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىرادە، جۈرئەت، دادىللىق مۇجەسسەملەنگەن نىسپىي چەكلىمىلەرگە جەڭ ئېلان قىلىش روھى يەنىلا قىممەتلىك.

شۇڭا ئىنسانلار بۈزرۈكۋار ئەجدادى ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ كىچىككىنە، لېكىن ناھايىتى مەشھۇر بولغان، ئەلمىساقتىن ھازىرغىچە سۆزلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇنتۇلماس قىلمىشىغا گۇناھىي كەبىر نەزەرىدە قارىماي، بۈيۈك بىر مەنىۋى خىسلەتنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە قاراش ھەم ئۇنىڭغا ئەجابىي ۋارىسلىق قىلىشى لازىم.

2000-يىل ئاپرېل

---

ئاپتور: تۇرپان تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى(M1)



# «دېھقان نېمە دەيدۇ؟»نىڭ جاۋابلىرىغا ئازغىنە تولۇقلىما

مۇھەممەتجان راشىدىن

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى «دېھقان نېمە دەيدۇ؟» سەھىپىسىنى تەسىس قىلغاندىن بۇيان، ئۇنىڭدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ماقالىلار ئالدىدا مېنىڭ دېھقانلار ھەققىدە يېزىۋاتقان شېئىرلىرىم ئۆزۈمگە گويا ئاچقان يەرگە بارمايدىغان نان، چاڭقىغان يەرگە بارمايدىغان سۇدەك تۇيۇلىدىغان بوپقالدى. ئەتىمالىم بۇ، مېنىڭ شېئىرلىرىمنىڭ كونكرېتلىق ۋە ئۇدۇل سۆزلۈكتە بايىقى ماقالىلارغا يەتمەيدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. شۇندىن تارتىپ مەن بۇ ماقالىلارنىڭ ھەققانىيلىقىغىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ قول سوزغان دائىرىنىڭ قانچىلىك كەڭلىكتە ئىكەنلىكى بىلەن، ئۇنى چۈخچىلاشقا جۈرئەت قىلىۋاتقانلارنىڭ قايسى قاتلامدىكى كىشىلەر ئىكەنلىكىگىمۇ دىققەت قىلىدىغان بوپقالدىم. چۈنكى دېھقانلارنىڭ دەردى توغرىسىدا ھەممىلا ئادەمنىڭ ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللىشى مۇمكىن ئەمەس. بىزدە ئۆز بېشىدىن ئېھتىيات قىلىشتىن پەيدا بولغان شەرمەندىلىكلەرنىڭ تارىخى خېلى ئۇزۇن. بۇ، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ «ھەممىگە ماقۇل» پىسخىكىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇڭا ھەممىلا ۋەزىيەت ۋە ھەممىلا بۇلۇڭ-پۇچقاقنى ماختاپ ئۆگىنىپ قالغان بەزى كىشىلەر بۈگۈنكى دېھقانلار مەسىلىسىدىمۇ باشقىچە گەپ قىلىپ قويۇپ، تىلىنىڭ كۆيۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. بۇ خىل كىشىلەر ئۆزىدىن باشقىنى مەڭگۈ ئويلىمايدىغان جانباقارلار بىلەن، «قايناقسۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تىنچ»نىڭ تەرەپدارلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

لېكىن ئاۋازى مەركەزگە تولۇق يەتمەي، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى ھوقۇق، مەنپەئەت ھېرىسمەنلىرىنىڭ شىلىپ يېيىشىگە، ئېزىشىگە ئۇچراۋاتقان دېھقانلارنىڭ ھېلىغىچە بايان قىلىنىۋاتقان دەرد-ئەلەملىرى ھەرگىز توقۇلما ئەمەس. كىمىكى ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، دېھقان ئۈچۈن تۆت ئېغىز ھەق گەپ قىلغانلارغا بوھتان قىلىدىكەن، ئۇ ئەڭ ئاۋۋال دېھقاننىڭ ئۇۋالىغا قالىدۇ. خەلق شائىرى مەرھۇم روزى سايىتنىڭ «جۇڭگو مىللەتلىرى»ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «دېھقان بولماق تەس»ناملىق شېئىرى بىزگە ھەقىقەتەن «دېھقان بولماقنىڭ تەس»لىكىنى، بۇ جاراھەتنىڭ ئەڭ يىرىڭلاپ تۇرغان يېرىگىچە ئېچىپ چۈشەندۈرۈپ بەردى. بىر ياش ھەۋەسكارنىڭ ماڭا ئاجايىپ ئېچىنىش تەسىراتى بىلەن سۆزلەپ بېرىشىچە، خوتەندىن ئىلىغا تىرىكچىلىك ئۈچۈن چىققان بىر خوتەنلىك دېھقانغا ئۇنى ئوقۇپ بەرگەندە، كوچىدا بىراۋدىن ناھەق تاياق يېگەن ئادەمدەك ئۆزىنى تۇختىتالماي ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتكەن. چۈنكى ئۇ دېھقان ئەسەردىكى ئىشلارنىڭ شاھىدى ئىدى. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئۇ ھالدا بىز دېھقانلارنىڭ ئەرز-دادلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ قەلەمگە ئالمىساق، تۇزكور بوپكەتمەمدۇق؟ شۇڭا مەن ماقالەمنىڭ بېشىدىلا ئەڭ ئاۋۋال دېھقانلارنىڭ يۈرىكى، دېھقانلارنىڭ ئاغزى بىلەن ھەققانىيەتنى ئىنكاس قىلغان قەلەم ساھىبلىرىغا (گەرچە ئۆزۈمنىڭ روزى سايىتقا ئاپىرىن ئوقۇپ ۋە زوقلىنىپ يازغان «قاچان سەندەك بولارمەن؟»دېگەن شېئىرىم بېسىلمىغان بولسىمۇ) شەكسىز رەھمەتلەر ئېيتقۇم كېلىدۇ.

پارتىيە 16-قۇرۇلتىيىدا دېھقانلار مەسىلىسى نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ مۇھىمى سۈپىتىدە ئالاھىدە كۆنتەرتىپكە قويۇلدى. ھازىر دېھقانلار توغرىسىدا گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋاتقان ئېغىزلار كۆنسېرى كۆپەيمەكتە. بۇ بىر خۇشاللىق. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ ئەللىك نەچچە يىل ئۆتكەن مۇشۇ كۈنلەردىمۇ مەملىكىتىمىز يۇقرالىرىدا، بولۇپمۇ دېھقانلاردا نامراتلىقنىڭ تۈگىمەسلىكى ئۇلارنىڭ ياشاشنى بىلمەسلىكىدىن ياكى ئەمگەكنى سۆيمەسلىكىدىن بولغان ئەمەس. ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇنامراتلىقنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئاخىر ئېتىراپ قىلىندى؛ ئاتالمىش پاراۋانلىق شەك كەلتۈرگىلى بولمايدىغان دەخلىسىزلىكىدىن قالدى. دېھقانلار تۇرمۇشى ھەققىدە راست سۆزلەشنىڭ ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «دېھقان نېمە دەيدۇ؟» سەھىپىسى مۇشۇ ياخشى ۋەزىيەتنىڭ ئىنكاسى ۋە ئاچقۇچى.

## دېھقان ئۈچۈن ھەق گەپ قىلايلى

لېكىن، مېنىڭ قانائەتسىز قەلبىم بىلەن تەنتەك تىلىم يۇقىرىقى سەھىپىگە بېرىلىۋاتقان جاۋابلارنى يەنىمۇ تولۇقلاش زۆرۈر، دەپ ئويلاپ قالدى. چۈنكى بەزى مۇھىم ماقالىلەردە دېھقانلار قاقشىغان بەزى مەسىلىلەر ئابرويلۇق سورۇنلاردا قەستەن چەتتە قالدۇرۇپ قويۇلغاندەك بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «كۆڭۈلدىكى سۆز» پروگراممىسىدا يېقىندا ئويۇشتۇرۇلغان «ئۇلار نېمىشقا ئوقۇيالمايۋاتىدۇ؟» سەرلەۋھىلىك سۆھبەتنى كۆرسىتىش مۇمكىن. سۆھبەت گەرچە مائارىپتىن ئىبارەت دائىمىي قىزىق نۇقتا ھەققىدە ئويۇشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ باش-ئايىغى يەنىلا دېھقانلارنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە بېرىپ تاقىلاتتى. شۇنداق قىممەتلىك سۆھبەتتە ئوقۇغۇچىلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى (دېھقانلار)نى قىيناۋاتقان «ئەمگەك پۇلى» دېگەن سېلىقنىڭ زادىلا تىلغا ئېلىنمىغانلىقى بىلەن، رايون ئاتلاپ ئوقۇغانلاردىن «ئاتلاپ ئوقۇش ھەققى» ئېلىشنىڭ زادى نېمە ئاساسى بار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمىگىنىگە ھەيران قالدىم.

مەكتەپلەردە مەجبۇرىي سېلىقتا ئايلىنىپ كەتكەن «ئەمگەك پۇلى» دېگەن بۇ نەرسە خۇددى هارامدىن بولغان بالىغا ئوخشايدۇ. ئۆلتۈرۈۋېتەي دېسىڭىز قاتىل بوپقالىسىز، ئۆلتۈرمىسىڭىز، كىشىلەرگە دەخمىزە - دەردىسە بولۇپ ياشاۋېرىدۇ. بىز مەزكۇر هارامزادىنىڭ قانداق تۆرۈلۈپ، قانداق تۇغۇلغانلىقىنىمۇ ناھايىتى ياخشى بىلىمىز. يەنى، ئۇ «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش» دېگەن شوئارنىڭ سايىسىدا تۆرۈلۈپ، ئۇنىڭ (شوئارنىڭ)تىزگىنسىز قويۇۋېتىلىشىدىن تۇغۇلغان. نەتىجىدە بۇ بالا ئەيتاۋۇر پۇل تاپسىلا بولۇدىغان كوچا بۇزۇقلىرىغا ئوخشاپ قالدى. چۈنكى يۇقىرىدىن يەرلىككە بېرىلىدىغان مائارىپ خىراجىتى ئازىيىپ كەتكەن پۇرسەتتە پەيدا بولغان بايىقى شوئار «ئوسسۇرغاققا ئارپا نېنى باھانە» دېگەندەك، بەزىلەر ئۈچۈن پۇلپەزلىك قىلىشنىڭ خىلمۇ خىل يوللىرىنى ئېچىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن كەڭ يېزا مەكتەپلىرىدە ئوقۇغۇچىلار ھەرخىل چىرايلىق ناملار بىلەن بەش - ئالتە يىلدىن بۇيان ھەر يىلى كۈزدە كېۋەز تېرىش، قىزىلچا كولاش، كۆممىقوناق ئۈزۈش ... قاتارلىق ئەمگەكلەرگە ئاي-ئايلاپ دەرس توختىتىپ سەپەرۋەر قىلىنىدىغان بولدى. بۇنىڭغا ھېلىقى «ئەمگەك پۇلى» دېگەن هارامزادە بالا قوماندانلىق قىلىدىغان بولدى. جايلارنىڭ ئوخشىمىغان ساندىكى بېكىتىشى بويىچە، تولۇقسىزدىكى ھەربىر ئوقۇغۇچىغا150 - 200يۈەن، تولۇق ئوتتۇرىدىكى ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا 250 - 300يۈەن پۇل تېپىش ۋەزىپە قىلىندى. يولىيورۇقىمۇ بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، يا ئەمگەككە چىقىپ ئاشۇ پۇلنى تېپىش، يا چىقماي ئائىلىسىدىن ئەكېلىپ بېرىش تەشەببۇس قىلىندى. باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچىلار ئەمگەككە سەپەرۋەر قىلىنمايلا ھەربىر ئوقۇغۇچىغا 30يۈەندىن 50يۈەنگىچە نەقپۇل سېلىقى سېلىندى. مۇشۇلارنىڭ ئۆزىلا «ئەمگەك ئادىتى يېتىلدۈرۈش» دېگەننىڭ يالغان، پۇلپەزلىك قىلىشنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئىلى رايونىدا بەزى مەكتەپلەر پۇلنىڭ ئىشقىدا ئۆزىدىن شۇنچە يىراق بولغان بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ بىپايان دالالىرىغا سەپەرۋەر قىلىندى. بالىلىرىنى نەچچە ھەپتە يېتىپ-قوپۇپ ئىشلەيدىغان يىراق ۋىلايەت، شەھەرلەرگە قامداپ يولغا سېلىشنىڭ چىقىمى ئەسلى ئەمگەك پۇلى ۋەزىپىسىدىنمۇ قېلىشمايدىغانلىقىنى بىلگەن بىر قىسىم دېھقان ئاتا-ئانىلار بۇ قوش سېلىقنىڭ ئېغىرىغا چىدالمىدى-دە، قولىدىكى قوي-كالىلىرىنى سېتىپ بولسىمۇ ئەمگەك پۇلىنى تۆلىدى. ئەمما بالىلىرىنى ئەۋەتمىدى. يۇقىرىقىلار مەيلى بالىلىرى ئەمگەككە چىققانلار، مەيلى چىقمىغانلار بولسۇن، دېھقانلار ئۈچۈن گويا زورلۇق تۆسىنى ئالغان بېسىم ئىدى. ئويلاپ كۆرۈڭ: بۇ، دېھقانلار ئۈچۈن ئاسان سېلىقمۇ؟ مائارىپنىڭ ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يەڭگىللىتىمىز، دېگىنى نەگە كەتتى؟ بۇ ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلىغانلىق ئەمەسمۇ؟ (مەن تېخى ئوقۇش توختىتىپ ئەمگەككە سەپەرۋەر قىلىشنىڭ ئوقۇتۇشنى قانچىلىك ئاقساتقانلىقى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا قانچىلىك تەسىر يەتكۈزگەنلىكىنى تىلغا ئالمىدىم!) يۇقىرىقىدەك ئىقتىسادىي بېسىم بىلەن دېھقانلار بالىلىرىنى قانداق ئوقۇتىدۇ؟ بۇ خىل ئەمگەك پۇلى زادى نېمىشقا ئۈنۈملۈك چەكلەنمەيدۇ؟ بايىقى سۆھبەتتە، مائارىپتىكى ئاشۇ يامان سۈپەتلىك ئۆسمە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشى كېرەك ئىدىغۇ؟

دېگەچ كېتەي: بۇلتۇر (2003-يىل) كۈزدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مائارىپ نازارىتى قاتارلىق بىرنەچچە ئورۇن مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ئەمگەككە تەشكىللىمەي، يىغقان پۇللارنى دەرھال قايتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقارغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كۆپ ئورۇنلار قۇلاق سالمىدى، يىغىدىغان پۇلنى يەنىلا تولۇق يىغىۋالدى. بۇنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەممۇ يوق.

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2003-يىل 22-دېكابىر سانىغا «مائارىپتىن قالايمىقان ھەق ئېلىش دېلولىرى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىندى» دېگەن بىر دەبدەبىلىك خەۋەر بېسىلدى. ئۇنىڭدا توققۇز دېلو تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مىللىي مەكتەپتىن بىرىلا بار. مېنىڭچە، مۇنداق ئېلان قىلىپ قويۇشمۇ ھېچنېمىگە يارىمايدۇ. بۇ، كېسەلنى تۈپتىن ساقايتالايدىغان داۋالاش ئۇسۇلى ئەمەس. چۈنكى «ئەمگەك پۇلى» ۋەزىپىسى مەكتەپلەردىن ئەمەس، يۇقىرىدىن چۈشۈۋاتىدۇ. ئۇنى مەكتەپلەرنىڭ ئىجرا قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۆز ئارا ئوخشىماسلىقلار، ئېگىز-پەسلىكلەر يۈز بەردى. «ئەمگەك پۇلى» ئۈچۈن ئوقۇش توختىتىپ مەدىكارلىققا سەپەرۋەر قىلىنغان بايىقى پۇلپەزلىك ئەمگىكىنىڭ ئوقۇتۇش راۋانلىقىغا كەلتۈرگەن دەخلى-تەرۇزلىرى ھەققىدە ئۆزىنى ئوقۇتۇشقا بېغىشلىغان ھەقىقىي ئوقۇتقۇچىلارلا ئاھ ئۇردى، ئېچىندى. ئەمما ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئەمگەك دالالىرىدا بىللە بولغان بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار بولسا (ئوقۇغۇچىلار ئىشلەپ تاپقان پۇلنىڭ بىر قىسمىدىن بەھرىمەن بولغاچقا) زىيان تارتماي، نەپكە ئېرىشتى. مەكتەپتە قالغان بىر تۈركۈملىرىنىڭ ئارىسىدا بولسا، «پالتا چۈشكىچە كۆتەك دەم ئاپتۇ» دېگەندەك، بۇ غەنىمەت پۇرسەتلەردىن ئاراملىق ھېس قىلغانلارمۇ يوق ئەمەس. كەلگۈلۈك ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىغىلا كەلدى.

بايىقى سۆھبەتتە، ئەنە شۇ «ئەمگەك پۇلى» تىلغا ئېلىنماي، بىزنى ئۈمىدسىز قالدۇردى. رايون ئاتلاپ ئوقۇش ھەققى ئېلىش تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ تەكتى قېزىلمىدى. سەۋەب كۆرسىتەلمىگەن تەدبىر زوراۋانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىر مەھەل يېزا بىلەن يېزا مەكتەپلىرى ئارىسىدىمۇ كىشىلەرگە ھەيۋە، غەم-قايغۇ پەيدا قىلغان رايون ئاتلاپ ئوقۇغانلاردىن ئېلىنىدىغان «ئوقۇش ھەققى» دىن ئىبارەت بۇ زوراۋانلىقنىڭ زادى قانداق زاكونغا ئاساسلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ.

بەزى ئىشلارغا كىشىنىڭ بىر مىنۇتمۇ سۈكۈت قىلغۇسى كەلمەيدۇ. دېھقانلارغا قىلىنىۋاتقان يولسىزلىقلارنىڭ تارىخى ئون يىلدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار بۇنىڭ بەدىلىگە كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان نامراتلىقنى تېگىشىۋالغان تۇرۇقلۇقمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ چىداپ كېتىۋاتقانلىقىغا كىشى ھەيران قالىدۇ. دېھقانلارنى شىلىپ يەۋاتقان بەزى ئىنسابسىزلارنىڭ ئەقىللىي ئادىمىيلىكىنىمۇ يوقىتىپ

ياۋايىلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ مەۋەبلىرىنى كىشى چۈشەنگىلى بولمايدۇ . مەن بۇلتۇر (2003-يىل 19-ئۆكتەبىردە ) قاش دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بىر يېزىغا مەرىكىگە بېرىپ قالدىم . مەن ھويلىغا قەدەم قويۇشۇمغىلا مەرىكە ئىگىلىرى مېنى يەرلىك ئەھلى جامائەت ئەمدىلا يىغىلىپ تۇرغان چوڭ بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى . بىز ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشتۇق . قارىغاندا ، ئۇلارنىڭ بۇ دېھقانلار شائىرىغا ناھايىتى نۇرغۇن گەپ-سۆزلىرى باردەك قىلاتتى .

- ئاز-تولا گەپ قىلىپ بەرسىڭىز ،ئەپەندىم ؟ - دېدى ئۇلار ئەمدىلا داستىخان سېلىنىشىغا .

- گەپ سىلەردىن بولسۇنمىكىن ، - دېدىم مەنمۇ جاۋابەن ، - چۈنكى مەن يول بويى كېلىۋېتىپ ،ئېتىزلىقلاردا كوممىقوناق يىغىۋالغان كىشىلەرنىلا كۆردۈمكى ، ياكوزگى بۇغدايغا ھەيدەلگەن ئېتىز ، يا ھەيدەۋاتقان كىشىلەرنى كۆرمىدىم . بۇقانداق ئىش ؟ كېلەر يىلى نېمە يەيسىلەر ،زاغرىنى سېغىنىپ قالدۇقمۇ يا ؟

- بەللى ،بەللى ،مانا گەپنىڭ تازا قىزىيدىغان يېرىدىن چۈشتىڭىز ، - دېدى بىرى شۇ ھامان ، - كىمنىڭ كۈزگى بۇغداي تېرىغۇسى يوق دەيسىز ؟دەريا يېنىمىزدا تۇرۇپ كۈزگى بۇغداي يېرىگە سۇ ئالالمايۋاتساق ، بىزنىڭ دېھقان بولغىنىمىز نەگە كەتتى؟

مېنىڭ سوئالىم ئۇلارنىڭ ئاغزىغا ئاچقۇچ بولدى . ئېغىز-ئېغىزلاردىن ئاپتوماتنىڭ ئوقىدەك چىقىۋاتقان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى سۇ باشقۇرغۇچى كىشىلەر ئۈستىدىكى شىكايەت ئىدى . ئۇلار تۈشمۇ تۈشتىن سۆزلەپ ، بۇزۇلۇپ كەتكەن ھەرە كۆنىكىدەك كەيپىيات شەكىللەندى .مەن قايسىسىنىڭ گېپىنى تىڭشاشنى بىلمەي قالدىم .

- يالۋۇرۇپ يۈرۈپ پەقەت بىرنەچچىلا ئائىلە تېرىيالىدۇق . ئۈستەڭ سۈيىنى تاقىۋەتكىلى بىر ئاي بولدى . نەقپۇل كۆتۈرۈپ بىر-ئىككىلەن بارساق ،توما باشقۇرغۇچىلار :قانچە پۇل كۆتۈرۈپ كەلسەڭلارمۇ بىكار ، بىر-ئىككى ئادەمگە قاپقاقنى ئاچمايمىز . ئوتتۇز-قىرىق ئادەم بىرلىشىپ كېلىڭلار ،يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بار ، دەيدۇ .قاراڭا ، بىر-ئىككى كىشىلىك سۇنى مۆلچەرلەپ ئاچقىلى بولمايدۇ ،دەپ دەريانىڭ سۈيىگە شۇنچىمۇ پەسلىك قىلغان بارمۇ ؟

- ھازىر ئۈستەڭدە مال ئىچكىدەكمۇ سۇ يوق . ئېتىز بېشىدا ناماز ئوقۇۋاللى دېسەك ،سۇ يوق تاھارەت ئالالماي ،تەيەممۇم قىلىۋاتىمىز . يېنىمىزدا شارقىراپ دەريا ئېقىۋاتقان بىلەن ھۆكۈمەت بەرمىسە بىكار ئىكەن .

- مانا ھازىر بىزگە بېرىدىغان سۇ دەريا ئارقىلىق چەت ئەلگە ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ .بۇ سۇ باشقۇرغۇچىلارنىڭ تەتۈرلىكىگە ھەيران قالدۇق . ئەسلىدىن ئېيتقاندا ،تاغ-تاغلاردىن توختىماي كېلىۋاتقان دەريا سۈيىنى نېمە بەرسىمۇ پۇل ئىدىغۇ؟ ئەمدىلىكتە بولسا، پۇلغا سېتىق كېكىرىپ كەتكەندەك ،نەقپۇل كۆتۈرۈپ بارسىمۇ (بىر- ئىككى ئادەمگە قاپقاقنى ئاچمايمىز دەپ )سۇ بەرمەي دەرياغا ئېقىتىۋېتىپ بارىدۇ . بۇ نېمىدېگەن رەھىمسىزلىك ! بۇنىڭ نەرىتىمۇ خەلققە ۋەكىللىك قىلىش دېگىلى بولسۇن ؟

دېھقانلارنىڭ يۇقىرىقى ئىنكاسلىرى بىلەن 15يىلدىن ئىلگىرىكى ئىشلار ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى . ئۇ چاغلار كوممۇنا تارقىتىۋېتىلىپ، دېھقانلار ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىققا كىرىشكەن 1980-يىللار ئىدى . دەريا سۈيىدىن پايدىلىنىپ يېزىلارغا ئىلگىرى نېسى بېرىلىدىغان سۇ تويۇقسىزلا نەقپۇلغا بېرىشكە ئۆزگەردى .بۇ ، دېھقانلار ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان ئىش بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ راسا لازىم بولۇدىغان چاغدا دېھقاننىڭ قولىدا پۇل بولمىغاچقا ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلالمىدى . ئۇلار يەنىلا سۇنى نېسى بېرىپ ، سۇ ھەققىنى كۈزدە يىغىۋېلىشنى تەلەپ قىلىشتا چىڭ تۇردى . ئۇلار كۈچلۈك زاكونغا ئىگە ئىدى . چۈنكى ئىلى رايونىنىڭ ھەرقانچە دېگەنبىلەنمۇ سۇ مەسىلىسىدە دولقۇنلاپ ئېقىپ تۇرغان دەريالىرى ،لىقىشىپ ئېقىپ تۇرغان ئۈستەڭلىرى بار ئىدى . تۇرپاننىڭ كارىز سۇلىرىدەك بىرى نەقپۇل تۆلىمىسە ، سۇ ئۆچرىتىنى ئىككىنچى بىرىگە بېرىدىغان ، قۇدۇق سۈيىدەك نەقپۇلغا ساتالمىغىنى قۇدۇقتا تۇرۇۋېرىدىغان ،بىكتوەن سۇ ئامبارلىرىدەك نەقپۇل تۆلىمە قويۇپ بېرىپ ، تۆلىمىسە ئامباردا قالىۋېرىدىغان ئەھۋال مەۋجۇد ئەمەس . ئەكسىچە ، دېھقان نەقپۇل تۆلىمىسە ، دەرياغىلا ئاققۇزۇۋېتىدىغان گەپ . تاغلاردىن قىيغىتىپ كېلىۋاتقان مۇنداق تۈگىمەس - پۈتمەس مەنبەلىك خۇدانىڭ سۈيىنى نېسى بەرسە ، ھۆكۈمەتنىڭ نېمىسى خوراپ كېتەر ؟ نېسى بېرىپ يىغىۋالالمايدىغان مەسىلە مەۋجۇد ئەمەسقۇ ؟ ئاز ساندىكى بېرەلمەيدىغانلارنى بىرەر قېتىم ئەپۇ قىلىۋەتسىمۇ سۇ باشقۇرۇش خادىملىرىغا ھېچقانداق زىيان بولمايدىغۇ ؟! بۇ تەلەپتە دېھقانلار تامامەن ھەقلىق ئىدى . سۇ باشقۇرۇشقا ھۆكۈمەتنىڭ پۇل خەجلەۋاتقىنى راست .لېكىن ئىلىدىكى تارىختا مەشھۇر «ئاقئۆستەڭ»نى كىم چېپىپ ،كىم رېمونت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ؟ «ياشلار ئۈستىڭى»نى كىم چاپقان؟ باشقىلارنىچۇ؟ ھەممىسىدىلا دېھقاننىڭ قان-تەرى بار . 1965-يىلى كەچ كۈز ،قاراقىشتا غۇلجا ناھىيە «ياشلار ئۈستىڭى»نىڭ مەنبە قىسمىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشىدا دېھقانلارنىڭ ئاچتىن ئاچ ،يالاڭدىن يالاڭ ،بىر كېچىدە ئىككى - ئۈچ سائەتلا ئۇخلاپ قوپۇپ ئىشلەپ ، مۇددەتتىن ئىلگىرى پۈتتۈرگەنلىكى تۈنۈگۈنكى ئىشتەك يادىمدا تۇرۇپتۇ !بۈگۈنكى ياش سۇ خادىملىرى ،باشقارما باشلىقلىرى شۇلارنى ئاڭلىمىغانمىدۇ ، بىلمەمدىغاندۇ ؟ «ئات ئىگىسىنى ئات كەينىگە مىنگەشتۈرمەپتۇ !» دېگەندەك ، ئەمدىلىكتە تەييارغا ھەييار بولۇپ باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن تارتىپ ، كېلىدىغان مەنپەئەتكىچە ئۇلار ئىگە بولۇۋالدى . دېھقاننىڭ بىر ئېرىق سۇچىلىكمۇ يۈز خاتىرىسى قالمىدى . ئۆز سۈيىنى ئۆزىگە سېتىپ بەرگەننى ئاز دېگەندەك ، دېھقانلارنىڭ بايىقى سۇ ھەققىنى نېسى قىلىش تەلىپىگە خۇددى دۈشمەنگە مۇئامىلە قىلغاندەك پوزىتسىيە تۇتتى . نەتىجىدە ئۈستەڭ تۇملىرىنى تاقاپ تاشلاپ ، ئۇلارنىڭ نېسىۋىسىنى دەرياغا ئېقىتىۋەتتى . دېھقانلار ئۇلارنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىدىن ئاخىر قورقتى . ئاخىرى كەنتلەر بانكىدىن يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرز ئېلىپ ، سۇ ھەققىگە نەقپۇل تۆلەپ ،كۈزدە دېھقانلاردىن تۆلىتىۋېلىش (تۇتۇۋېلىش )ئۇسۇلىنى قوللاندى . دېمەك سۇ باشقۇرۇش تارماقلىرى دېھقانلارنى نەقپۇلغا كۆندۈردى . مەن يۇقىرىدا گېپىنى قىلىۋاتقان يېزا ئەنە شۇنداق قەلبى قوبۇل قىلمىغان ئىشقا بويسۇنۇشتىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن يېزا ئىدى . مانا بۈگۈن ئۇلار يەنە بايىقىدەك سەرگۈزەشتىلەرگە دۇچ كەپتۇ . ئاشلىق باھاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ، سۇ ھەققىنىڭ ھەم ئۆرە ، ھەم نەق بولۇشى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە : ھەممىڭلار نەقپۇلنى دەرقەمتە تاپشۇرمىساڭلار ،قاپقاقنى بىر-ئىككىڭلار ئۈچۈن ئاچمايمىز ،دەپ دېھقانلار بەھرىمەن بولۇدىغان سۇنى دەرياغا ئېقىتىۋېتىشى زادىلا خەلقنى ئويلايدىغانلارنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى . بۇنىڭدىكى زىياننى تەخمىنەن بولسىمۇ ھېسابلىماق ناھايىتى ئاسان . مۇبادا مۇشۇنداق بىر يېزا بۇ يىل ئاشۇ قاتناللىق تۈپەيلىدىن 20مىڭ مو كۈزگى بۇغدايتېرىيالماي قالغان بولسا، سۇ باشقۇرغۇچىلار 100مىڭ يۈەن پۇلنى ھەم قەستەن دەرياغا ئېقىتىۋەتكەن بولىدۇ ، ھەم دېھقانلارنى بۇغداي تېرىشتىن مەھرۇم قالدۇرغان بولىدۇ . بۇ ، دۆلەت ئۈچۈنمۇ ئاز زىيانمۇ ؟ ئەقەللىي تەلەپتىن ئالغاندىمۇ ،دەريا بويىدىكى بىر يېزا خەلقىنىڭ ئۆزلىرى چاپقان ئۈستىڭى بار تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدا ئاز-تولا سۇ ئېقىپ تۇرماسلىقىنىڭ ئۆزىمۇ

ئېچىنىشلىق ۋەقە. مەن پايىقى يېزىدىن ئاجايىپ بىر كۆڭۈل غەشلىكى ئىچىدە قايتتىم. 1980-يىللاردىكى نەقپۇلغا كۆندۈرۈش ئىشلىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ ئىنكاسلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. مانا ھازىرقى ئىشلار سۇ باشقۇرغۇچىلارنىڭ «گىدىيىۋېلىش»دەرىجىسىگە تەرەققىي قىپتۇ. ئەسلى ياخشىلىقنى ئويلايدىغان بولسا، ئۇلار دېھقانلارنىڭ ئاشلىق باھاسىنىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلىدىن كۈزگى بۇغداي كۆلىمىنى ئازايتىپ كېتىۋاتقان دىلىغۇل پەيتىدە ئۇنى سۇ بىلەن رىغبەتلەندۈرۈپ، «بۇغداي نېنى بولمىسىمۇ، بۇغداي سۆزلۈك»بولۇشى لازىم ئىدى.بىراق، بۇنداق ياخشىلىقلار ئۇلارنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرىدىغاندەك ئەمەس.

مەن يۇقىرىدا بايان قىلغان مەسىلىلەر مۇبادا بىرلا يېزا بىلەن چەكلەنسە،بۇنىڭ كارى چاغلىق ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ بىرى بوپقالدى.

سۇ باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئۆستەڭ سۇلىرىغا بولغان خوجىدارلىقىنىڭ يولسىزلىقىتا قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان مىساللار ئاز ئەمەس.ئۇلارنىڭ ئىچىدە كەلكۈن سۈيىدىن قىزغىنىش تەدبىرىمۇ بار. ئۇ قانداق ئىش؟ ئۇ، تاغدىن كەلگەن كەلكۈن سۇلىرىدىن ئېتىزلىرى ساي بويىدا بولغان دېھقانلارنىڭ پايدىلىنىشىغا يول قويماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق چاغلاردا سۇ باشقۇرغۇچىلار دېھقانلارنىڭ ساي سۈيىنى ئېتىزىغا باشلىغان ئېرىقلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ،سايىنىڭ ئىككى تەرىپىنى تراكتور بىلەن ئېگىزلىتىپ قىرلىۋېتىدۇ. بۇ، دېھقانلارنى بىكار (پۇلسىز )سۇدىن توسۇپ،ئۆستەڭ سۈيىنى نەقپۇلغا سېتىۋېلىشقا مەجبۇرلاش تەدبىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ قىلمىشلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى سورىسىڭىز،بەرگەن جاۋابلىرىنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەيران قالىسىز.يەنى، ھېچبىر ھېيىقمايلا: «دېھقانلارنىڭ ئېتىزلىرىنى كەلكۈندىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق!»دەيدۇ.بۇنىڭ مەكتەپلەردىكى «ئەمگەك پۇلى»سېلىقى ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنى پاختىزارلاردا ئىشلەتكەندە، تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرىنىڭ ئۇنى «ئوقۇغۇچىلارنى ئەمگەك بىلەن چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن!» دەپ (ئاساسىي مۇددىئانى يوشۇرۇپ ) چۈشەندۈرگىنىگە ئوخشاش ساختىپەزلىكتىن ھېچ پەرقى يوق. بىزدە ھازىر بۇنداق ياغلىما گەپلەرگە كىچىك بالىلارمۇ ئىشەنمەيدىغان بوپقالدى.دېھقانلارنى بىزار قىلغان يولسىزلىقلارنى ئۇزاقتىن بېرى مەتبۇئاتتا قەلەمگە ئېلىشنىڭ ئىمكانىيىتى بولماي كەلدى. بۇنىڭغا مېنىڭمۇ ئىچىم پۇشاتتى.دەل مۇشۇنداق چاغدا مەلۇم بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مېنى زىيارەت قىلىپ،مېنىڭ قانداق قىلىپ «دېھقانلار شائىرى»دەپ ئاتىلىپ قېلىۋاتقانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى سوراپ قالدى. مەن بۇنىڭغا يۇقىرىقى دېھقانلار مەسىلىسىگە باغلاپ جاۋاب بەردىم.دېھقانلارغا تۆۋەن قاتلامدىكى بەزى تەشكىلىي قاتلاملارنىڭ ناھەق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدىم. ئەپسۇسكى، مېنىڭ زىيارەتتىكى بايانلىرىم بىكارغا كەتتى. يەنى ئۇ بايانلار قىسقارتىۋېتىلىپ، ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلمىدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، چەت ئەل قۇلاقلىرى ئاڭلاپ قالسا توغرا بولمايمىش.مەن خەلقى ئالەمگە شۇ قەدەر ئاشكارا ئىشلارنىڭ يەنىلا يوشۇرۇدىغان ئىشلىرىمىز دائىرىسىگە كىرىدىغانلىقىغا ھەيران قالدىم.

«خەلققە ۋەكىللىك قىلىش» دېگەن سۆز، شەكىلۋازلىق ھېلىغىچە ئاتتىن چۈشمىگەن نۇرغۇن جايلاردا ھازىر ئېغىزدىكىلا گەپ بوپقالدى. بۇلتۇر بىزدە ئىشچى-خىزمەتچىلەر «ئۈچتە بىللە بولۇش»ئۈچۈن يېزىلارغا چۈشۈرۈلدى.قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىرەيلەننىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە،ئۇلار چۈشكەن مەھەللىدە كەنت كادىرلىرى دېھقانلاردىن دىگۈار توختامنىڭ قەرزلىرىنى يىغقىلى تۇرۇپتۇ. بىر دېھقاننىڭ كەنتكە 300يۈەن بېرىشى بار ئىكەن، ئۇ، تۆلىگىدەك ئەھۋالى يوق قىينىلىپ تۇرغاندا، يەنە بىر دېھقان بۇنى ئاڭلاپ: «مېنىڭ كەنتتىن مىڭ كوي ئېلىشىم بار، بىز ئىككىمىز بىللە بېرىپ، سېنىڭ قەرزىڭنى مېنىڭ ئېلىشىمدىن كۆتۈرۈۋېتەيلى»دەپتۇ ۋە كەنت ئىشخانىسىغا بېرىپتۇ.لېكىن ھېلىقى كادىرلار بۇنىڭغا قارشى: «ھەركىم ئۆز قەرزىنى ئۆزى تۆلەيدۇ!»دېگەن بىر تېتىقسىز پەتىۋانى كۆتۈرۈپ چىقىپ مۇتلەق ئۇنىماپتۇ. بايىقى دېھقاننىڭ مىڭ كوي پۇلىنى بەرگىلىمۇ ئۇنىماپتۇ.بايا، بۇ ئۇلارنىڭ خەجلەيدىغان پۇلى تۈگەپ قالغان ۋاقتى ئىكەن.

كېيىنكى يىللاردا قاتتىق سۈرۈشتۈرۈشنىڭ كەملىكى، چىرىكلىشىشنىڭ ئەۋج ئېلىشى يېزىلاردا زور بىر تۈركۈم ئۇششۇق، مۇتتەھەم،يولسىز ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئۇلار دېھقانلارنى خالىغانچە بوزەك قىلىدۇ، شىلىپ يەيدۇ،ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش،باشقىلارغا مەنسەپ تەمەسىدە پايدا يەتكۈزۈش يولىدا ھەرقانداق ئەسكىلىكلەردىن باش تارتمايدۇ.يېزىلارنىڭ بەزى سېكرېتار،باشلىقلىرى يېزا مالىيىسىنى خالىغانچە قورۇقداپ ئۆگىنىپ كەتكەن.قانداق قىلغۇسى كەلسە شۇنداق قىلىدۇ.

كۆپتۈرمىچىلىك قىلىپ يالغان مەلۇمات يوللاش - ئۇلارنىڭ يۇقىرىنى بېسىپ،يۇقىرىنى ئالدىشىدىكى يىرگىنىشلىك ۋاستىسى. بۇنىڭ ئەۋج ئېلىشىدا ئوتتۇرا قاتلامنىڭ بىلىپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلىشىمۇ يوق ئەمەس. ئۇنىڭ پەيدا بولۇش مەزگىلى خۇددى مائارىپ تارماقلىرىدىكى ئوتتۇرا قاتلام رەھبەرلىك ئاپپاراتىدىكىلەرنىڭ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش توختىتىپ پۇلپەزلىككە بېرىلىشىگە بىلىپ تۇرۇپ كەسكىن تەدبىر قوللانمىغان ۋاقتىدىنمۇ ئۇزاق. ئۇلار بۇ ئۇسۇل بىلەن دېھقانلارنى بېيىپ كەتكەنلەر قىلىپ كۆرسىتىپ،ئۇلارغا كۆتىرەلمىگۈدەك سېلىقلارنى سالىۋېرىدۇ.يېزىلارغا كۆپتۈرمىچىلىك قىلىشنى قەستەن ئورۇنلاشتۇرغان ناھىيىلەرنى تاپماقمۇ تەس ئەمەس. بۇ جەھەتتىكى بەزى مىساللارغا ھەيران قالىسىز: 1998-يىلى مېنىڭ بىر بۇرادىرىم مەلۇم بىر يېزىغا دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ھەقىقىي ئورتاق كىرىمىنى ئېنىقلاشقا چۈشۈپ، يېزىدا ئىككى خىل مەلۇمات جەدۋىلىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالغان. يۇقىرىغا يوللايدىغان ساختا جەدۋەلدە يېزىنىڭ يىللىق كىرىمى ئەسلىدىكىدىن 1995-يىلى 8مىليون،1996-يىلى 11مىليون، 1997-يىلى 13مىليون يۈەن كۆپەيتىپ دوكلات قىلىنغان. بوغالتىرلار بۇنى چۈشەندۈرۈپ: «يۇقىرىنىڭ بېسىمى بولمىسا، ئەسلى سانىنى ئۆزگەرتىپ مۇنداق كۆپتۈرۈدىغانغا بىزنىڭ بېشىمىز ئۇن ئەمەس!» دېگەن.

بەزى ناھىيىلەر دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلماي، ئۇلارنى ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكى پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئىسكەنجىسىگە سولاپ مۇئامىلە قىلىپ كەلدى. خالىغاندا ئېتىزلاردىكى ياپيېشىل مايسىلارنى بۇزدۇرۇۋەتتى؛ بىردەم تاللىق زىغىرغا مەجبۇرلىسا، بىردەم يالپۇز تېرىشقا زورلىدى؛ بىردەم قىزىلچا تېرىشقا قىستىسا، بىر دەم ئۈزۈم تېلى تىكىش دولقۇنىنى قوزغىدى؛ئېتىز ئارىلىقلىرىغا بىردەم ئۆرۈك تىكىسەن دېسە،بىردەم تېرەك تىكىسەن دېدى. بۇ مەجبۇرلاشلارنىڭ دېھقانلارغا كەلتۈرۈدىغان زىيانلىرىغا ھېچكىم ئېچىنمىدى. مەجبۇرلاشلارنى قوبۇل قىلمىغانلارنى يەرنى تارتىۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن قورقۇتتى. ئۇلار زورلاپ تېكىلمىۋاتقان زىرائەت،كۆچەت،دورا ماتېرىياللىرى (خامئەشيالىرى)نىڭ

بىرىپ-بىرىپ قايسىبىر پۇلدار-بايلارنىڭ يانچۇقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، دېھقانلار تەرەپتە تۇرۇشنى، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈشنى ئەسلا ئويلاپ قويۇشمىدى. بۇ، ئۆز پۇقرالىرىنى سېتىۋەتكەن بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

كېيىنكى يىللاردا دېھقانلارغا كەلگەن بېسىم ۋە ئوڭۇشسىزلىقلار بىر-ئىككى يېزىنىڭلا ئەمەس، مەملىكەت بويىچە پۈتكۈل دېھقانلار جەمئىيىتى دۇچ كەلگەن مەسىلە بوپقالدى. لېكىن ئىسلاھات بەخش ئەتكەن داغدام يولدا ئۇيغۇر دېھقانلىرى دۇچ كەلگەن توسالغۇلار تېخىمۇ ئېغىرراق بولدى. بۇ، مەنبەئە جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادتا كەمبەغەل، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغانلىقىغا باغلانغان. بولۇپمۇ مەدەنىيەتتىكى ئاجىزلىقى ئۇلارنى قانۇنىي ئاڭدىن مەھرۇم، ھەرقانداق كادىرنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىكى گەپ ياكى سىياسەتنى دۆلەت قانۇنى، دەپ چۈشىنىدىغان قىلىپ قويغان. بۇنىڭغا دىنىي شۇكۇرچىلىك قوشۇلۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ مۆمىنلەشتۈرۈۋەتكەن. كېيىنكى يىللاردا نامراتلىق قانچە ئەۋج ئالسا، ساۋاتسىزلىق (ساۋات سۈپىتىنىڭ چېكىنىشى) مۇ شۇنچە ئەۋج ئالدى. ناھىيە، يېزا كادىرلىرى ئارىسىدا دېھقانلارنى (خۇددى مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچىلارنى «ئىشتىن بوشىتىۋېتىمىز» دەپ قورقۇتىدىغان بولۇۋالغاندەك) قورقۇتۇشنىڭ خىلمۇ خىل ئۇسۇللىرى كېلىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار ئۆز دەردى-پىكىرلىرىنى مەركەزگە ئىنكاس قىلىدىغان جۈرئەت ۋە ساۋاتتىن تامامەن ئايرىلىپ قالدى. بۇ ئاجىزلىقلار ئۇلارنى يەرلىك چىرىك كۈچ، بيۇروكرات تائىپە، يېڭى ئېكسپلاتاتورلارغا كۆزگە كۆرۈنمەس ئارغامچىدا باغلاپ بەردى.

بىزدە «ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا» دەيدىغان تەمسىل بار. ھازىر دېھقانلارنىڭ نامراتلىشىپ يۇكسىلەلمەسلىك سەۋەبلىرى بىلەن ئۇلار چېكىۋاتقان رىيازەتلەرنى يوشۇرۇدىغان (خۇددى ئۆگىنىپ قالغان كونا ئادەتلەر بويىچە «سارس» كېسەللىنى يوشۇرۇپ چاندۇرغاندەك) چاغلارنىڭ ئەمدى ۋاقتى ئۆتتى. لېكىن دېھقانلار مەسىلىسىنى ئانچە-مۇنچە چۈخچىلاپ قويۇش بىلەنلا ئىش تۈگىمەيدۇ. شۇڭا مەركەز يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ (سېلىقنى باجغا ئايلاندۇرۇشتەك) يېڭى-يېڭى تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇۋاتىدۇ. (باش مۇھەررىردىن تولۇقلىما): تېخىمۇ خۇشاللىنارلىقى شۇكى، مەملىكەتلىك 10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بۇ يىل (2004-يىل) مارتنىڭ باشلىرىدا ئېچىلغان 2-ئومۇمىي يىغىنىدا باش مىنىستىر ۋېن جياباۋ دۆلەتنىڭ «بەش يىل ئىچىدە دېھقانلاردىن ئېلىنىدىغان دېھقانچىلىق بېجىنى كۆتۈرۈۋېتىش» قارارىنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى! بۇ خىل تەدبىر ـ قارالار ھەم دېھقانلارنى خۇشال قىلماقتا، ھەم خىلمۇخىل چاشقان تۆشۈكلىرىنى ئەتمەكتە. بۇ بىزگە دېھقانلارنى ئەمەلىي سۆيۈشنىڭ نەمۇنىسىنىلا ئەمەس، شان-شەرىپىنىمۇ كۆرسەتتى. پەقەت دېھقانلارنى ھەقىقىي سۆيگەندىلا تۈزكورلۇقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، ئەسلىنى ئۇنتۇمىغانلىق بولىدۇ.

ھازىر جايلاردا دېھقانلار مەنپەئىتىگە قىلىنغان زىيانكەشلىكلەرنىڭ تېخى ئاغزى ئېچىلماي، سېسىپ، بىخسىپ تۇرغانلىرى بار. يېقىندا مەلۇم ناھىيىنىڭ بىر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇمۇ بەزىلەر بىلەن كۈچ ئېلىشالمايۋاتقان دەردمەن ئىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، مەلۇم يېزا ئىلگىرى ئۆزلىرى ئاچقان بىر كاننى بىرلىرىگە ھەرىيلى 200مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرۇدىغان توختام بىلەن بېرىۋەتكەنىكەن. ئەپسۇسكى، تۆت يىلدىن بويان كاندىن يېزا مالىيىسىگە بىر تىيىنمۇ تاپشۇرۇلمىغان. كاننىڭ ھېساباتىدىن بولسا، ئۇنىڭ تولۇق تاپشۇرۇلغانلىق خاتىرىسى چىققان. ئۇنداق بولسا شۇنچىۋالا پۇل نەگە كەتتى؟ بۇ سوئال بىرىپ-بىرىپ يېزا مەسئۇللىرىنىڭ ئاماسلىق ھېرىگە تاقىشىپ قالغان. نەتىجىدە ئەھۋال يۇقىرىغىمۇ ئىنكاس قىلىنغان. لېكىن ئىنكاسنى ئاڭلىغان بەزى «يۇقىرى دەرىجە» لەر بايىقى مەسئۇلنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، شۇ ھامان ناھايىتى مۇھىم بىر ئورۇنغا يۆتكەپ ئەكېلىۋالغان. بۇنىڭغا ھېلىغىچە ھېچكىم چىش يېرىپ بىرنەرسە دېيەلمىگەن. كۆردىڭىزمۇ، بەزىلەرنىڭ يۈرىكىنىڭ يوغىناپ كەتكىنىنى! پارىخورلار تور ھاسىل قىلىپ كەتكەن ھازىرقى پەيتتە ئۇلارغا چېقىلالايدىغاندىن قانچىسى بار دەيسىز؟ شۇ تاپتا مېنىڭ ياش ۋاقتىمدا ئوقۇغان «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى» دېگەن كىتابتىكى «1916-يىل قوشاقلىرى» يادىمغا يېتىپ قالدى. ئۇنىڭدا:

> توخنىياز دېگەن باتۇر،
> قايقى ئۈستىدە ياتۇر.
> كۆپنىڭ سۆزىنى سۆزلەپ،
> قانغا چىلىشىپ ياتۇر.

دېگەن بىر كۇپلېت قوشاق ماڭا ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. ئۇنىڭغا شان-شەرەپ بىلەن پاجىئە چىرمىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدا شان-شەرەپ ئۈچۈن پاجىئەگە جۈرئەت قىلىنغان. ھازىر بىزدە ھەقىقانىيەت، شان-شەرەپكە زوقلىنىدىغانلاردىن «باتۇرغىمۇ جان كېرەك» دەيدىغانلار كۆپىيىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. 800مىڭ يۈەن دېگەن دېھقانلار ئۈچۈن ئاز پۇلمۇ؟ ئۇنىڭ بىرنەچچەيلەننىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ تۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ چەكسىز خورلۇق ئەمەسمۇ؟

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ بۇ يىل (2004-يىل) 6-يانۋاردىكى سانىغا: «بۆلتۈر پۇقرالارنىڭ ئەمەلدارلار ئۈستىدىن قىلغان ئەرزى 100مىڭغا يەتتى» دېگەن بىر خەۋەر بېسىلدى. خەۋەرنىڭ تەپسىلاتىدا، ئۇنىڭ 2002 ـ يىلدىكىدىن % 18 ئېشىپ كەتكەنلىكى مەمنۇنىيەت بىلەن بايان قىلىنغان. بۇ گەرچە شەخسلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىپ ئېشىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرگەن ياخشى يۈزلىنىش بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ پەرىزىمچە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دېھقانلارنىڭ ئەرزى تېخى كۆپ ئەمەس. چۈنكى، بىر كاننىڭ تۆت يىللىق پۇلىنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش خادىملىرىمۇ تەكشۈرەلمەي تىترىشىپ تۇرغان يەردە، بايىقى يۈرىكى مۇجىلىپ كەتكەن چالا ساۋات دېھقانلار قانداقمۇ يۇقىرىلاپ ئەرز يازالىسۇن؟!

مەن دېھقانلارنىڭ روناق تېپىش يولىدىكى پۈتلىكاشاڭلىرىنى سۆيۈرۈپ تاشلاش، پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇقۇشماسلىقتىن ساقلىنىش مەقسىتىدە، دېھقانلار مەسىلىسىدە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشنى خالىمىدىم-دە، ئازغىنە بولسىمۇ بۇ تولۇقلىمىنى يازدىم. مېنىڭچە، بىز ساۋاتلىقلار ھەقىقانىيەت نۇقتىسىنەزەرىدە چىڭ تۇرۇپ، دېھقانلار ئۈچۈن ھالال گەپ قىلىشنى ئادەت قىلىشىمىز لازىم. دېھقانلارنى سۆيۈش ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. كۆلكىسىنى تەڭ كۆلۈپ، يىغىسىنى بىللە يىغلىغاندىلا ئۇلار بىلەن تەقدىرداش بولغىلى بولىدۇ. مېنىڭ بايان قىلغانلىرىم ئاشۇنداق تەقدىرداشلىقتىن باشقىنى نىيەت قىلمايدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزجايلىرىدىكى دېھقانلار مەسىلىلىرىگە سىلىشتۇرۇپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە دۆڭمەھەللە 1-يول 153-قورۇدا (M1)

# يېڭى تاۋۇس ئەللەيمن

(ھېكايە)

تۇرسۇنجان مۇھەممەت



## 1

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كۆركەم بېزەلگەن مەجلىسخانىسىدىن چىقىشقان كەنت ئاقساقاللىرىنىڭ روھى چۈشكەن، قاپىقى تۈرۈلگەن، ئۇلار گويا كونا ئاداۋەتلىك ئاشنىلاردەك بىر-بىرىگە گەپ-سۆز قىلىشماستىن، ئالىيىپ قارىشاتتى. پۇشۇلداپ ئېغىر تىنىشلىرىدىن بىر خىل ئىچكى ئىزتىراپنىڭ، گۆپۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ھەسەتنىڭ ئىس-بۇسى غىل-پال كۆرۈنۈپ قالاتتى.

ھەئە، ئۇلاربۇ قېتىمقى جەڭگىۋار ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ، بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋەدە قىلىنغان ئىككى مىڭ كوينى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشكەن. شۇڭا ئۇلار قاچىسىدىكى ئاشقا كۆز تىككەن چۈشىنى قورۇغاندەك، بۇ مۇكاپاتنى بىر-بىرىدىن قىزغىنىشاتتى.

ئارال كەنتىنىڭ سېكرېتارى غوجىۋېلىبەردى مۇنداق مۇكاپاتلارغا بەكمۇ كۆنۈك ئىدى. ھەر ئىشتا سەپنىڭ باش بورنىنى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتقان بۇ ئادەم شۇ تۇرقىدا مەكتەپ قوچقىرىنىڭ چۈيسىدەك تومۇلۇقتا ئورۇۋالغان موخوركىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ، ئېغىز-بۇرنىدىن خومدانىنىڭ تۈرخۈنىدەك ئىس چىقارغىنىچە بۇ ۋەزىپىنى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈستىدە ئويلىنىپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ كېلەڭسىز بەستىنى ئاران يۆگەپ تۇرغان گىرىپ كۆڭلىكى تەردىن ھۆللەنگەن، سىمىنتال بۇقىسىنىڭ گەردىنىدەك قاتلاشقان ئىشتىنى ھەر قەدىمىدە سۈركىلىپ شىرت-شىرت ئاۋاز چىقىراتتى.

- ھوي غوجىۋېللا سېكرېتار، خورازنىڭ ئالدىغا چۈشكەن مېكياندەك پالاقشىپ قاپتىمىزغۇ، ئاستىراق ماڭىلى، ئاستىراق.

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئەشىملىك كەنتىنىڭ سېكرېتارى جاپپار قاسىمنى كۆردى. سېمىزلىكتە ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشىدىغان بۇ ئادەم جەنۇبىي قۇتۇپ پىنگۋىنلىرىدەك قىسقا قوللىرىنى يانغا كېرىپ، پاپپاسلاپ ئاران كېتىۋاتاتتى.

- قانىتى باردىن ئايروپىلان، پۇتى باردىن ئۈستەلدىن باشقىسىنى توڭگۇزدەك يەيسىلە، يول مېڭىشتىلا بوغاز پاقىدىن قېلىشمايدۇ. شۇنداق تۇرۇپ ئادەمنى يەنە ئۇ-بۇ دېيىشتىن ئويالمامسىلە، - غوجىۋېلىبەردى ئۇنىڭغا قارا ھەرىدەك نەشتەر سانچىدى، - ئۆمەر مەدىكىراپنىڭ قارنىدەك پوكىنىڭلىغا ئەمدى ھېزى بولمىسائىلا، كەنتىڭكى ئاجىز - ئورۇقلار كۆتۈرۈپ بولالماي پوقلۇق قوڭاڭلىنى داق يەرگە دوق-دوق ئەتمىسۇن يەنە.

- بولدى، بولدى، ئۆزلىرى گەپ-سۆزگە كەلگەندە مەدداھ ئادەم. كۆھقاپنىڭ ئېغىزىدەك زوۋانلىرى بىر ئېچىلىپ كەتسە، ئاسان بىرنەرسە توغرا كەلمەيدۇ. سىلى بىلەن ئېتىشمايمەن، - جاپپار قاسىم يۈز-كۆزلىرىدىكى مونچاق-مونچاق تەرلىرىنى ئۆز رەڭگىنى بىلگىلى بولمايدىغان قول ياغلىقىدا سۈرتكىنىچە ئۇنىڭغا ياندىشتى، - بىر ئىشنى سىلىدىن سوراپ باقاي دېۋىدىم: جالال شياڭجاڭ ئەجەب كۆچەپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، مال دوختۇرخانىسىدىكى چۈشقىلار بىلەن قوڭلىشىۋالغانمىكىن دەيمەن، سىلىچە قانداق؟

- شۇنداق بولماي ئەمىسە، - غوجىۋېلىبەردى يەرگە شىرتتىدە بىرنى تۈكۈردى. ئۇلار شۇتاپ كوت-كوت كېلىنلەردەك ھال-مۇڭغا چۈشكەندى، - ئويلاپ باقىلى جاپپىراخۇن سېكرېتار، كالا - ئېشەكلەرنىڭ قوڭىدىكى تۇتۇ مەددىنى ئۆلتۈرەلمەيدىغان، قادالغان

ئەدەبىيات گۈلزارى

سالجىنى ئالالماي پورىقىنى كېسىۋالىدىغان شۇ نوچىلارنىڭ جاپاسىنى ئاز تارتتۇقمۇ بىز؟ ھېلى قوي-ئۆشكىلەرنىڭ قولىقىغا پىستان قاقىمىز، ھېلى ئۇنى ۋانىلايمىز، ھېلى ئېشەكنىڭ تۇيىقىنى ئالىمىز، ھېلى بۇقىنى پىچىمىز دېگەن شۇ ئەركىلەرنىڭ ھەممە ئىشى شىياڭجاڭنىڭ زوۋانىدىكى يەل بىلەن يۈرۈشۈۋاتىدۇ. يا بۇ سېسىق يەلگە غىڭ قىلغىلى بولمىغان. بىر دانىسى بەش مودىن قېقىلغان پىستاننىڭ يا پوقىقا پايدىسى يوق، يا سۈيدۈككە...

ـ نېمىلا دېگەنبىلەن، شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە سىلى پايدا ئالدىلا غوجىۋۇللاخۇن سېكرېتار. ھەممىسىدە بىرىنچى بولۇپ مۇكاپاتتىن خېلى بىر نەرسە ئۇستىلا. ئېغىزلىرىدا شۇنداق دېگەن بىلەن كۆڭۈللىرىدە خۇشھالغۇ سىلى.

ـ ئۆزلىرىمۇ بىرسىنىڭ ئاستىدا قالمىغاندىكىن، مۇكاپات ئالسىلا بولمامدۇ؟ ھەدېسە خەقنىڭ مانتىسىغا قول سوزماي، خىزمەتنىمۇ تۈتقۇلۇق، جاپپىراخۇن سېكرېتار. مۇكاپات دېگەننى خىزمەتنى ۋايىجىنىنى چىقىرىپ ئىشلىگەن ئادەم ئالىدۇ.

ـ بولدى، بولدى، كونا خامانني سورىماي نەق گەپكە كەلسەك، بۇگۈنكى ۋەزىپىنى قانداق ئورۇنداي دەيدىلا، غوجىۋۇللاخۇن سېكرېتار؟

ـ كەنت مۇدىرى دېگەن غالچىنى ئابىيام ماڭدۇرۇۋەتكەن، بۇچاقىقا تۈت مەھەللىنىڭ كاسىكلىرىنى يىغىپ بولدى. ئۇبدان قوپۇراپ، ئانا-مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىپ شۇنداق بىر يىغىن ئاچىمەن-دە، ۋەزىپىنى ئادەم بېشىغىچە چېكىمەن. ئورۇندالسا تېخى ياخشى، ئورۇندالماي قالسا قارىغۇ ئۇچىيىنى سوغۇرۇۋالغاندەك جەرىمانە يىغىمىز. يىغقان پۇلنىڭ بىر قىسمى بىلەن مال دوختۇرخانىسىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندايمىز. ئۇ چوشقىلارغا لازىمى پۇلغۇ. پۇل دېگەن توكۇرنى ئۇسسۇلغا سالىدۇ، قارىغۇنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ، جاپپىراخۇن سېكرېتار. پۇلنى ئۆتكۈزۈپلا ۋەزىپىنىڭ ئاشۇرۇپ ئورۇندالغانلىقى ھەققىدە ئىككىلىك خەت يازدۇرۇۋالساق، مۇكاپات دېگەن بىزنىڭ بولماي نەگە قاچاتتى؟ ۋەزىپە ئورۇندالسا، جا شىياڭجاڭنىڭ قارنىمۇ ئارام تاپىدۇ، بىزمۇ يىندەك سېسىق تىل-ئاھانەتتىن قۇتۇلىمىز ئەمەسما؟

ـ لېكىننە غوجىۋۇللاخۇن سېكرېتار، ئىسسىق پوقنى سوۋۇتماي يەيدىغان بۇ لەقۋالارنىڭمۇ كۆزى ئېچىلىپ قالدى، ـ دېدى جاپپار قاسىم ھاسىراپ تۇرۇپ، ـ ھەر بىر ۋەزىپە چۈشسە، ئوتتۇز يەردىن پەدە باغلايدىغان دۇتارچىلار كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ، ئىش ئاقمايۋاتىدۇ.

ـ بىزنىڭ كەنتىمىزمۇ ئىش بۇزار كاسكىدىن بىر نەچچىسى بار، ـ غوجىۋۇلبەردى سوغ ھىجايدى، ـ بولۇپمۇ خېلىل سىياسەت دەيدىغان بىرى ئەڭ ئەسكى. ھەر قېتىم يىغىن ئاچسام شۇ ئاۋۋال كاسىلدايدۇ. ئاندىن ئۇ يەر، بۇ يەردىن دوست تارتىشىپ، ئۇنىڭغا مەدەت بەرگەندەك ھاۋشىپ قويىدىغىنىدىن نەچچىسى چىقىدۇ. بۇنداقلىرىغا باشقىچىرەك باشۋېغى لازىم. كاسكىسىنىڭ زوۋانى تۇتۇلسا، باشقىلىرى قۇيرۇقىنى ئىچىگە تىقىدۇ. شۇڭا مەن ئەڭ يامىنىنىڭ ياتۇمشۇقىغا سالىمەن، يا بولمىسا ئالدىغا ئازراق ئۇستىخان تاشلايمەن. بۇ جەھەتتە سىلى بىزگە شاگىرت كېلىلا، جاپپىراخۇن.

ـ دېگەنلىرى بەرھەق. سىلى دېگەن بىزنىڭ ئۇستازىمىز، غوجىۋۇللاخۇن سېكرېتار.

ـ شاگىرت ئىكەنلىكىڭلىكە تەن ئالغىنىڭلا راستمۇ جاپپىراخۇن؟

ـ راست، راست. سىلىمۇ شاگىرت دېگەننىڭ ئۇستازىنىڭ دۇكىنىدا ھۈنەر قىلىدىغىنىنى تەن ئالالا؟

ـ ئەستا، تويدۇرمايلا بىرنى سېلىۋالدىڭلىغۇ، جاپپىراخۇن؟

ـ بۇ دېگەن ئۆتنە ئالەم، غوجىۋۇللاخۇن سېكرېتار. بىردە سىلى سالسىلا، بىردە بىزمۇ سالىمىز دېسىلە. «تاز قوچقارنىڭ ئەنتى مۈڭگۈزلۈكتە قالماس» دېگەن شۇدە!

ئۇلار پاراقىدە كۈلۈشتى.

## 2

قاسىمباينىڭ ئۇجمىسى دېسە بۇ ئەتراپتا بىلمەيدىغان ئادەم يوق. غولىغا قۇچاق يەتمەيدىغان، ھەر تەرەپكە يېيىلغان يوغان شاخلىرىدىكى بوككىدە قېلىن يوپۇرماقلىرىدىن يەرگە كۈن چۈشمەيدىغان بۇ ئۇجمىنىڭ ئاستىدا بىرمو كەلگۈدەك بوش يەر بار. ئۇ، ئارال كەنتىنىڭ يازلىق مەجلىسخانىسى. ھەر قېتىم چوڭ يىغىن ئېچىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان دېھقانلار ئۆزلىكىدىن مۇشۇ يەرگە كېلىشكە كۆنۈك.

مانا، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن قايتىپ كەلگەن غوجىۋۇلبەردى ئاق توپىغا قوڭنى كۆمۈپ ئولتۇرغان دېھقانلار ئارىسىدا ئەركەك غازدەك مەيدىسىنى كەرگەن ھالدا ئۆرە تۇراتتى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، قارامتۇل چىرايى سۇرلۇك تۈس ئالغانىدى. يىغىلغان دېھقانلار پەس ئاۋازدا گۇدۇڭلاشقاچ، ئۇنىڭ ئېغىزىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

ـ ئەمسە يىغىننى باشلايمەن، ـ دېدى ئۇ ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك قاتتىق ئاۋازدا، ـ ھەممەيلەن بۇرنىمىزنىڭ ئاستىدىكى چاشقان كامىرىغا ھېزى بولايلى. كىمكى كۆرۈك توخۇدەك رۇك-رۇك قىلىدىكەن، ئېغىزىغا توپا تىقىۋېتىمەن، ـ ئۇ ئولتۇرغانلارغا تەكشى بىر قارىۋالغاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ، غەلىغەشلەرنى شالاقىدە تۆكۈرۈۋەتتى-دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ـ بۈگۈن يېزىلىق ھۆكۈمەتتە جىددىي يىغىن چاقىرىلدى. ئۇيەردە بولغان ھەممە گەپ-سۆزنى ھەرقايسىڭلارغا يېپىدىن يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بەرگەننىڭ پايدىسى يوق. مەنمۇ نەق دان چۈشىدىغان يېرىدىن باشلاي. ھەي ئىمىن كوسا، خالادەك يۇمۇلماي قالغان ئېغىزىڭغا ھېلى سىيىۋېتىمەن خوتۇنتالاق، بىردەم يۇمۇپ جىم ئولتۇر ـ ھە. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارارى: ئەتىدىن باشلاپ ئېشەكلەرنىڭ نەسلىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى پۈتكۈل يېزا تەۋەسىدە ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلىدۇ. بۇ خىزمەتكە جاشياڭجاڭ شەخسەن ئۆزى مەسئۇل بولدى. ئېشەكلەرنىڭ نەسلىنى ئۆزگەرتىش ـ قاراتمىلىقى كۈچلۈك، دائىرىسى كەڭ، مۇھىم خىزمەت! ئاددىيراق دېسەم، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى كىرىمىنى ئۆستۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا بېسىپ ئۆتمەسەك زادى بولمايدىغان بىر بالداق. شۇڭا ھەرقايسىڭلار قولىقىڭلارنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىشىڭلار، ۋاقتى كەلگەندە «ئۇقماي قاپتىمىز، بىز بىلمەي قاپتۇق» دەپ چىڭگە تالاشساڭلار ئۆلگىمچى ئۆزەم بولىمەن. ھە، ئەتىدىن باشلاپ ھەرقايسى مەھەللە باشلىقلىرى ئۆز تەۋەيىڭلاردىكى مادىلارنى بىرمۇ بىر تىزىملاپ، مال دوختۇرخانىسىغا قولىقىدىن تۇتۇپ ئۆتكۈزىسىز. كىمدە كىم بىرەر ئېشەكنى توردىن چۈشۈرۈپ قويۇپ، ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىشىغا تەسىر يەتكۈزسە، مەن ئۇنىڭ خوتۇنىنى مال دوختۇرخانىسىغا ئۆزەم ئاپىرىپ بېرىمەن. گەپ بىر، قولاق ئىككى...

ـ ئېشەكنىڭ نەسلىنى نېمىگە ئۆزگەرتىمىز، سېكرېتار؟

توپ ئىچىدىن بىرى ۋارقىرىدى. غوجىۋۇلبەردى ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ، ئورا كۆز، قوش بۇرۇن، مىس باش، يېشى ئاتمىشلاردا بار بىرىنى كۆردى. ئۇ ئارال كەنتىدىكى نامى بار خېلىل سىياسەت ئىدى. ھەر ئىشتىن بىر پوتاق چىقىرىپ زاكونلىشىشقا ھېرىسمەن بۇ كىشىگە سادda دېھقانلار «سىياسەت» دەپ لەقەم قويۇۋالغانىدى.

ـ نېمىگە ئۆزگەرتىش ھەققىدە ئەمدى توختىلىمەن، ـ دېدى غوجىۋۇلبەردى ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، ـ يېزىلىق مال دوختۇرخانىسى بەش تۇياق ئامېرىكا ھاڭگىسى كەلتۈرگەن. بىزنىڭ..

ـ نېمە، ئامېرىكا ھاڭگىسى؟ ـ خېلىل سىياسەت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ـ بەربىر ئېشەككەنغۇ، بۇنى قانداقمۇ نەسل ئۆزگەرتىش دېگىلى بولسۇن؟

ـ تولا ئېغىزىمنى غىېرىچلىما سىياسەت، ـ غوجىۋۇلبەردى ئۇنىڭ بىلەن ئېتىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، تويغى سىرقىراپ تۇرسىمۇ

شۇنچە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا پىتىدىن چۈشكىسى كەلمەي گۇركىرىدى ، - بۇ دېگەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارارى . ھە ، ئەسلى گەپكە كەلسەك ، ھەرقايسى مەھەللە بىر گۇرۇپپا بولۇپ ، بارلىق مادىلارنى دوختۇرخانىغا كوللېكتىپ ئاپىرىش كېرەك .

- مەن بۇنداق ئىسسىق پوقنى يېمەيمەن ، - ۋارقىرىدى خېلىل سىياسەت ، - ئۆزىمىزنىڭ لاتارىيە ئاچقۇدەك يارامىلىق ھاڭگىلىرىمىز تۇرغان يەردە ،ئامېرىكا ئېشىكىنىڭ نېمە كېرىكى ؟ ھەرقانچە نەسلىنى ئۆزگەرتسەكمۇ ئېشەك دېگەن بەربىر ئېشەك .ئامېرىكا ھاڭگىسىدىن چۈشكەن تەخەينىڭ موللا بولغىنىنى كىم كۆرۈپتۇ ؟

- يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارارىغا قارشى چىقماقچىمۇ سەن ؟

- ياق .

- شامالغا قاراپ سىيمەكچىمۇ ؟

- ياق .

- ئەمسە نېمەدەپ ئېغىزىڭدىن پوق ئېقىتىسەن ؟

- تۈزۈك گەپ قىلىسىلا سېكرېتار ،نېمە دېسىلە مەيلى ،مەن كاپىتالىزمنىڭ ھاڭگىسىنى سوتسىيالىزمنىڭ مادىسىغا قويمايمەن .

- ئېشەك دېگەندە سىنىپ ،ئىزم بولمايدۇ ، سورت بولىدۇ ، سىياسەت ، - غوجىۋۇلبەردى ئاچچىقىدا يەرگە قاتتىق تەپتى ، - تولا ئېغىزىمنى غىرىچلىما ، سەن غىرىچلايدىغان يەر مانا مايەردە ، - پۇتلىرىنى سىركولدەك ئېچىپ ،چاتىرىقىنى كۆرسەتتى .

- سىلى دەنشى① كۆرمىدىلىمۇ سېكرېتار ، -خېلىل سىياسەت ئېغىزىنى كالچايتىپ ھىجايدى ، - ئىراق پايتەختى باغدادقا بېسىپ كىرگەن ئامېرىكا تانكىلىرىنى كۆرگەنلا ،كاساپەتنىڭ ئالدىدىكى دىڭگىيىپ تۇرغان تۇۋرۇكى ھەممىنى ۋەيران قىلىۋەتتىغۇ . . .

- ھە ، سىلە ئەسلىدە ئامېرىكا ھاڭگىلىرىنىڭ تۇۋرۇكىنى خىيال قىلىپ مادائىلىدىن ئەنسىرەپ قالغانىكەنسىلەدە ، - غوجىۋۇلبەردى چاقچاقىقا يۆلەپ گەپنى باشقا ياققا يۆتكىماقچى بولدى ، - ئەمما سىلە ھازىر ئىشكىكىلىنىڭ كۆتىنى ئاۋايلاپ ، مەن بىلەن ئېكەرشكەن بىلەن ،كىلەر يىللىق كىشى بېشى كىرىمى پىلانىغا يەتمەي ،ئۆزۈڭلىنىڭ پوقلۇق قوتاڭلار ئۇچۇق قالسا ، بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالامسىلە ؟

- بوپتۇ ، يوغان قوقاق بىلەن مېنى قورقۇتمىسىلا سېكرېتار ، - دېگىنىچە ئاستا ئولتۇردى خېلىل سىياسەت ، - ئەمسە ئىشەكنىڭ نەسلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ پايىسىدىنى بىر دەپ بەرسىلە .

- ھە ، ئەمدى لوكىسىدا ئولتۇرۇدىغان گەپ قىلدىڭلا سىياسەت ، - غوجىۋۇلبەردى كەنت مۇدىرىنىڭ ئېغىزىدىكى موخوركىنى يۇلۇۋېلىپ كۈچ بىلەن بىر-ئىككىنى شورىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، - بىرىنچى پايدىسى ، يېزا بازىرىدىن نېرىغا بېرىپ باقمىغان مادائىلا يات ئەل ھاڭگىلىرى بىلەن بىر قېتىم ئۇچرىشىش پۇرستىگە ئېرىشىدۇ .ئىككىنچى پايدىسى ، مۇتەخەسسىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، ئامېرىكا ھاڭگىسىدىن چۈشكەن تەخەينىڭ بىر يىلدىن كېيىنكى بازار نەرقى ئىككى مىڭ كويغا يېتىدىكەن .بۇ پۇل تۈت نوپۇسلۇق ئائىلىنىڭ كىشى بېشىغا بەش يۈز كويدىن تەگدى دېگەن گەپ .ئېشەكچىلىكتىنلا قىلغان كىرىم بەش يۈز كوي ئاشسا ،قالغان ئىگىلىكتىن قىلغان كىرىم بىلەن كىشى بېشى كىرىمىنى پىلاندىن ئاشۇرغىلى بولىدۇ .ئۈچىنچى پايدىسى ، ھە ، بىرمۇ بىر ساناپ ئولتۇرمىساقمۇ بولار .

- ئۈچىنچى پايدىسى ، قىلىدىغان ئىش يوق بىكار قالغان مال دوختۇرخانىسىنىڭ كىرىمى ۋە ئامېرىكا ھاڭگىسىدىن نان يەيدىغان ئالىلىكمەلەرنىڭ پايدىسى ئاشىدۇ .شۇنداقمۇ ، سېكرېتار ؟

- ئەستا ، خېلىل سىياسەت ، تولا بىرنېمەمنى غىرىچلىما دەيمەن . ھېلى بىكار . . .

- غىرىچلىغۇدەك بىرنېمىلىرى بولسا غىرىچلىمامدىمەن سېكرېتار .بولدى ،بولدى ، سەپرا بولمىسىلا . ھە قېنى ، مەيدىلىرىدە ئۆچكە چۈپۈرى بولغان ئەركەك بولغاندىكىن ، جىڭدا ئولتۇرىدىغان بىر ئېغىز راست گەپ قىلسىلا . بىر تەخەينى ئىككى مىڭغا دېگەن مۇتەخەسسىنىڭ كىملىكىنى بىلگىلى بولامدۇ ؟ راستلا بىر تەخەينىڭ ئىككى مىڭ كويغا يارىشىغا ،كىشى بېشى كىرىمىنىڭ بەش يۈز كوي ئېشىشىغا ئۇ مۇھتەرەم جاناب ھۆددە قىلالامدۇ ؟

- بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن ؟

- سورىماي بولمايدۇ سېكرېتار . مۇشۇنداق تاتلىق ۋەدىلەرگە تولا ئىشىنىپ ، ئېغىزىمىز قېتىقتا كۆيگەن بەغەرەزلەر بىز .ئۆزلىرىمۇ بۇگۈنكىدەك چوڭ يىغىنلاردا بەردەم ھاڭگىلاردەك مەيدىلىرىگە ئۇرغان بىلەن ،بىزگە زىيان بولسا ھەرگىزمۇ قويرۇق تۇتقۇزمايدىلا ئەمەسمۇ ؟ شۇڭا سورىۋالمىساق بولمايدۇ .

- بەك سورىغۇڭ بولسا يېزىغا بېرىپ ،جاشياڭجاڭدىن سورا ، سىياسەت .

- شياڭجاڭنىڭ جىڭى يوقما ؟

- جىڭى بولسا قىزىڭنى بېرەمتىڭ .ئەستا ،بۇ يىغىننى ئاچقىلى قويامسەن زادى ؟ - ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولغان غوجىۋۇلبەردى كەنت مۇدىرىغا «بىر ئامال قىلمامسەن »دېگەندەك ئالىيىپ قارىدى .مۇدىر ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ،خېلىل سىياسەتنى تارتقۇشلىغىنىچە نېرى ئەكەتتى .

- ئەمسە گەپ بىر ،قۇلاق ئىككى . ئەتىدىن باشلاپ بىر مادىغا ئوتتۇز كويدىن ئۇرۇق پۇلى ئالغاچ بېرىشارسىز . ۋەزىپىگە بويۇنتاۋلىق قىلغانلار قوزۇقتا ئولتۇرۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىشىڭ .ھازىردىن باشلاپ پۇلنىڭ غېمىگە كىرىشىڭ . ئەتىلىككە تىتتىتى ، پىتتتى دېيىشكە رۇخسەت يوق . . .

## 3

- ھەي سىياسەت ،سىياسەت ،ئادەمنى قىلدا قىيىپ ئۆلتۈرۈدىغان نېمىدە سىلە ، - غوجىۋۇلبەردى ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ پەس ئاۋازدا دېدى ، - مۇشۇنداق چوڭ يىغىندىمۇ سىياسەت بىلەن ئوينىشىپ ساقال تارامسىلە ؟

-ئەمدى ، ئۆگىنىپ قاپتىمەن سېكرېتار ،كۆنگەن خوي ئەمەسمۇ ؟ شۇ ئېغىزىمنى پەقەتلا باشقۇرالمايمەن .

- ئەمدى چوڭ يىغىندا بۇزغان ئىشنى ئۆزەڭلا تۈزەيسىلە ، سىياسەت . بۈگۈن چۈشقىنىڭ قوڭىدەك ئېغىزىڭلىنى باشقۇرالماي بىرمۇنچە كاپشىدىڭلا .دېمەم . دېمىسەم بىر قىسىم قولاقكەستىلەر سىلىنىڭ سايەڭلىگە بېقىپ جىم تورۇۋالىدۇ .يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئېشەكچىلىكنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتى بىلەن ئوينىشىشقا بولمايدۇ . ۋەزىپە ئورۇندالماي قالسا ھەممىمىزنىڭ كۆرگۈلۈكىمىز بار .شۇڭا سىلە قوتاڭلىنى غىت قىسىپ ئەتە ھەممىدىن بالدۇر مادائىلىنى سۆرەپ مال دوختۇرخانىسىغا بېرىڭلا .ئۇرۇق ھەققىنى كەنتتىن چىقىرىپ بېرىمەن . ناۋادا مادائىلىدىن ئەنسىرىسەڭلا دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسىدىن بىر ئەكىرىپلا چىقساڭلىمۇ بولىدۇ .

- بىكاردىن بىكار ئېشەك يېتىلەپ يۈرگىلى ساراڭمۇ مەن ؟

- بىكارغا يېتىلىمەيسىلە ، ئۇن كۈنلۈك ھاشارنى كۆتۈرۈۋېتىمەن . بىر نۆۋەتلىك سۇنى مۇت ئىچسىلە .

- ئۇنداق بولسا مەيلى . سىلىمۇ ۋاقتى كەلگەندە تۆگىدەك كەينىگە سىيىپ تورىۋالمىسىلا بارسام باراي .

- مانى كۆردۇڭلىمۇ ، - غوجىۋۇلبەردى شارتلا قىلىپ گىرىپ

---

① تېلېۋىزور دېمەكچى .

كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ، مەيدىسىنى كۆرسەتتى، — بۇ دېگەن ئۆچكە چوپۇرى ئەمەس، ئەركەك قېنىمىز بار ئادەممىز. خاتىرجەم بولۇڭلا.

## 4

ئامېرىكا ھاڭگىسىنىڭ قانداق بولۇدىغانلىقىغا قىزىققان خېلىل سىياسەت ئەتىگەندىلا بوز مادىسىنى يېتىلەپ مال دوختۇرخانىسىغا ماڭدى. «قانداق بولاركىن» دەپ كۈتۈپ تۇرۇشقانلار ئۇنىڭ ھەممىدىن بالدۇر غېمىدە يوق ئېشەك يېتىلەپ ماڭغىنىنى كۆرۈپ، بۇ بوراندىن ئامان قالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىشتى-دە، ئاستا ئېغىللىرىغا جۆنەشتى.

يېزىلىق مال دوختۇرخانىسى بايرام ئەتتىسىگە چۆمگەن. دوختۇرخانا خادىملىرى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى كىرىمىنى بەش يۈز يۈەن ئاشۇرۇدىغان ئۇلۇغۋار ئىشقا جىددىي تۇتۇش قىلىپ، قەدىمى قەدىمىگە ئۇلاشمىغان ھالدا ئالدىراش چېپىپ يۈرۈشەتتى. ئۇزايىدىن توپا قويۇلۇپ تۇرغان دېھقانلار مەھەللە باشلىقلىرىنىڭ نازارىتىدە ئېشەكلىرىنىڭ باشۋېغىدىن تۇتۇپ، ئۇچرەت كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. تولىمۇ ئالدىراش بوپكەتكەن ئامېرىكا ھاڭگىلىرى دوختۇرخانىنى بېشىغا كىيىپ ھاڭراشماقتا ئىدى...

خېلىل سىياسەت ئېشەكنى سەل چەتتىكى بىر قوزۇققا باغلاپ قويغاندىن كېيىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئالدىراش يۈرگەن دوختۇرلارنىڭ يېنىدىكى ئامېرىكا ھاڭگىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ ئېشەكلەر باش، كۆز، قۇلاق، گەۋدە، پۇت، قۇيرۇق جەھەتتىن مۇشۇ يەردىكى يەرلىك ھاڭگىلارغا ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. ھاڭرىغاندىكى ئاۋازىمۇ ئوپئوخشاش ئىدى. بىر ئوخشىمايدىغان يېرى، ئېشەكلەرنىڭ قورسىقىدىن دۈمبىسىگە قارىتىپ ئاق، سېرىق، قىزىل، قارا، كۆك رەڭلەردىكى چەمبىرىكى بار ئىدى. بىر ھېسابتا ئۇلار تېلېۋىزوردا ناھىيە باشلىقلىرىدىن كېيىن پات-پات كۆرۈنۈپ قالىدىغان «ھايۋاناتلار دۇنياسى» پروگراممىسىدىكى تاغىل ئېشەكلەرگە ئوخشايتتى.

خېلىل سىياسەت ئامېرىكا ھاڭگىلىرىغا يەنىمۇ يېقىنلاشتى. ئېشەكلەرنىڭ تۈكلىرى ھەسەن-ھۈسەندەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ نېمىگىدۇر قىزىقىپ، بارماق ئۇچىنى تۈكرىكىدە ھۆللىدى-دە، چاپچىپ تۇرغان ھاڭگا باتۇرلارنىڭ تۈكىنى سىلىدى.

— ھوي، نېمە قىلىۋاتىدىلا؟ — بىر دوختۇر ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى.

— ھېچ، ھېچنېمە، — خېلىل سىياسەت شۇنداق دېگىنىچە بارماق ئۇچلىرىغا قارىدى. ئۇنىڭ قوللىرى قىزىل، سېرىق رەڭدە بويىلىپ قالغانىدى.

— ئۇكام، ئامېرىكا ھاڭگىلىرىنىڭ تۈكىدىن رېڭى چىقامدۇ نېمە؟

— رەڭ چىقىدۇ، — دوختۇر ئىتتىكلا جاۋاب بەردى، — ئەمما ئاۋۇ كۆسىيىنى تۇتسا رەڭ يۇقايدۇ.

— ئالامەت ئىختىساس ئىگىسى ئىكەنلا ئۇكام.

پاراڭ شۇيەردىلا قالدى. خېلىل سىياسەت ئارقىسىغا يېنىپ، ئېشەكنى يەشتى-دە، گەپ-سۆز قىلماستىن كەنتكە قايتتى.

## 5

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۆز ئېشەكلىرىنىڭ قورسىقىدىكى ئامېرىكا ھاڭگىلىرىنىڭ پۇشتىغا زور ئۈمىدلەرنى باغلىغان دېھقانلار كىشى بېشىغا قونۇدىغان بەش يۈز كويىنى قانداق خەجلەش ھەققىدە سادىلارچە خىياللارنى سۈرۈشكەنىدى. ئەمما بىر-بىرلەپ تۇغۇلغان تەخەيلەرنىڭ جىسمى ۋە ۋۇجۇدىدا يەرلىك ئېشەكلەردىن چۈشكەن تەخەيلەردىن ھېچقانداق ئۆزگىچىلىك كۆرۈلمىدى. ئانىسىنى ئېمىپ، سەكرەپ — تەپكىلەپ يۈرۈشكەن تەخەيلەر دېھقانلار ئەزەلدىن كۆرۈپ كېلىۋاتقان ئېشەك تەخەيلىرىگە ئوپئوخشاش ئىدى. بۇنىڭدىن گۇمانلانغان بىر توپ دېھقان بىر كۈنى دېيىشىۋالغاندەكلا كەنت قورۇسىغا يىغىلدى.

— ئەمدى بىزگە ئىگە بولمىسىلا بولمايدۇ غوجىۋىللاخۇن سېكرېتار، — دېيىشتى ئۇلار كەندىرلىككە قونغان قۇشقاچلاردەك چۇرۇقلىشىپ، — يەرلىك تەخەيلەردىن ھېچبىر يېرى پەرقلەنمەيدىغان بۇ بىرنېمىنى كىم ئىككى مىڭ كويغا ئالىدۇ؟

— بىز يەنە خالتا بىجىق (قۇرۇق ئەمچەك دېمەكچى) ئېمىپ قالىمىزمۇ؟ قېنى ئۇ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان بەش يۈز كوي؟

— بۇ زىيانغا كىم ئىگە؟

— نېمىگە بۇنچە چالۋاقايسىلەر؟ — غوجىۋىلبەردىمۇ ھۆركىرىدى، — ئۆز ۋاقتىدا ماداڭلارغا ئارتىلغان ئامېرىكا ھاڭگىسىنى كۆرگەنمۇ سىلەر؟

— كۆرگەن، ئەلۋەتتە كۆرگەن.

— ئۇلار يەرلىك ئېشەكلەرگە ئوخشامتى؟

— ياق. ئۇلار بىزنىڭ چۆچەكلىرىمىزدىكى تاۋۇس ئەللەيىنگە ئوخشاش چىرايلىق، گۈلدار ئېشەكلەر ئىدى.

— ئەمىسە سىلەردىن يەنە بىر مەسىلىنى سوراپ باقاي: شۇ كۈندىن كېيىن ئېشىكىنى ئېغىلدىن چىقارماي باققانلار بارمۇ؟

— قىزىق گەپ بولدى-دە بۇ سېكرېتار، — دېدى بىر چار ساقال كىشى، — ئامېرىكا ھاڭگىسى قوغلىغان مادا بۇ دەپ ئېشەكنى كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ياتقۇزۇپ قويغۇلۇقمۇ ئەمدى؟ بىزنىڭ شۇ ئېشەكلىرىمىزدىن باشقا جانغا ئەسقاتقۇدەك نېمىمىز بار؟ ئېشەكلەرنى مال دوختۇرخانىسىدىن قايتىپ كېلىپلا ئىشلەتتۇقيا.

— يەنە شۇنىمۇ سورۇۋالاي: ئېشەكلەرنىڭ قوڭىغا قۇلۇپ سېلىپ ساقلىغانلار بارمۇ — يوق؟

— ھوي - ھوي غوجىۋىللاخۇن سېكرېتار، بىزنى ساراڭ كۆرۈپ قالدىلىمۇ نېمە، — ۋارقىراشتى دېھقانلار، — نەدىمۇ ئېشەكنىڭ قوڭىغا قۇلۇپ سېلىپ قويغىلى بولسۇن!

— مانا، جاۋاب ئۆزى چىقتىغۇ، — غوجىۋىلبەردى چاۋاك چالغىنىچە كۈلۈپ كەتتى، — سىلەر مادىلىرىڭلارنى ئېغىلدا قويماي سىرتلارغا ئاچىقىپسىلەر. يەنە سەمىڭلارغا شۇنىمۇ سېلىپ قوياي، ئېشەك دېگەننى بىر يىلنىڭ ئۈچيۈز ئاتمىش بەش كۈنىنىڭ ھەممىسىدا يېتىلەپ يۈرگىلى بولمايدۇ-دە، ھارۋىغا قاتىدىغان، سۇغارغىلى ئاپىرىدىغان، بېدىلىك، خوخىلىق، قومۇشلۇقلارغا باغلاپ قويىدىغان گەپ. قېنى كىم شۇنداق چاغلاردا ئېشىكىمگە ئەركەك چىۋىنمۇ قونمىغان دېيەلەيدۇ؟ ئېشەك دېگەن بەربىر ئېشەكلىكىنى قىلىدۇ. بولۇپمۇ ھاڭگىلار! ھە، ئەمدى چۈشەندىڭلارمۇ؟ بىزنىڭ يەرلىك ھاڭگىلارمۇ بوش ئەمەس. ئۇ، كەنت مۇدىرىمىزدەك چاپىتىكەش. ماۋۇ بوغازكەن، ماۋۇ سالتاڭكەن، ماۋۇ ياش، ماۋۇ قېرىكەن دەپ خىللاپ ئولتۇرمايدۇ. ئامېرىكا ھاڭگىلىرىنىڭ ئۇرۇقى يەرلىشىپ بولغۇچە يەرلىك ھاڭگىلار ئۇنىڭغا قوشۇق سالغان گەپ. ئەسلىدىن ئۇسىسى كېلىشىدىغان يەر بولغاچقا سورت ئالمىشىپ قاپتۇ. ئەمدى بۇنى كىمدىن كۆرۈسىلەر؟

غوجىۋىلبەردىنىڭ ئۇزۇندىن ئۇزۇن چۈشەندۈرۈشلىرى بېشىنى ئايلاندۇرۇپ قويغان دېھقانلار تەڭلا جاۋاب بېرىشتى:

— ئەلۋەتتە پىشانىمىزدىن كۆرۈمىزدە!

2004-يىل 18-يانۋار، شەھىرى خوتەن

---

ئاپتور: خوتەن «يېڭى قاشتاش» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئورۇنباسار مۇدىرى (M1)



# نامراتلار ۋە بايلار

يۈسۈپجان سەمەت

ئىنسانلارنىڭ يەرشارىدا ياشاپ كەلگىنىگە ئۇزۇن يىللار بوپكەتتى . مانا بۇ يىللارنىڭ قوينىغا ئۇلارنىڭ ئاجايىپ قان-ياشلىق قىسمەتلىرى ، جاپا-مۇشەققەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرى ۋە ئىككى قولى ئارقىلىق ئالەمشۇمۇل ئىشلارنى ۋۇجۇد ئەيلىدى ،شانلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ياراتتى .دەۋر چاقىنىڭ ئۈزلۈكسىز چۆرگىلىشىگە ئەگىشىپ تالاي شەيئىلەر ئۆزگەردى ، تالاي قېتىم يېڭىلاندى . ئىنسانلار ئاجايىپ خانلىقلارنى بېشىدىن كەچۈردى ، ئاجايىپ يوللارنى بېسىپ ئۆتتى .نەتىجىدە ،ئۇلار زامانىۋى ئىختىرالىرى بىلەن بۈگۈنكى زامان دەۋرىگە كىرىپ كەلدى . يەرشارىنىڭ سىرتقى قىياپىتى قانداقلا ئۆزگىرىپ تۇرمىسۇن ،باي-نامراتلىق پەرقى ھامان كىشىلەرنىڭ ئۆزگەرمەس رېئاللىقى بوپكەلدى .

ئەڭ دەسلەپكى باي-نامراتلىق پەرقىنىڭ قايسى خىل ئىپادىلەنگەنلىكى ماڭا نامەلۇم (بەلكىم ،شەيتان لەئىنىنىڭ ئادەمگە ھەسەت قىلغانلىقى روھىي نامراتلىقنىڭ باشلىنىشى بولسا كېرەك ) . ئېشقىلىپ ئىنسانلار بىر دەۋرلەرگە كەلگەندە ئۆزلىرىنىڭ بىر ئادەم نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ ، بىر-بىرىنى قۇل قىلىشقا باشلىدى .

## روھ چوققىلىرى

قۇللار شۇ دەۋردىكى نامراتلار ئىدى . قۇلدارلار شۇ دەۋرنىڭ بايلىرى ھېسابلىناتتى .ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەرق ئىنتايىن زور ئىدى . قۇللار ئەڭ ئىپتىدائىي ھاجەتلىرىنىمۇ قامدىيالمايتتى . قۇلدارلار مىسلىسىز ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى . ئۇ دەۋرلەردە قۇلدارلار قۇللارنى ئىنتايىن خورلايتتى ،ئادەم قاتارىدا كۆرمەيتتى . ئۇلار قۇلدارلارنىڭ نەزەرىدە ھايۋانچىلىكمۇ بولالمايتتى .گېزى كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى بوغۇزلىنىپ ،قىزلىرى ئىشقا سېلىنىش ئۈچۈن تىرىك قالدۇرۇلاتتى . قەدىمىي ئىنسانلار مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىپ تۇرۇۋاتقان مىسىردىكى ئەلئېھراملارمۇ مىليونلىغان قۇلنىڭ سۆڭەكلىرى بىلەن ئۆرە قىلىنىپ ، قان-ياشلىرى بىلەن قوپۇرۇلغان .بۇيەردە بىز پەقەت قەدىمكى گرېتسىيە تارىخچىسى ھېرودوتنىڭ تۆۋەندىكى قۇرلىرىغا نەزەر ئاغدۇرۇمىز :

«ئۇ ( خوپۇ① ) بارلىق مىسىرلىقلارنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇرلايتتى . . .ئۇلار 100مىڭ ئادەم بىر توپ بولۇپ ئىشلەيتتى ،ھەربىر توپ ئادەم ئۈچ ئاي ئىشلەيتتى . . . ئېھرامنى ياساشقا 20يىل ۋاقىت كېتەتتى . . . ئېھرام سىلىقلاپ ئىشلەنگەن تاش بىلەن ئىنتايىن نەپىس ھالدا مۇۋەپپەقىيەتلىك قوپۇرۇلغان قۇرۇلۇشتۇر » ( «دۇنيا تارىخى »7-بەت ،شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان دەرسلىك كىتاب ) .

---

① مىسىر فىرئەۋنى .

كېيىنچە، بىزنىڭ بۈگۈنكى تىلىمىز بويىچە «فېئوداليزم دەۋرى» ، «كاپىتاليزم دەۋرى» دەپ ئاتىلىۋاتقان دەۋرلەردىمۇ باي-نامراتلىق پەرقى ئۆزگىچە تۈسكە كىردى. بۇنى قۇللار بىلەن قۇلدارلار ئارىسىدىكى پەرققە سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بايلار بىلەن نامراتلار ئارىسىدىكى پەرق هامان زور بوپكەلدى. فېئوداليزم دەۋرىدە كىشىلەر ئېكىن ئىگىلىرى ئۈچۈن قىممەت ياراتسا، كېيىنكى دەۋرلەردە كىشىلەر ئۆز خوجايىنلىرى ئۈچۈن قوشۇمچە قىممەت يارىتىدىغان بولدى. شۇنداقتىمۇ نامراتلار هامان نامرات، بايلار يەنىلا باي ئىدى. دېمەك، باي-نامراتلىق پەرقى ئالدىدا ۋاقىتنىڭ رولى بولمىدى. دەۋر ئالماشقانسېرى بۇ پەرقمۇ يېڭىچە خاراكتېرلەندى. ئىلگىرىكى كىشىلەر هايۋانلارنى يەپ بولۇپ، تېرىسىنى ئۈستىگە ئارتىۋالىدىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە تېرىلەر ئازراق پىششىقلاپ ئىشلىنىپ، تۈرلۈك رەڭلەر بىلەن بويىلىپ ئادەملەرنىڭ ئۇچىسىغا چىقىدۇ. بۇيەردىكى تېرە چاپان قانداق ئۆزگىرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئادەملەرنىڭ غەم-قايغۇلىرى يەنىلا تونۇگۈنكى: بايلار زېمىننى سوراۋاتقان، نامراتلار ئۇلارغا ئىشلەۋاتقان، بايلار خۇشهال، نامراتلار غەمكىن. . .

بۈگۈنكى دەۋردىكى بىز «بايلار» دەپ ئاتاۋاتقانلار پۇلدارلار بولۇپ، ئۇلار نامراتلاردىن كۆپ جەھەتتە پەرقلىنىدۇ: ئۇلارنىڭ كاتتا داچىلىرى، ئېسىل پىكاپلىرى بولىدۇ. ئۇلار كۆپىنچە سېمىز كېلىدۇ، يۈزلىرى مايلىشىپ - پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا «خوش-خوش» دەپ تۇرىدىغان «لەببەي» چىلىرى بولىدۇ. قارىماققا بۇلارنىڭ هەممە ئىشى ئېقىۋاتقاندەك، يۈرۈشۈۋاتقاندەك. ئۇلارنىڭ كىيىنىشلىرى پوزۇر، بالىلىرى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا، ئاقسۆڭەكلەر مەكتەپلىرىدە ئوقۇيدۇ. مەكتەپلەرگە پىكاپ بىلەن بېرىپ، پىكاپ بىلەن قايتىدۇ. نامراتلارنىڭ ئۇچىسىدىكى چاپانمۇ ئۆزىگە ياراشمىغاندەك، چىرايىدىن غەم نېرى كەتمەيدۇ. بۇلارنىڭ بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنيادىمۇ ئىپتىدائىي هاجەتلىرى قامدالمىغان. قورساقلىرى ئاچ، ئۈستىۋېشى يالىڭاچ. بۇلارنىڭ بالىلىرى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئەمەس، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇش، كىتاب پۇللىرىنى تۆلەشكىمۇ قۇربى يەتمەيدۇ . . . نامراتلار بىلەن بايلارنى بىرلا ۋاقىتتا بىرسورۇندا ئۇچرىتىش قىيىن بولسىمۇ، بانكىدا ئۇچرىتىپ قېلىش مۇمكىن. بايلار بانكىغا دەستە-دەستە پۇللارنى قويغىلى كىرسە، نامراتلار قەرز تىلەپ كىرىدۇ. ئەلۋەتتە، بانكا خادىملىرىنىڭ پوزىتسىيىلىرىمۇ پەرقلىق.

كىچىك ۋاقىتلىرىمدا چوڭلارنىڭ دۇنياسى ماڭا تولىمۇ سىرلىق بىلىنەتتى. ناهايىتى تېزلا چوڭ بوپكەتكۈم، ئۆز-ئۆزۈمگە ئىگە بولغۇم كەپكېتەتتى. كۆردۈمكى، بۇ دۇنيا ئاجايىپ تەڭسىزلىكلەرگە تولغان: باي دۆلەتلەر قوراللارغا پۇلنى سۇدەك خەجلەيتتى. نامرات دۆلەتلەردە بولسا كىشىلەر سۇسىزلىق، ئاچلىق، يۇقۇملۇق كېسەللىك سەۋەبىدىن قىرىلىپ كېتەتتى. باي دۆلەتلەر بۇ بىچارە دەردمەنلەرگە ئۆز زېمىنىدىكى هايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە مۇئامىلە قىلغانچىلىكمۇ كۆڭۈل بۆلمەيتتى. پەقەت ئاخبارات ئارقىلىق «هال سوراپ» ئازراق ماددىي «ئەمەلىي» ياردەم قىلىپ قوياتتى. بايلار ئۆيىدە ئولتۇرۇپمۇ كىچىك تىپتىكى (چامادان) كومپيۇتېر ئارقىلىق بانكىدىكى پۇلنى خەجلەپ، يىراق شەهەرلەردىكى ماللىرىنى سېتىپ، چەت ئەللەردىكى خېرىدارلار بىلەن هەمكارلىق ئورنىتالايتتى. ئۇلار ئۇخلىسىمۇ، ئوينىسىمۇ پۇل يانچۇقىغا كىرىپ تۇراتتى. نامراتلار بىر كۈن كەچ كىرگىچە ئىشلەپمۇ، قولىغا تۈزۈك پۇل ئاشماي «مېكىياننىڭ بىر قېتىم ئىنجىقلىغىنچىلىك» نەپكە ئېرىشەلمەيتتى. زامانىمىزنىڭ قارۇنى بىل گايتس «يۈز دوللار يەرگە چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى يەردىن ئېڭىشىپ ئالغۇچىلىك ۋاقىتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ پۇل تېپىپ بولالايدۇ». يەرشارىنىڭ هەربىر بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىكى شىركەتلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ، يەرشارىدىكى «بىرىنچى نومۇرلۇق باي» بولۇش سۈپىتى بىلەن بىرنەچچە دۆلەتنى سېتىۋالالىشى مۇمكىن. قىزلىرىمىز دوراپ بولالمايۋاتقان مادوننا خېنىممۇ داچىسىنىڭ يېنىدىكى پۈتۈن بىر ئايروپورتنى سېتىۋېلىپ («ئۇيقۇمنى بۇزدى» دەپ) بالىلىرىغا ئويۇن مەيدانى قىلىپ بەرگەن. نامراتلار بولسا بۇ بايلارنىڭ ئازراق ئېشىنچى پۇللىرىنى چىقىرىپ ئۆزلىرىنىڭ قورساق، كىيىم غېمىنى هەل قىلىشىنى كۈتۈپ سارغىيىپ تۇرۇشقان. بەلكىم بىل گايتس ۋە مادوننالارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ مەنبەسى سۈرۈشتە قىلىنسا، ئاشۇ نامراتلارنىڭ قان-تەرى بۇنىڭغا هەسسە قوشقان بولۇشى مۇمكىن. بۈگۈنكى دۇنيادىكى بۇ خىل هالەت خەلقىمىزدىكى «كەتمەن چاپقان جىگدە يەپتۇ، ئوڭدا ياتقان گىردە يەپتۇ» دېگەن تەمسىلگە بۈگۈنكى زامانچە مەنىلەرنى قوشتى.

ئېيتىلىشىچە، يالتا يىغىنىدىكى ئۈچ «كاتتىۋاش»[1] ئەينى چاغدا ئاجايىپ دۇنياۋى سودىلارنى قىلىشقانىكەن. بىرى سىگارىتنى مايماق چىشلەپ تۇرۇپ خەرىتىدىكى بىر بۆلەك رايونغا چەمبەر سىزىپ «بۇ رايوننى مەن ئالاي» دېگەندەك قىلىپ ئۆز ئالدىغا قارىتىپ بىر ئىسترېلكا سىزسا، يەنە بىرى قوپۇپ «ياق، تەڭ ئالايلى» دېگەندەك قىلىپ چەمبەرنى ئىككىگە بۆلۈپ ئۆزىگە قارىتىپ كۆرسەتكۈچ سىزىپ قويۇدىكەن ۋە بىر-بىرىگە قاراپ ساختا كۈلۈمسىرەپ قويۇشىدىكەن . . . بۇ نېمىدېگەن كاتتا سودا. هە؟! خۇددى قىمارۋازلار تاۋىكا ئالدىدا ئۆي-زېمىنىنى، خوتۇنىنى دوغا تىكىشكەندەك، بۇ «كاتتىۋاش» جانابلار مىليونلىغان خەلقنىڭ تېررىتورىيىسىنى، مەدەنىيىتىنى، روهىيىتىنى، تىلىنى خەجلىگەن. مىليونلىغان خەلقنىڭ رېئاللىقىنى ئويان-بۇيان قىلغان. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا يەرشارىنى ئالقىنىدا ئويناتقان. بۇلارنىڭ خاهىشى بويىچە دۇنيا خەرىتىسى قايتا سىزىلىپ، دۇنياۋى تەرتىپ يېڭىچە تۈسكە كىرگەن. بۇ «كاتتىۋاش»لارنىڭ بۇ قېتىملىق ئويۇنى بۈگۈنكى دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىنى يىراقتىن يوشۇرۇن بەلگىلىگەن.

ئەلقىسسە، «شەددات پۈتكۈل خەلقنى مەجبۇرلاپ بىر باغ ياساپتۇ. ئۇنى〈 جەننەت〉 دەپ ئاتاپتۇ. بۇ〈 جەننەت〉نىڭ دەرەخلىرىنىڭ غولى كۈمۈشتىن، يوپۇرماقلىرى ئالتۇندىن، مېۋىلىرى ئۈنچە-مارجانلاردىن ئىكەن . . .»

«قارۇن ئۆزىنىڭ پۈتكۈل مال-دۇنيالىرى بىلەن كىشىلەرگە كۆرۈنۈپتۇ، خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىنىلا نەچچە ئۇتلىغان تۆگىگە ئارتىپتۇ، كىشىلەر ياقىلىرىنى چىشلەپ قېلىشىپتۇ . . .»

بايلار بىلەن نامراتلار ئارىسىدىكى روهىي هالەتلەر مېنى ئەجەبلەندۈرەتتى. بايلار غەمسىز، تەكەببۇر كېلەتتى. ئۇلار نامراتلارنىڭ سالام قىلىشىنى هەقلىق دەپ قارايتتى، نامراتلارغا سالاممۇ قىلىپ قويمايتتى، كۆرۈشكەندە قولىنىڭ ئۇچىنىلا تەڭلەپ قوياتتى. نامراتلار بايلارنىڭ بۇ ئىلتىپاتىنى كاتتا شەرەپ بىلەتتى. ئۇلارچە بولغاندىمۇ چوقۇم مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك. بىرەر باشلىقنىڭ ساختا گەپلىرى ۋە يېنىك پەپىلەشلىرى بىر ئۆمۈر جاپا تارتىپ قىممەت ياراتقان دېهقاننىڭ ئۆمۈرلۈك هاردۇقىنى چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن. بايلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئاجايىپ ئىززەت-هۆرمەتكە، ئىززەتكە سازاۋەر ئىدى. ئۇلار ئەڭ تاتلىق، ئەڭ شېرىن ئىبارىلەر بىلەن

[1] ستالىن، روزۋېلت، چېرچىلل.

ئەركىلىتىلەتتى، چوڭلارمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇراتتى. نامراتلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشىغا، كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلمىگەندەك، بۆلەلمەيۋاتقاندەك قىلسىمۇ، بايلارنىڭ بالىلىرىنىڭ نەتىجىسىگە، ئۇلارنىڭ ئوقۇشىغا، كەيپىياتىغا ئاجايىپ كۆڭۈل بۆلەتتى. بايلارنىڭ بالىلىرى چوقۇم نامرات بالىلاردىن «ئەقىللىق» بولاتتى. چۈنكى ئۇلار «يېمىگەننى يېگەن، كىيمىگەننى كىيگەن، كۆرمىگەننى كۆرگەن» ئەمەسمۇ؟! نامرات بالىلار ئاچ-توق قالاتتى، كىيىملىرى جۇل-جۇل ئىدى. شۇنچە ئوقۇغۇسى بولسىمۇ، ئەركىن-ئازادە ئوقۇش مۇھىتىغا ئېرىشەلمەيتتى. ئېيتىلىشىچە، بۇرۇنقى ئەرەبلەر نامراتلىق ۋە ئار-نومۇستىن قورقۇپ قىز پەرزەنتلىرىنى قۇمغا تىرىك كۆمۈۋېتەتتىكەن (ئەينى دەۋردىكى ئەرەبلەر ئىنتايىن قالاق، بەدەۋىي بولۇپ، تىنىم تاپماي قەبىلە ئۇرۇشى ئېلىپ باراتتى. ئۇرۇش غالىبلىرى مەغلۇب بولغانلارنىڭ قىز-ئاياللىرىنى نەق مەيداندا دەپسەندە قىلاتتى. شۇ دەۋردىكى ئاجايىپ مەدەنىيەت ئىگىلىرى بولغان شەرقتىكى پارسلار، غەربتىكى رۇملۇقلار (ۋىزانتىيىلىكلەر) ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ مۇشۇ ئەرەبلەر ئارىسىدىن چىققانلىقىغا ھەيران قالاتتى. — ئاپتور). شۇنداق كىشىلەر بار ئىدىكى، ئۇلار پەرزەنتلىرىنى تىرىك قۇمغا كۆمۈۋەتمەيتتى، بەلكى تىرىك تۇرغۇزۇپ تىل-ئاھانەتكە كۆمۈۋېتەتتى. بۇ، قۇمغا كۆمۈلگەندىنمۇ دەھشەتلىك ئىدى. نامرات بالىلار ئۆرە تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتەتتى. قارىچۇقلىرىدا ياش قېتىپ قالاتتى. ئۇلارغا قاچانلا قارىساڭ غەمكىن. شۇنچە زورۇقۇپ باقسىمۇ كۈلەلمەيتتى، كۈلەلمەيتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى رەھىمسىز رېئاللىق تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان بولۇپ دىلى ئىنتايىن سۇنۇق ئىدى.

بۈگۈنكى دەۋردە ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە پۇل ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقتى. پۇل ھەممىنى ھەل قىلىدىغان بولدى. ئۇ قارىماققا ھەممىنى ھەل قىلىدىغاندەك قىلاتتى. كىشىلىرىمىزدە يۈكسەك ئىقتىسادىي ئاڭ شەكىللەندى. كىشىلەر «پۇلغا چوقۇنىمەن» دېيىشمەيتتى، لېكىن قىلىۋاتقان ئىشلىرى بۇنى يىراقتىن كۆرسىتىپ تۇراتتى. پۇل گويا مۇقەددەس «ئۆلچەم»گە ئايلانغان. كىشىلەر بۇ «ئۆلچەم»لىرى بىلەن بىر-بىرىنى «باي»، «نامرات»، «شەھەرلىك»، «سەھرالىق» دەپ لاگېرلارغا ئايرىدى ھەم بىر-بىرىگە شۇ بويىچە مۇئامىلە قىلىدى («مۇئامىلە» دېگەننىڭ يەنە بىر مەنىسى «ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت» دېگەنلىك بولىدۇ). جەمئىيەتتە «پۇلى بارنىڭ ئىشى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ» بولدى. «نەپ»سىز گەپ ئېيتىلمايدۇ. پۇل ئادەملەرنىڭ ئوي-خىيالىنى، ئەس-يادىنى، ھەتتا تەپەككۇر، ئېتىقادىنى تارتىۋالدى. كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەت، ئۆزلۈك، ياردەم، ھېسداشلىق دېگەنلەرگە يېڭىچە سوئال قويۇلدى. پۇلنى دەپ ئاتا بالىدىن، بالا ئانىدىن، ئانا بالىدىن يۈز ئۆرۈشتى. ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر تېلېۋىزورلاردىكى ساختا كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ ئاجايىپ تەسىرلىنىدۇ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كېتىدۇ. ئەمما يېنىدىلا، ئالدى-كەينىدىلا شۇنداق ئىشلار يۈز بەرسە پىسەنت قىلمايدۇ ياكى بىلمەسكە سالىدۇ. بىر چاپانغا، ئورۇندۇققا، گېلىغا، ئويۇنغا، «ئەمچەك چوڭايتىش، ساغرا كىچىكلىتىش»... دېگەنلەرگە تۆمەنلەپ خەجلىۋېتىدۇ. تۆمەنلەپ ئادەم ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئاچ-يالىڭاچلىقتا قالسىمۇ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ. خۇددى «ئېشەك ئۆلۈۋاتسا كۆتى غېجەك تارتىپتۇ» دېگەندەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز تۆت قېتىم تىنغۇچە بىرى ئۆلۈۋاتقىنى ئېشەك ئەمەس ئادەم ئىدى (ئادىل ئابدۇقادىر: «تەرەققىياتنىڭ سايىسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 6-سان 77-بەت). بەزى ئادەملەرنىڭ قەلبى تاشتىنمۇ قېتىپ كەتكەنىدى. ياق، تاشتىنمۇ يېرىلىپ كېتىدىغانلىرى بار. لېكىن ئىنسان قەلبى ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى، يۇمشىمايتتى، يەنىلا قاتتىق ئىدى. پۇلى يوق بىچارىلەر دوختۇرخانا ئورۇندۇقلىرىدا ئولتۇرۇپ داۋالىنالماي ئۆلۈپ كېتەتتى...

دەرۋەقە، يەرشارى سەككىز مىليارد ئادەم نان تالىشىۋاتقان ئاجايىپ بىر بىچارە جەڭگاھقا ئوخشاپ قالدى. گويا ئادەملەر ماشىنا ئادەملەردەك، بۇ ماشىنىلارغا «نەپ ئېلىش، پايدا ئېلىش» دېگەنلا پروگرامما قاچىلانغاندەك قىلاتتى. ھەممە ئادەم پۇلنىڭ كەينىدىن ئالدىراش چاپاتتى. نېمىلەرنىدۇر دوغا تىكىپ ئۇنى پۇلغا ئايلاندۇراتتى. پۇل ئارقىلىق ھاياتنى كاپالەتلەندۈرەتتى.

بىز ئوقۇغان چۆچەكلەردە مۇنداق بايانلار بار: «...بىر بوۋاينىڭ بىر ئەينەك ئىشكاپى بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن نېمىنى تەلەپ قىلسا ئىچىدىن شۇ چىقىدىكەن. ئەمما ئورنىغا چوقۇم بىر نەرسە قويۇپ قويۇش شەرت ئىكەن...» دەرۋەقە، بىز نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلەپ پۇلغا ئېرىشمەكچى. ئېرىشكەنلىرىمىز تۆلىگەن بەدەللىرىمىزگە ئىزلىنىشالامدىكىنە!

بۈگۈنكى زامانچە «ئىقتىساد ئېڭى» كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەتنى سۇسلاشتۇرۇۋەتتى. يەرشارى مىقياسلىق شەخسىيەتچىلىك ئەۋج ئالدى. ئىنسانلار ئالدىغا قاراپ كەينىگە قارىماس بولدى. «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، كۆتۈڭنى قىس، يولۇڭغا ماڭ...» مۇقەددەس تۇرمۇش مىزانىغا ئايلاندى. ئۆزئارا تاماق سۇنۇشىدىغان، ئۆتنە-يېرىم قىلىشىدىغان، كوللېكتىپ جامائەت ئاجىزلارغا يار-يۆلەكتە بولۇدىغان تۇرمۇش ئەندىزىمىز ئۆتمۈشكە ئايلاندى. كىشىلىرىمىزدىكى بۇ خاھىشلار باي-نامراتلىق پەرقىنى تېخىمۇ زورايتىۋەتتى. توغرا، بۈگۈنكى كۈندە نامراتلار ئاچ قالمايدۇ، ئەمما نامراتلىقنى ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن بەكرەك ھېس قىلىدۇ. قارىماققا ھەممە ئادەم ئوخشاش كىيىنىۋاتقاندەك، يەۋاتقاندەك. بۈگۈنكى كۈندىمۇ «تۈتۈننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ» دېگەندەك كىشىلەرنى ئارىمىزدىن، يېنىمىزدىن ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن ۋە ھەيران قېلىشىمىز مۇمكىن. گەرچە، ئابدۇقادىر داموللام دەۋرىدىكىدەك قىشتا كۆلگە كۆمۈلۈپ ئىسسىنىدىغان بالىلارنى ئۇچراتمىساقمۇ، 20يۈەن ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمەي ئۆلۈۋالغان بالىلارنى ئۇچراتتۇق. يەنە قارايدىغان بولساق، ئەتراپىمىزدا ھېچ نەرسىسى يوق كۆپ نامرات دېھقانلارنى، جېنىنى ئاران جان ئېتىۋاتقان تول ئانىلارنى، سوغۇقتا شۈمشىيىپ كۆك ماڭقىسى چىقىپ كەتكەن بالىلارنى ماڭدامدا بىر ئۇچرىتىمىز.

— بىزنىڭ مەھەللىدە بىر نامرات، نان ياقىدىغان تول خوتۇن بار ئىدى. ئۇ، كىشىلەرنىڭ كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ، نانلىرىنى يېقىپ، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ جان باقاتتى. ئۇ ئىنتايىن كىچىك پېئىل ئىدى. ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە بالىلارغا ياڭيۇ پىشۇرۇپ سېتىپ پۇل جۇغلايتتى. ئۇ ماڭا تولىمۇ ئامراق ئىدى. ئۆز ئانامدەك كۆزلىرىمگە مېھرى بىلەن تىكىلىپ، يۈزلىرىمنى سىلاپ كېتەتتى. بەزىدە مېنى ئۆيىگە چاقىرىپ، نەلەرگىدۇر تىقىپ قويغان ئاخىرقى تۈگۈنچەكلىرىنى يېشەتتى-دە: «بالام، مەن ساناشنى ئۇقمايمەن، بۇ پۇللارنى ساناپ بەرگىنە» دەيتتى. مەن ساناۋاتقاندا: «〈مىڭ〉دىن قانچىسى باركەن، 〈مىليان (مىليون دېمەكچى)〉 دىنچۇ؟» دەپ قوشۇپ قوياتتى. ئۇ، كونىلارنىڭ ئادىتى بويىچە موچەنلىكنى «مىڭ»، كويلۇقنى «مىليون» دەپ ئاتايتتى. مەن يەنىلا ئۇنىڭغا موچەننى موچەن، كويىنى كوي دەپ چۈشەندۈرەتتىم. ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ھېسابلاش ئۇسۇلى بويىچە بىرنەرسىلەرنى چۈشەنگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۆيى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ بىرنەچچە پاقلىنى بار ئىدى.

بىساتلىرىمۇ ئاددىي بولۇپ ، قەلىمى ۋە قەلبى پاكىز شائىرىمىز ئابدۇلباسىت ئابدۇراھماننىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ 1998-يىل 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئانا»داستانىدا تەسۋىرلەنگەندەكلا ئىدى . مەھەللىمىزدىكى ئەڭ نامرات مەزلۇمە بولسىمۇ ئۇ شۇ يېشىغىچىلىك بىراۋلارغا موھتاج بولماي ، ھالال تەر تۆكۈپ ياشايتتى . ياشانغان بولسىمۇ يەنىلا تېتىك-چاققان ئىدى . كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . . . ئۆتكەن ئەتىلەر يۇرتقا كەلسەم ،ئۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ ،كۆزلىرىمدىن ياش ئەگىدى . . .

ماددىي جەھەتتە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ باي ، شەرق دۆلەتلىرىنىڭ نامرات بولۇشى ؛ نەدىكى بىر غىت-غىت ئارتىسلارنىڭ باي ، ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭ قان-تەرى بىلەن بېقىپ كەتمەن چېپىۋاتقان ، مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئاخىرقى ئېتىنىك ھامىيلىرى بولغان جاپاكەش دېھقانلارنىڭ نامرات بولۇشى ؛ مەدەنىيىتىمىزنى نامايان قىلىپ تۇرۇۋاتقان چەكمەن تونلىرىمىزنىڭ ،ئەفىفە (پاك )ئانىلىرىمىز ئارتىدىغان ياغلىقلىرىمىزنىڭ «نامراتلىق»نىڭ سىمۋولى بوپقېلىشى ، 21-ئەسىردىكى بىزگە قويۇلغان چوڭ بىر سوئال .

نېمە بولدى ،يېقىنقى يىللاردىن بېرى بەزى ئاپتورلىرىمىز مەتبۇئاتلاردا «يوقالسۇن ئاجىزلار !»دەپ توۋلايدىغان بوپقالدى . نېتزىينىڭ بۇ گېپىنى زورۇقۇپ قوبۇل قىلىپ باقاي دېسەممۇ ئۇنداق قىلالمىدىم . بەلكى بۇ ، تەپەككۇرىمىزنىڭ «گال»لىقىدىن بولسا كېرەك .نېمىشكە بۇ گەپكە چىنپۇتكۇدەكمەن ؟ ! قېنى ، بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى بىر يېشىپ باقايلى : «قۇرئان كەرىم»دە «ئىنسان ئاجىز يارىتىلدى»دېگەن ئايەت بار .ئۇنداقتا ئىنسانلار يوقىلىشى كېرەكمۇ ؟ ئاياللار ، بالىلار ۋە قېرىلار ئاجىزلاردۇر ، ئۇلارمۇ يوقىلىشى كېرەكمۇ ؟ بىزمۇ بىر چاغلاردا بىر پارچە ئەتلىمە گۆش ئىدۇق ، بىر كۈنلەرگە كەلگەندە قېرىشىمىز مۇمكىن ،شۇچاغلاردا يوقىلىشىمىز كېرەكمۇ ؟ ئامېرىكا ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولۇشى مۇمكىن ، باشقا دۆلەتلەر ئۇنىڭغا نىسبەتەن «ئاجىز» .بۇ دۆلەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ پۇقرالىرى يەرشارىنى ئامېرىكىغا بوشىتىپ بېرىپ %20 ئاھالىلا ياشىشى ،باشقىلار ئۆلۈشى كېرەكمۇ ؟ (قاراڭ : «خې شىن : ئامېرىكىنىڭ دۇنيا مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ۋاقىت جەدۋىلى» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2003-يىل 3-سان ) .بەلكىم نېتزىي بۇ گەپنى «ئاجىزلار يوقىلىپ ، ھەممە ئادەم باپباراۋەر كۈچلۈك بولسۇن !»دېگەن مەنىدە ئېيتقان بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن بۇ بىر مەنتىقىسىزلىق ـ تە . تارىختا ئەزەلدىن بەشقول تەڭ بولمىغان ھەم تەڭ بولمايدۇ ، نامراتلار بولمىسا بايلار ، ئاجىزلار بولمىسا كۈچلۈكلەر بولاتتىمۇ ؟ بەلكىم «ئاجىزلار»دېگەن كەلىمە «ھورۇنلار ،تىرىشمىغانلار»دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرۈشى مۇمكىن . ئەمما «ئاجىزلار»نىڭ ئارىسىغا تىرىشىمۇ يېتىشەلمەيۋاتقانلار ،يەنىلا نامرات قېلىۋاتقانلارمۇ كىرىدۇ . مۇشۇلارمۇ قوشۇلۇپ يوقىلىشى كېرەكمۇ ؟ ! . . . دەرۋەقە ، ئەتراپىمىزدا ـ «بىپايان سايلىقتا تاش يىغلايتتى ،سۇ ئۇسسايتتى ،ئوت مۇزلايتتى ،بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى» .كىملەرگىدۇر لەنەت ئوقۇپ كىملەرگىدۇر ھېسداشلىق قىلغۇمىز كېلەتتى. ئېگىز يەرگە چىقىپ : «نەدىسەن مېھىر-مۇھەببەت ،نەدىسەن ئەي مېھىر-مۇھەببەت ؟ !» (قاراڭ :غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت : «مېھىر-مۇھەببەت» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2002-يىل 3-سان )دەپ ۋارقىرىغىمىز كېلەتتى .

كىشىلەر «دارۋىنىزم»نى ـ «كۈچلۈكلەر ياشايدۇ ،ئاجىزلار شاللىنىدۇ»دېگەن تەلىماتنى ئۆز ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاشقا باشلىدى . بىر بىچارە سائىل تىلەپ كەلسە :ھورۇن ،ئاقىنچى ،دۆت ،كالۋا ،دەپ يولغا سېلىشىدۇ (بۆيەردىكى «سائىل»تىلەمچىنىلا كۆرسەتمەيدۇ ) . «كىم ئۇنى پۇل تاپمىسۇن دەپتۇ ، بىزمۇ مۇنداق-مۇنداق جاپا تارتىپ تاپقان پۇللاربۇ !»دېيىشىدۇ . ئۆزقېرىنداشلىرىغا ئەمەلىي ياردەم قىلمايدۇ . مۇشۇ يەردە زەكىي ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇش زۆرۈركى ، مەن تىرىشماسلىقنى ،ھورۇنلۇقنى ئاقلىماقچى ئەمەسمەن (تىرىشماسلىق ئەمەلىيەتتە ھاياتقا خىيانەت قىلغانلىق ) .ئاچا قويۇلغان دەرەخ شېخىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن . ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى ، 21-ئەسىردىمۇ ئىقتىسادىي نامراتلىقىمىز رېئال ئەمەلىيەت . بۇنى قايسى سەۋەبكە باغلىمايلى ،بۇ ، كۆز ئالدىمىزدا ھەل قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ . بىز بۇنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ باقتۇقمۇ ؟ ئاشۇ ھورۇنلارغا «ھورۇنلۇق قىلما ! بۇ ھورۇنلۇق ۋە ئۇيقۇ دەۋرى ئەمەس !» دەپ باقتۇقمۇ ؟ ! . . . ئىشقىلىپ نېمىلا بولمىسۇن ،مېھىر-مۇھەببەت سۇسلاشقان ، شەخسىيەتچىلىك ئەۋج ئالغان بۈگۈنكىدەك دەۋردە «يوقالسۇن ئاجىزلار !»دەپ چىڭقىلىپ توۋلىماسلىق بولاتتى .بۇ ئارقىلىق شەخسىيەتچىلىككە تېخىمۇ سەۋەب بولماي ،ئەمەلىي ئىش قىلىشاق بولاتتى .

مۇشۇ يەردە بىر ھېكايەتنى قىستۇرۇپ قويۇش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك :

بىر تاغلىق كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ،ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تىلەپتۇ .پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا : « ئۆيۈڭدە نېمە بار ؟ »دەپتۇ . ئۇ كىشى : «بىر قاچىمىز بار . ئۇنىڭدا تاماق يەيمىز ، سۇ ئىچىمىز ۋە تاھارەت ئالىمىز[1] .بىر بىساتىمىز بار .گاھىدا ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرساق ،گاھىدا ئۇخلايمىز ، گاھىدا ئۇنى ئاستىمىزغا سالساق ، گاھىدا ئۈستىمىزگە ياپىمىز . بۇنىڭدىن ئۆزگە ھېچ نەرسىمىز يوق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ (بەلكىم ئۇ شۇ چاغدىكى ئەڭ نامرات كىشى بولسا كېرەك ) .پەيغەمبىرىمىز : «ئۇلارنى ئەكەل»دەپتۇ .ئۇ كىشى ئۇلارنى ئەكەپتۇ . پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى ئېلىپ ، ساھابىلىرىغا : «ھاي خالايىق ! كىم بۇلارنى سېتىۋالىدۇ ؟ »دەپتۇ .بىر كىشى قوپۇپ : «مەن بۇلارنى بىر دىرھەم[2]گە ئالاي»دەپتۇ . پەيغەمبىرىمىز : «كىم يەنە قوشىدۇ ؟ » دەپتۇ .يەنە بىر كىشى قوپۇپ : «مەن بۇلارنى ئىككى دىرھەمگە سېتىۋالاي»دەپتۇ (ئەسلى بۇلار ئىككى دىرھەمگە يارىمايدۇ ) ۋە پۇلنى بېرىپتۇ . پەيغەمبىرىمىز بۇ پۇلنى ھېلىقى كىشىگە تۇتقۇزۇپ مۇنداق دەپتۇ : «بىر دىرھەمگە تائام ئېلىپ ئائىلەڭگە ئاپارغىن ، يەنە بىرىگە پالتا سېتىۋېلىپ يېنىمغا كەلگىن»دەپتۇ . ھېلىقى كىشى پالتىنى ئېلىپ كەپتۇ : «بارغىن ، ئوتۇن كېسىپ كېلىپ كىشىلەرگە سات . سېنى ئون بەش كۈنگىچە كۆرمەي» .بۇ ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى كىشى كەپتۇ . ھالبۇكى ، ئۇنىڭ ئۇچىسىدا كىيىم ،چىرايىدا كۈلكە ھەم نۇرلۇق ئىدى .تائام سېتىۋالغانىدى .بۇنى كۆرۈپ : «ھە ، بۇ بېرىدىغان ياكى بەرمەيدىغان كىشىلەردىن تىلىگىنىڭدىن كۆپ ياخشى ئەمەسمۇ ؟ !»دەپتۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام[3] .

بىزدە «ياخشى گەپمۇ سەدىقە»دېگەن گەپ بار .باشقىلارغا ماددىي ياردەم قىلالمىساقمۇ يول كۆرسەتسەك بولىدۇ . بۇ ئەلۋەتتە ،ئەينى زامانچە چىقىش يولى .

تۆۋەندىكىسى بىر تېتىملىق شېئىر ئوقۇماي كېلىۋاتقىنىمىزدا ،

---

[1] ئۇ دەۋردە چۈگۈن ئىجاد قىلىنمىغان بولۇپ ، قاچا ئىشلىتىلەتتى .

[2] دىرھەم ـ شۇ چاغدىكى كۈمۈش تەڭگە .

[3] «ئەرەب تىلى دەرسلىكى»2-قىسىم 237-بەت ،شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى تۈزگەن .

بىر سەبىي قىز ـ قەلبىنۇر مىجىت «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 5-سانىدا ئېلان قىلىنغان «دادام تاپقان ئون يۈەن» دېگەن ماقالىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى لەرزىگە سالىدىغان بىر پارچە «شېئىر» يازدى. ئىلگىرى ماقالىسىمان يېزىلغان شېئىرنى ئۇچراتمىغانىدىم. «شائىرلار» ئۆزىنىڭ كىچىككىنە شەخسىي «ھېسسىيات»ىنى ئىپادىلەپ «شېئىر» يېزىۋاتقاندا، بۇ قىز تۈمەنلىگەن خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلىدى. ئۇ بىزنى ھەم يىغلاتتى، ھەم كۈلدۈردى، ھەم ئويلاندۇردى: ئۇنىڭدەك ياخشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇيالماسلىقى، دادىسىدەك ئادەملەرنىڭ نامراتلىقى يىغىمىزنى قىستىسا، ئۇنىڭ نازۇكۇمدەك پاك روھى يېشىمىز قۇرۇماستا كۈلدۈردى. نامراتلار بىلەن بايلار، ھوقۇقدارلار بىلەن ھوقۇقسىزلار ئارىسىدىكى روھىي ھالەت بىزنى ئويلاندۇردى. ئەڭ مۇھىمى، ياخشى بىر ئىجتىمائىي كەيپىيات بارلىققا كەلدى. قەلبىنۇرنىڭ بۇ «شېئىر»ىغا يېزىلغان، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004-يىل 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان «سەبىي يۈرەككە ئوتلۇق تىلەك» ماۋزۇسىدىكى تۆت پارچە ئوبزور شۇنىڭ ئىپادىسىدۇر.

دۇنيا ھەقىقەتەن غەلىتە. بۇ غەلىتىلىككە ھېچكىم ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ. بىر زامانلاردىكى كۈچلۈكلەر بۈگۈن ئاجىز بوپقېلىشى مۇمكىن. بۈگۈنكى بايلار ئەتە نامرات بوپقېلىشى مۇمكىن. ئابباسىيلارنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى پادىشاھى خەلىپە ھارۇن رەشىد ئۆزىنىڭ ماموق تەختىدە ئولتۇرۇپ بۇلۇتقا قاراپ: «ئەي بۇلۇت! قايەرگە بارساڭ بارغىن، سەن قايەرگە بېرىشىڭدىن قەتئىينەزەر، سېنىڭ بېجىڭ① پات ئارىدا مېنىڭ يېنىمغا كېلىدۇ»② دەپتىكەن. ھالبۇكى، بۇ بۈگۈنكى ئەرەبلەرنىڭ چۈشىدىنلا ئىبارەت، خالاس!

ئىنسانلار باشقىلارغا ياردەم قىلىش ئارقىلىق، ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق كېلىدىغان روھىي بايلىقنى، لەززەتنى، بەختنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. مانا بۇ خىل ئىجتىمائىي كەيفىييە بىلەن دۇنيا گۈزەللىككە، مېھىر-مۇھەببەتكە تولىدۇ. خەلقىمىزدە: «قول قولنى يۇيسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيۇپتۇ» دېگەن گەپ بار. ئەرەبلەردە «بەشقولنىڭ تەڭ بولۇشى زۆرۈر ئەمەس، ئۇلارنىڭ ماسلىشىشى كۇپايە» دېگەن ئىبارە بار. بىزگە نىسبەتەن ئىقتىسادتىنمۇ مۇھىم بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ توغرا ئىقتىساد قارىشىدۇر.

بۇيەردە «روھىي بايلىق» دېگەن گەپ چىقىپ قالدى. ئەمدى بىز نەزەرىمىزنى روھىي جەھەتتىكى باي-نامراتلىق پەرقىگە ئاغدۇرۇپ باقايلى:

بۈگۈنكى دەۋردىكى ئىنسانلار مەلۇم دەرىجىدە ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ چېھرىدىن نامراتلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى بايقايمىز. ئۇلار بىر-بىرىدىن قىزغىنىپ بېخىل بوپكەتكەنىبىرى روھى شۇنچە نامراتلىشىپ، قاغجىراپ كەتتى. رەئىس جۇمھۇر ئۆزىنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ نامراتلىقنى ھېس قىلىدۇ. باي داچىسىدا ئولتۇرۇپ بەخت ئىزدەيدۇ. ئەرلەر چىرايلىق ئاياللىرى تۇرۇپ قانائەت ھېس قىلمايدۇ. ئاياللار نېمىنىڭ بايلىق، نېمىنىڭ گۈزەللىك ئىكەنلىكىنى بىلمەي گىرىم قىلىش مەركەزلىرىنى باي قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆز گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنالمايدۇ. بىر ئادەم شۇنداق چىرايلىق ھەم قىممەت چاپان كىيىۋالغان. ئەمما ئۇ بۇنىڭ بىلەن خۇشاللىق ھېس قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ «مودىدىن قالدى» ئەمەسمۇ؟! بەزى يىگىتلىرىمىزنىڭ قىزلار ئالدىدىكى پەيۋەندىلىكلىرى، بەزى قىزلىرىمىزنىڭ ئوغۇللار ئالدىدىكى بىچارىلىكى ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدۇ. «ئۆلتۈۋېلىش» ھادىسىلىرىنىڭ كۆپىيىشىمۇ روھىي نامراتلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئىنسانلار مۇھەببىتىدىن مۇھەببەت ھېس قىلالمايدۇ. دوستلاردىن دوستلۇق مېھرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. كىشىلەر ئاتا-ئانىسىنى يوقلىغاندا «كالتىسىلىق يېمەكلىكلەر»گە كۆمۈۋېتىدۇ. لېكىن ئاتا-ئانىلارنىڭ روھى ئۇلاردىن ئوزۇق ئالمايدۇ. ئۆتمۈشتە كىشىلەر ئۆزلىرىگە ئوخشاش قۇللىقى، پۇتى بار ئىنسانلارنى «ئىلاھ» قىلىۋاپتىكەن. بۇ يەردە بىز پەقەت نەمرۇد بىلەن پىرئەۋننى مىسال كەلتۈرىمىز. ئەينى دەۋردىكى ئىران پادىشاھلىرىمۇ گەرچە «ئىلاھ» تەرىقىسىدە چوقۇنۇلمىسىمۇ، ئىنتايىن ئىمتىيازلىق ئىكەن. كىشىلەرنىڭ ئۇلار بىلەن تەڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسكەن. شۇ دەۋرلەردىكى ھىندىلارمۇ ئۆزلىرىنى نەچچە تەبىقىگە ئايرىغان. يېقىنقى دەۋرلەردىمۇ كىشىلەرنىڭ ھىتلېر، ستالىنلارنى ئىلاھلاشتۇرۇپ، چوقۇنۇشتا قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكى بىزگە مەلۇم. بۈگۈنكى دەۋردىكى چولپانلارغا چوقۇنۇشمۇ روھىي نامراتلىقنىڭ يۇقىرى چېكى. شەھەرلەردىكى «قانائەتلەنمەسلىك» ۋە «غېرىبلىق» دەپ ئاتىلىۋاتقانلار ئەمەلىيەتتە دەل روھىي نامراتلىقتۇر. ئۆز روھىدىن قانائەت ھېس قىلالمىغان ئادەم قانداقمۇ باي بولالىسۇن؟!

سەن ياقتۇرىدىغان بىر كىشىنىڭ ياكى يازغۇچىنىڭ يۈرىكىنى ئۇتۇپ باقساڭ قۇپقۇرۇق. ناۋادا بىرەر يازغۇچىمىزنى مۇخبىرلار «پالانى ئەسىرىڭىز ئالامەت چىقىپتۇ، بەدىئىيلىكى بەك ئۈستۈنكەن» دېسە ياكى بىرەرى «بۇ ئەسىرىڭىز پەقەت قاملاشماپتۇ» دېسە، ئالدىنقى ئەھۋالدا خۇشال بولۇپ، كېيىنكىسىدە روھى چۈشۈپ كېتىشى تۇرغان گەپ. يازغۇچىلىرىمىز ئۆزى يازغانغا ئۆزى ئىشەنچ قىلالىشى كېرەك (ناۋادا بىرەرى ماختىمىسىمۇ).

ئەگەر كىشىلەردە روھىي نامراتلىق كۈچىيىپ كەتسە، ئېيۇھەنناس! بۇ، ئاچ-يالىڭاچ قالغاندىنمۇ يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ نامراتلار ئۆزلىرىنىڭ ھەممە نەرسىسىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بايلار شۇنچىلىك نۇقسانسىز بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ نېمە كىيىشىدىن، نېمە يېيىشىگىچە دوراشقا ئەرزىيدۇ. ئۇلار روھىي جەھەتتە ئالتۇن تاۋاقنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئىلدىيە تىلەيدۇ ۋە بۇنى مۇقەددەس بىلىپ ھايات مىزانىغا ئايلاندۇرىدۇ. (خۇدا بۇ خىل نامراتلىقتىن ساقلىغاي!)

ئەگەر سىز روھىي جەھەتتىن باي بولسىڭىز، پۈتكۈل دۇنيا بۇنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. بۇ شۇنداق بايلىقكى، «ئوڭ قولۇمغا قۇياشنى، سول قولۇمغا ئاينى قويسىمۇ ھەقىقەتتىن يانمايمەن!» دېيەلەيدىغان بايلىقتۇر.

دېمەك، بۇ نۇقتىدىن كۆزەتكەن ۋاقتىمىزدا، بىز «باي» دەۋاتقانلارنىڭ بەزىسى نامرات، «نامرات» دەۋاتقانلارنىڭ بەزىسى باي بولۇشى مۇمكىن.

دەرھەقىقەت، روھىي بايلىق ـ ھەقىقىي بايلىقتۇر. بۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى تەڭ قىلغىلى، سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇ ماددىي بايلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن بىز ماددىي بايلىقنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلمايمىز. چۈنكى ئىنسانلارغا ماددىي بايلىق چىرايلىق كۆرسىتىلگەن. روھىي بايلىققا روھ قانائەت تاپىدۇ. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن قورساقنىڭ تويغىنىنى ھېس قىلمايمىز. قورساقنىڭ ئېچىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ماددىي ئېھتىياجلارمۇ ئۆز ئالدىغا مۇھىم. خۇدامۇ: «دۇنيادىكى نېسىۋەڭنى ئۇنتۇپ قالما» دېگەن. ھەرقانچە قىلساقمۇ دۇنيادىن ھالقىپ كېتەلمەيمىز. بىز چوقۇم ياشىشىمىز كېرەك.

① شۇ دەۋرلەردە ئەللەر ئابباسىيلارغا باج تاپشۇراتتى.
② «ئەرەب تىلى دەرسلىكى» 265-بەت.

بۇ دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى ئىككى نەرسىگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بىرى ئەلەم، يەنە بىرى قەلەم. ئەلەمنىڭ ئىپادىسى ئىقتىسادتۇر، قەلەمنىڭ ئىپادىسى تېخنىكا، بىلىم، روھتۇر.

ماددىي بايلىق (ئىقتىساد) روھىي بايلىقنى مەلۇم جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرىدۇ. ئۇنداقتا بىز ئىقتىسادنى چۈشىنەمدۇق؟ (راستىنى دېسەم مەنمۇ تولۇق چۈشەنمەيمەن). بۈگۈنكى دۇنيانى ئىقتىسادىي دۇنيا دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بىز قورسىقىمىز ئاچ قالغاندا، بالىلىرىمىز ئوقۇيالمىغاندا ئىقتىسادنى مۇھىم دەپ قارايمىز. شۇڭلاشقا، قورسىقىمىز تويغان ھامان ئىسراپچىلىق قىلىشقا باشلايمىز. بىز ئىقتىسادنى بۈگۈنكى زامانچە چۈشىنىشىمىز، مەۋجۇدلۇقىمىزغا باغلاپ بىلىشىمىز كېرەك. كارل ماركس مەشھۇر كىتابى «كاپىتال»غا: «ئىقتىسادىي بازىس ئۈستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ» دەپ يازسا، بىزدىمۇ «بەرگەن قول ئالغان قولدىن ياخشى» دېگەن گەپ بار. بۈگۈن دۇنيا ئىس-تۈتەكسىز ئىقتىساد ئۇرۇشىدۇر. بۇ ئۇرۇش دۇنياۋى تۈسكە كىردى. بەلكىم بىز دەۋاتقان «3-دۇنيا ئۇرۇشى» شۇ بولسا كېرەك. ئىلگىرىكى زامانلاردا قورال كۈچى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ زېمىنى بېسىۋېلىنغان بولسا، بۈگۈن مەھسۇلات - تاۋارلار ئارقىلىق بېسىۋېلىنماقتا. بىزمۇ ئۈچ سومغا ئاچچىق «كوكا كولا»نى ئىچىمىزيۇ، بىر جاۋۇر قېتىقنى «بىر كويغا ئېلىڭ» دەپ كۆزىمىزگە كىرگۈزسا قاراپ قويمايمىز. بۇنى ئابدۇرېھىم ئابلەت «كۆزۈڭنى ئاچ، ئۇيغۇر ئىستېمالچىلىرى ۋە كارخانىچىلىرى» ناملىق ماقالىسىدە ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن. «... بىر بوتۇلكا (كوكاكولا) ئىچسە، ئۇ پۇلنىڭ ئايلىنىپ بىر ئامېرىكىلىقنىڭ يانچۇقىغا كىرىدىغانلىقى ھەمدە بۇ پۇلنىڭ دۆلەت مۇداپىئە خىراجىتى نامى بىلەن تەيۋەن بوغۇزىدا ئۇچۇپ يۈرگەن ئامېرىكا ھەربىي ئايروپىلانلىرىنىڭ يېقىلغۇسى ئۈچۈن ياكى ئىراقتا ئىشلىتىلىۋاتقان (ۋەتەنپەرۋەر) ماركىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ياساش ئۈچۈن سەرپ بولىدىغانلىقى، بىر بوتۇلكا ئانار سۈيى ئىچسە، بۇ پۇلنىڭ ئايلىنىپ خوتەندىكى يوقسۇز بىر دېھقان قېرىندىشىمىزنىڭ (دېھقان بولماق تەس) دېگەن شېئىرىي تەسۋىر بىلەن بىزلەرنى يىغلاتقان نامرات تۇرمۇشىغا ياردەم بولىدىغانلىقىدەك ئاددىي ساۋاتلارنى چۈشىنىۋېلىش تولىمۇ ساۋابلىق كاتتا ئىشتى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2001-يىل 6-سان 50-بەت).

بۇنداق شارائىتتا، بىر دۆلەتنىڭ ياكى مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى بولمىسا ۋە «مىللىي سانائىتى ۋە ياكى داڭلىق مەھسۇلاتى بولمىسا، بۇ دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالى بولمايدۇ» (دېڭ شياۋپىڭ). ئېنىقكى: «ئىقتىساد سىياسىينى تەقەززا قىلسا، چوقۇمكى ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى سىياسىينىڭ يەرشارىلىشىشىنى تەقەززا قىلىدۇ.» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2001-يىل 6-سان 41-بەت).

دېمەك، بىزگە ئىقتىسادمۇ مۇھىم. بىز ئىپتىدائىي ئالماشتۇرۇش سودا ئېڭى بىلەن بۈگۈنكى زامان ئىقتىساد دەۋرىگە كىرىپ كەلدۇق. بىز ئۇنىڭغىمۇ ئوخشاشلا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك. بەزى سەللىلىك زىيالىيلىرىمىز: «ئىقتىساد ئانچە مۇھىم ئەمەس، ئۇ دۇنيا بىزنىڭ» دېگىنى بىلەن، ئاشۇ ئىقتىسادنى «ئېتىقاد»تىنمۇ مۇھىم بىلىپ، پوچۇق تىيىننىڭ كەينىدىن تارىخىمىزدىكى ئەڭ چوڭ مىللىي مۇناپىق ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللىدەك چاپىدۇيۇ، ئىقتىسادنىڭمۇ ئوخشاشلا مۇھىملىقىنى، بۇ دۇنيانىڭمۇ ئۇ دۇنياغا ۋاستە بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھىملىقىنى، ساھابە كىراملەردىن ئەبۇبەكرى بىلەن ئوسمان ئىبنىي ئەففاننىڭمۇ شۇ دەۋرنىڭ كاتتا پۇلدارلىرى ئىكەنلىكىنى دېمەيدۇ. ياشىشىمىز زۆرۈر بولغانىكەن، ئۆز ئىقتىسادىمىزغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىزمۇ زۆرۈر. بۇ خىل ئالاڭ سانائىتىمىزنى گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىزنىڭمۇ «ئارمان»، «ئامىنە»، «ئىمزىچىلار». . قاتارلىق شىركەتلىرىمىز دەسلەپكى قەدەملىرىنى باستى. بۇ پەقەت دەسلەپكى قەدەم. بۇ شىركەتلىرىمىزنى دۇنياۋى سەھنىلەرگە ئەكىرىشىمىز كېرەك.

مانا بۈگۈن مەن - يىگىرمە يېشىمدا دۇنيانىڭ، ئىنساننىڭ، ياشاشنىڭ، ماشاشنىڭ نېمىلىكىنى تونۇپ يەتتىم، ھازىرقى يېشىمغىچىلىك ئوقۇغاچ، ئىقتىسادىي مۇستەقىلسىز بوپكەلدىم. پوقنى ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلالمىدىم، دېسەممۇ بولىدۇ. ھامان قوشۇمچە ئادەم بوپكەلدىم. ئىقتىسادىي مۇستەقىلسىزلىك مېنى ھەركويلارغا سېلىشى مۇمكىن. گەرچە، ئادىل يىلدىرىمدەك كىتابلىرىمنى سېتىۋېتىش گىردابىغا بېرىپ يەتمىسەممۇ (قاراڭ: ئادىل يىلدىرىم: «بەر دېدى سۇبھان، بېرىۋەتتى سۇلتان»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 1-سان)، ئاشۇ سۆيۈملۈك كىتابلىرىمدىن ئايرىلىشىم (يېپىپ قويۇشۇم) مۇمكىن. بەزىدە ئارزۇ - غايە ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىكەن. مەشرەپنىڭ تۆۋەندىكى نەزمىسى ئەھمىيەتلىك بولسا كېرەك:

مېنىڭ رازى دىلى زارىم فەراۋاندۇر، بېتىپ بولماس،
كى ئىشق ئەفسانەسىنى دەفتەر ئۈزرە شەرھ ئېتىپ بولماس.
تىكەنسىز گۈل سەدەپسىز دۇر، مۇشەققەتسىز ھۈنەر يوقتۇر،
رىيازەت چەكمەگۈنچە يار ۋەسلىگە يېتىپ بولماس.
ئۇزاق ئېرمىش ئۇشۇل زېبا سەنەمنىڭ قەسرى، ئەي مەشرەپ
ئەگەر مىڭ يىل جەدەل قىلساڭ ئۇ مەنزىلگە يېتىپ بولماس.

ئەسلى گېپىمىزگە كەلسەك، بىز نامراتمۇ ياكى بايمۇ؟


ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي «نامرات» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 2-سان 10-بەت) دەپتۇ. ئەلۋەتتە ئۇ ماقالىسىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى - ماددىي بايلىق جەھەتتىن شۇنداق دېگەن بولۇشى ئېھتىمال. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىمىزنى «نامرات» دەپ ئېيتالمايمىز. گەرچە مەلۇم جەھەتتە ماڭقۇرت زىيالىيلارنىڭ شالغۇتلىشىپ كېتىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئېتنىك ھامىيلىرى بولغان 90% دېھقانلىرىمىزنىڭ «يېنىدىن بىر SANTANA پىكاپ ئۆتسە ياكى ئۈستىدىن بىر ئايروپىلان ئۇچۇپ ئۆتسىمۇ، تەمكىنلىك بىلەن ئېشىكىنى ھەيدەپ كېتىۋېرىدىغان» (قاراڭ: ئابدۇلباسىت ئابدۇراھمان: «شېئىرنىڭ تەكلىماكانى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 5-سان) لىقىنى ئويلىغىنىمىزدا، ئۇنچىۋالا بەك نامرات ئەمەسلىكىمىزنى ھېس قىلىمىز. نەسرۇددىن ئەپەندى يانچۇقىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بالىلارغا بېرىپ بولۇپ، ئۆزىگە «پۇل چۈشۈپ قالغان تۆشۈك» قالغان. كىشىلەرگە جىلغا-جىلغا ماللارنى بېرىۋەتكەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئاخىرىدا بىرلا ساۋۇتى قالغانىكەن. بىز بۇلارنى نامرات دېيەلمىسەك كېرەك.

دۇنيا ھەقىقەتەن غەلىتە تۈسكە كىردى. ئۇ بىلمەك قىيىن بولغان ئاجايىپ ئۆزگىرىش ئىچىدە ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنداق ھەل قىلغۇچ پەيتلەردە ئۆزىمىزگە، مەۋجۇدلۇقىمىز ۋە ھاياتىمىزغا زۆرۈر بولغان ئەسلىي نەرسىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ئۆزىمىزگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكتۇر. ئىنساننىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ئەڭ ئىپتىدائىي ھاجەتتۇر.

2004-يىل 12-فېۋرال، شەھىرى ئاتۇش

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا يۇقىرى ئىشتارچى كەنتىدە، دېھقان (M1)



# بىرلەمچى ئامىل ۋە زۆرۈرىي شەرتلەر

ـ «نامراتلىقنىڭ يىلتىزى نەدە؟»دىن ئويلىغانلىرىم

**ئابلەت مۇھەممەت**

## بىرلەمچى شەرتنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ

مەن ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىينىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 2-سانىغا بېسىلغان «نامراتلىقنىڭ يىلتىزى نەدە؟»دېگەن ماقالىسىنى قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم. مەن گەرچە بىر چالا ساۋات ئادەم بولساممۇ، ئەمما مۇشۇ ماقالىنىڭ يادروسى بولغان «ئىقتىسادىي ئاڭ»غا دائىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر مېنى ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. مېنىڭچە، بىزدەك يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت يېكى دەۋر ئىقتىسادىي قورۇلۇشى ئېلىپ بارغان تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ يەنىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغان، %80تىن يۇقىرى ئاھالىسى يەنىلا ئىپتىدائىي يېزا جامائەسى، شەھەر-بازار ئاھالىسىنىڭ %80تىن كۆپ قىسمى زامانىۋى سانائەتتىن مۇستەسنا، ئىشسىز، ئانارخىيلىك جان بېقىش ھالىتىدىكى بىر خەلققە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ نۇقتا تولىمۇ مۇھىم تېما. نامراتلىقنىڭ يىلتىزىنى ھەقىقىي تېپىپ چىققاندىلا، ئاندىن بىر خەلق ئۆزىنىڭ قاتمال ھالىتىنى ئۆزگەرتىشتىكى قانۇنىيەتلىك باشلىنىش نۇقتىسىغا ئىگە بولالايدۇ. شۇڭا، ئۇمۇمەن مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قانداق قويۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر مەزكۇر ماقالە ئىزدىنىش خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەن، دەپ قارايمەن. ئەلۋەتتە. ئومۇملۇق بار يەردە مۇقەررەر قىسمەنلىكمۇ بولىدۇ. ئەگەر بىر ماقالىنى راۋان ئېقىۋاتقان ئېرىق سۈيىگە ئوخشاتساق، ئۇ تۇساتتىنلا بىر توساققا دۇچ كەلسە، قانداق قىلىش كېرەك؟ توساقنى ئېلىۋېتىپ سۇنى ئۆز ئېقىمى بويىچە راۋانلاشتۇرۇۋېتىش كېرەكمۇ ياكى سۇنى بىھۇدە يەرگە باشلىۋېتىش كېرەكمۇ؟ مېنىڭچە، ئالغا مۇناسىۋەتلىك مۇشۇ مەسىلە ئىجتىمائىي نۇقتىدىن چوڭ تۇتۇلۇپ، تېخىمۇ بىر قەدەر چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ يېشىپ بېرىلگەن بولسا، نامراتلىقنىڭ يىلتىزى ھەققىدىكى سوئالغا بېرىلگەن جاۋاب تېخىمۇ ھەقىقىي ۋە ئەمەلىي، بىر قەدەر مۇكەممەل، قايىل قىلارلىق بولار ئىدى

## مەنمۇ بىر نېمە دەپ باقاي

دېگەنلەرنى ئويلىدىم .

بۇيەردە مەن مەخسۇس مەزكۇر ماقالە ئۈستىدە توختالمايمەن . چۈنكى مەسىلىنى قايسى نۇقتىدىن تۇرۇپ چۈشەندۈرۈش ئاپتورنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئىش . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەزكۇر ماقالىدىكى ئىككى نۇقتا يالغۇز مەزكۇر ئاپتورنىڭ مۇشۇ ئەسىرىدىكىلا مەسىلە بولماستىن بەلكى مەسىلىگە شۇنداق قاراش ۋە ھۆكۈم قىلىش زور بىر قىسىم ئاپتورلىرىمىز (كىشىلەر )دىكى ھازىرغىچە ئۆزگەرمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يېزىش ۋە تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىدىكى ئورتاق مەسىلىدۇر .

مىللىي ئاڭ ،ئىقتىسادىي ئاڭ ، پەن-مەدەنىيەت ئېڭى ،سودا ئېڭى ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسى تونۇش كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇپ ، مۇشۇنداق بىر ئاڭنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىغا گەپ كەتمەيدۇ . ئەمما مۇشۇنداق ئاڭ قانداق تۇپراقتا ،قانداق شارائىتتا دەۋر ۋە رىقابەت زۆرۈرىيىتىگە ماس ھالدا يېتىلىپ بارىدۇ ؟ - مانابۇ ،ھەرقانداق بىر مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش ياكى ھەل قىلىشتىكى ئالدىنقى شەرتكە تاقىلىدۇ .

دەريادىن ئۆتۈش ئۈچۈن كۆۋرۈك ياكى كېمە كېرەك . دېمەك ، مەقسەت بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ ، يەنە زۆرۈر ۋاستىلار ،ئۈنۈملۈك ئەمەلىي تەدبىرگىمۇ ئىگە بولۇش كېرەك .بۇيەردە شۇنى ئېنىق دەپ ئۆتمەي بولمايدۇكى ، ئەگەر بىر خەلق يېرىم ئەسىر ۋە يەنە يېرىم ئەسىر زامانىمىزنىڭ مۇشۇ دەۋرىدە يەنىلا قانداقتۇ غايە ئورنىدا تەرەققىيات ۋە بەخت توغرىسىدا توۋلاۋەرسە ،ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن جىددىي زۆرۈر بولغان ئالدىنقى شەرتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تىلغا ئېلىشتىن ھەزەر ئەيلىسە ،بۇ ئالدىنقى شەرتنى چىڭ تۇرۇپ ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ،ھەقىقىي تەرەققىياتقا يول ئېچىشنىڭ لازىملىقىغا نىسبەتەن لىبېرال پوزىتسىيىدە بوپكەلسە ، ھەتتا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئاجىز ھالقا بولغان كۆڭۈل بوشلۇقىدىن ئىبارەت (سىنتىمىنتال )خۇسۇسىيەتلىرىنى ھەممىدە ئىپادىلەۋەرسە ،بۇنداق پرىنسىپسىزلىق نەتىجىسىدە بارلىق تەشەببۇسلار شەكلەنلىك ،ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئالداشتەك تەسەللىيچىلىك ئىچىدە ، بىر خىل مۇقامنى شەكلىنى ئۆزگەرتىپ توۋلاۋېرىشتەك بىمەنىلىك ئىچىدە داۋاملىشىۋېرىدۇ . ئەمما كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنىدىكى دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە يۈكسىلىش ئۈمىد-ئارزۇلىرىمۇ ئارزۇ بويىچە قېلىۋېرىدۇ . بىلىمىزكى ، « ۋاقىت ئالدىراڭغۇ ساقلاپ تۇرمايدۇ» .ئۇيغۇرلارنىڭ 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىن كېيىنكى دۇنيا (بۇ ئەلنىڭ )نىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى جەريانىدا قەدەممۇ قەدەم باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىشى ۋە ھازىرقى شۇئارۋازلىق ھالىتىدە دەۋرىمىزدە پاسسىپ ھالەتلىك ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي پەرقنىڭ داۋاملىق زورىيىۋاتقانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوبيېكتىپ رېئاللىقتۇر . بۇ نۇقتىدا ئەگەر بىر خەلق ھازىر يەنىلا% 80نىڭ ئۈستىدە ئاگرار ، مۇقىم كەسىپسىز ھالەتتە بولسا ، ئۇ چاغدا بۇ خەلق ئۈستىدىكى ھەممە «بەخت» ، «تەرەققىيات» ، «باراۋەرلىك »كارتىنىلىرى ھەقىقەتەنمۇ بىمەنىلىكتۇر . شۇڭا ھەرقانداق بىر خەلقنىڭ تەرەققىياتى جىددىي ،ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ ، مۇئەييەن شارائىت يارىتىش ئارقىلىق ئاندىن داغدام يولغا چىقالايدۇ . مانا بۇ مەلۇم مەنىدە ھەقىقىي تەرەققىيات ھوقۇقى مۇقەررەرلىكى دېيىلىدۇ . دەل مۇشۇ نۇقتىدا ھەقىقىي ئاڭنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىتلاردىن يانداپ ئۆتۈپ كېتىش ياكى مىللەتنىڭ ئوبيېكتىپ رېئال ھالىتىگە بىرىكتۈرۈپ ئەمەلىي چۈشەندۈرۈشتىن مۇستەسنا ھالدا نوقۇل «ئاڭ»نى تەكىتلەش بىلەن قانداقتۇ مەلۇم بىر خىل «ئاڭ»نى تەلەپ قىلىش مۇقەررەركى ،سۇبيېكتىۋىزىم بىمەنىلىكىگە (خاتالىقىغا دېيىش تېخىمۇ توغرا )ئەكېلىدۇ . بۇنىڭ نەتىجىسى ئاپتورلار ئەسەرلىرىنىڭ ئەھمىيىتىگە نىسبەتەن بولسۇن ياكى «ئەرباب» ، «ناتىق»ئاتالغانلارنىڭ نۇتقى ،سىياسىي شوئار ۋە تەشەببۇسلارنىڭ ئەھمىيىتىگە نىسبەتەن بولسۇن مۇقەررەركى ھەرگىز ئىجابىي ئۈنۈم ئەكېلەلمەيدۇ .مانا بۇ ھال ئاپتورلىرىمىز بۈگۈنگىچە يېزىپ كەلگەن ئەسەرلەردىكى ، سۆزلىنىپ كەلگەن نۇتۇق ،سىياسىي شوئار ، تەشەببۇسلاردىكى مىللىتىمىزگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىكى پىكىر تۇتۇقلىقىدىن ئىبارەت ئورتاق مەسىلە بولسا كېرەك .دەل مۇشۇ نۇقتىنى ئېچىپ بېرىش بىزنىڭ بىر قىسىم تۇيغۇن ئاپتورلىرىمىزغا (ئۇلار بۇ نۇقتىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس )تەس ئۆتكەل بولسا كېرەك . شۇڭا ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئۆتكۈنچى ،ۋاقىتلىق خاراكتېرلىك ، ئۆمرىنىڭ ھامان قىسقا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، يەنىلا ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىشنى راۋا كۆرگەندۇ . ئەمما ئاشۇ ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان نۇقتا مەسىلىنىڭ يادروسى بولغاچقا ، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغانىكەن ، ئىلمىيلىك ، ئەمەلىيلىك پرىنسىپى بويىچە ھەققانىي مەيداندا تۇرۇپ ،مۇستەقىل پىكىرنى ئاساس قىلىپ قانائەتلىنەرلىك چۈشەندۈرۈش كېرەك . بۇيەردە شۇنى قىلچە مۇجەممەللەشتۈرمەي ،ئوچۇق دېمەي بولمايدۇ :ئەگەر 50يىل ئىچىدە رامكا ئىچىدە تۇرۇپ ،بەئەينى جوۋازچىنىڭ ئېتىدەك بىر نۇقتا ئەتراپىدا ئايلىنىپ يېزىلغان مىڭلىغان ئەسەرنى تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە قويۇپ ، ئىككىنچى بىر پەللىسىگە نىشاننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ،ئوقنى دەل جايىغا تەگكۈزگەن بىر ئەسەرنى قويسىڭىز ، ئاشۇ ئەسەرنىڭ سالمىقى پەللىنى بېسىپ كېتىدۇ . چۈنكى ئاشۇ بىر پارچە ئەسەردىكى بەئەينى ئاتوم بومبىسىدەك كۈچ - قۇدرەت ھامان ھېچكىم ۋە ھېچقانداق بىر كۈچ توساپ قالالمايدىغان ئىلمىي ھەقىقەت سۈپىتىدە، تارىخىي جەريانلارنىڭ سىنىقىدا ئىسپاتلىنىپ ،نۇرىنى چاچىدىغانلىقى شۈبھىسىزدۇر .

ئاڭنى قانداق چۈشەندۈرۈش ، ئوبيېكتىپ شەيئىيلەرگە تەدبىقلاش بۇ بىر راستچىللىق تەلەپ قىلىنىدىغان ئىلمىي مەسىلە .ئاڭ بىلەن ماددىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا قەدىمدىن ھازىرغىچە كۈرەش توختىغىنى يوق . ھەتتا ئۆزلىرىنى تەۋرەنمەس ماتېرىيالىزمچى ھېسابلاپ كەلگەن «سەرخىل »كىشىلەرنىڭمۇ (مۇشۇ ئۆتكەن ئەسىردىكى ھەممىسىگە )نەزەر سېلىپ ئۆتىدىغان بولساق ،ئاشۇ ھەل قىلغۇچى شەخسلەرنىڭ شەخس ،مىللەت ۋە دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك بۇ دائىمىي ، ئۇزاق مۇددەتلىك دۈچ كېلىنگەن مەسىلىلەردە لىللا ھەقىقەت ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمەي رېئاللىق زۆرۈرىيىتىگە دۇمبىسىنى قىلىۋالغانلىقى ۋە ئاقىۋەت ئۆزلىرى كۈچەپ تەرغىب قىلغان ئۆلچىمى ئەمەلىيەتتىن ئۆزلىرىنى مۇستەسنا تۇتۇپ ،لىبېرالىزم پاتقىقىغا دۇم چۈشۈپ ،ھەقىقەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە مەنسۇپ ھەرقايسى

مىللەتلەر ،ئىجتىمائىي تىپلار ئۆزلىرىنىڭ ھايات-ماماتلىق ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك جەمئىيەت ھادىسىلىرىگە توغرا مۇئامىلىدە بولالىشى ، بىلىشى ۋە چۈشىنىشى ،ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈدىغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاڭ ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا ئەقەللىي پەلسەپىۋى توغرا تونۇشقا ئىگە بولۇشى زۆرۈر .مانا بۇ ھەقىقىي ئاڭنى تىكلەشنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر .

بىز شۇنى بىلىمىز ۋە قىلچە مۇجمەللەشتۈرمەي شۇنداق ھۆكۈم قىلالايمىزكى ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى كىشىلەرنىڭ پۇت-قوللىرىنى چىرماپ ،ھەتتا مېڭە توقۇلمىلىرىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان مۇستەبىت زوراۋانلىق تۈززۈلمە زەنجىرىنى تېخىمۇ چىڭىتىشقا قاراپ ئەمەس ،بەلكى كىشىلەر رايىنى ئىپادىلەشنى بەلگە قىلغان قانۇنىيەتكە ،ئەركىن ،تەشۋىشسىز ، قوماندا تايىقىدىن خالىي ئازادە تەرەققىيات يولىغا تولىمۇ زۆرۈرەن بىر شەرتنى ھازىرلاشقا قاراپ ئىلگىرىلەۋېرىدۇ .

ئەلۋەتتە ، نۆۋەتتە بىز ئاپتورلاردىن تولىمۇ مۇكەممەللىكنى بىردىنلا تەلەپ قىلالمايمىز .ئەمما ئامال بار مۇكەممەلرەك يېزىشنى ، ئومۇمىي ئەمەلىيەتنى دىققەتتىن ساقىت قىلماسلىقنى ،ئوبيېكتىپ ھەقىقەت رېئاللىقى ئالدىدا سودىلاشماسلىقنى ،شەيئىيلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ كۆرسىتىشنى ئاساس قىلىپ ، دادىللىق بىلەن ھەقىقىي چۈشەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز .

## «نامراتلىقنىڭ يىلتىزى نەدە؟»دىكى ئومۇمىيلىققا ئىگە ئىككى نۇقتا

1 .يەھۇدىيلار توغرىسىدىكى ئومۇمىي قاراش : «يەھۇدىيلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى ، مەلۇم مىللەت نامرات رايوندا تۇرۇپمۇ ،سىياسىي جەھەتتە ئەۋزەللىككە ئېرىشمەي تۇرۇپمۇ ، دۆلەت قوللىسۇن ،قوللىمىسۇن ، بىرگە ياشاۋاتقان مىللەتلەرگە قارىغاندا بۇرۇنراق تەرەققىي قىلالايدۇ» .

2 .باراۋەرلىك ھەققىدىكى قاراش :«تۈزۈلمە سانائەتنى ، مائارىپنى ،سىياسەتنى ھەممە مىللەتكە باراۋەر بېرىشكە تىرىشىدۇ ، لېكىن بۇ باراۋەرلىك ئىچىدىن بۆسۈپ چىقىپ ئوخشاش شارائىتتا ئوخشىمىغان نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش يەنىلا ئاشۇ ئىقتىسادىي ئاڭغا باغلىق» .

## يەھۇدىيلار مۇۋەپپەقىيىتىدىكى شەرتلەر

كىشىلەر يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي ئۇيۇشۇش كۈچى ، ئىتتىپاقلىقى ، شۇنداقلا تولىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئىقتىساد ،سودا ، ئىلىم-پەن ،مائارىپ جەھەتلەردىكى يۈكسەك مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھەر زامان مىسال قىلىشىدۇ . نۆۋەتتە ئۇلاردىكى ئىقتىسادىي ئاڭ ،مائارىپ ، ئىلىم-پەن ئېڭىنى ئۆزلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ، ئۇلاردەك بولۇشنى تەلەپ قىلىشىدۇ .ئەمما تەلەپ قىلىنغانىرى ئومۇمىي جەھەتتىن ئارزۇنىڭ ئەكسىچە دەۋرنىڭ ماھىيەت مەركىزىدىن شۇنچە يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تىت-تىت بولۇشىدۇ . ئەمما يەھۇدىيلاردىكى ئاشۇ ئۇنىۋېرسال ئاڭ زادى نەدىن كەلگەن؟ ئۇلارنىڭ زامانىمىزدا ھەرتەرەپلىمە مۇۋەپپەقىيەت ئىگىسى بولۇپ شەكىللىنىشىگە نېمە تۈرتكە بولغان؟ بۇ مەسىلىگە بېرىلگەن جاۋابلارنى تازا مۇكەممەل دېگىلى بولمايدۇ . راست ، يەھۇدىيلار ئىسرائىلىيە دۆلىتى 1947-يىلى قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا دېگىدەك ۋەتەنسىز ،مۇساپىر بولۇپ ، ھەرقايسى ئەللەردە سەرگەردانلارچە تۇرمۇش كەچۈرگەن ، قېقىلىپ-سوقۇلۇش ،قوغلىنىش ،ئۇرۇلۇش ، قىرىلىش ئۇلارنىڭ كۆپ ئەللەردىكى قىسمىتى بولغان .دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىگە تاراپ كەتكەن بۇيەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ قېلىشى ، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مەملىكەتلەردىكى كۆپ سانلىق يەرلىك خەلقلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىپ يوقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلار ئاۋۋال ئىقتىسادىي ئاڭنى ،ئىلىم-پەن ئېڭىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان دېيىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. باشتا دەپ ئۆتكەندەك ، مۇئەييەن شەرت بۇيەردە تۈپكى ھەل قىلغۇچ نۇقتىدۇر . چۈنكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ،دۇنيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى يەھۇدىيلاردا پەرق تولىمۇ روشەن ئەكس ئېتىپ كەلدى . بۇنى بىز كونكرېت زامان ،ماكان ۋە شارائىت بويىچە ئېنىق كۆرەلەيمىز . شۇڭا ئۇلارغا تۈرتكە بولغان ھەرتەرەپلىمە ئامىللارنى يىغىنچاقلىغاندا ،يەھۇدىيلارنىڭ ئەنە شۇنداق ھازىرقى زامان يەھۇدىيلىرىدىن بولۇپ چىقىشىدا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك شەرت تۈپكى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان :

1 . يەھۇدىيلارنىڭ مۇقىم يۇرت-ماكانسىز ،ئومۇمەن ۋەتەنسىز مىللەتلىكى (گەرچە ئۇلار ئۆزلىرى ياشاپ تۇرۇۋاتقان ئەللەرنى كېيىنكى ۋەتىنىم دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ ) .بۇ ئۇلاردا كىم ئۈچۈن ئىشلەش ۋە ياشاش مەسىلىسىنى ئاۋۋال ئويلىنىشقا ۋە ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولدى . ئۇلارنىڭ كونكرېت ۋەتىنى بولمىغانىكەن ،دېمەك ئۇلار پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆزىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى مۇقەررەر .يەنى مىللىي ، دىنىي ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇرۇپ ساقلاش ، پۇل تېپىش ،بىلىم ئىگىلەش ، شۇ ئارقىلىق مەۋجۇدىيەت ئاساسىنى كۈچەيتىپ ،ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاش ۋە ئېتىراپ قىلدۇرۇش .

2 . ئىچكى ئىتتىپاقلىقى ،ئۇيۇشۇش كۈچى . «ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى يوق »دېگەندەك بولغان بىلەن ياقا يۇرتلارغا چىققاندا (قەدرى بار ) غا ئۆزگىرىدۇ . بىز مۇنداق ئومۇمىي شۇنداقلا تەبىئىي ئەھۋالنى ئىنكار قىلماي تۇرالمايمىز ،يەنى ھەرقانداق بىر مىللەت كىشىسى يۇرتىدىن ئايرىلىپ ياقا يۇرتلاردا مۇساپىر بولغاندا تەبىئىي ھالدا «يۇرت مۇھەببىتى»گە ئاساسەن ئاۋۋال بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچكەن يۇرتلۇقلىرىنى ئىزدىشىدۇ ، بىر-بىرىگە ھەمدەم بولۇپ ، قېرىنداشلاردەك يېقىن ئۆتىشىدۇ .بىز ئۇيغۇرلاردا قەشقەرلىكلەر ، ئاتۇشلۇقلار ،غۇلجىلىقلار ۋەھاكازا دېگەندەك مىللەت ئىچىدىكى يۇرتداشلىق ئاتالمىسىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز ، ئاشۇ يەرلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇرۇپ قويۇلغان مەھەللە ناملىرىنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز ؛ خەنزۇلاردىمۇ شاڭخەيلىكلەر ،ئەنخۇيلۇقلار ،سىچۈەنلىكلەر ، خېنەنلىكلەر . . .دېگەن توپلارنى بۇيەردە ئۇچرىتىپ تۇرىمىز ؛ رۇسلاردىمۇ شۇنداق .دېمەك ۋەتىنى بار مىللەتلەردىمۇ يۇرت ،مىللەت ئومۇملۇقى بويىچە ئۆزىگە تارتىشتەك پسىخىك ھالەتنىڭ ئۇلارنى ياقا يۇرتلاردا تەبىئىي ھالدا ئۆزىگە تارتىپ ،جىپسىلاشتۇرۇپ تۇرۇدىغانلىقىنى كۆرىمىز .مۇساپىرلىقتا بىر-بىرىگە تايىنىش ،ئورتاق قوغدىنىش ، مەۋجۇدىيەت ئاساسىنى ساقلاشتەك زۆرۈرىيەت ئۇلارنى بىر

گەۋدىگە ئايلاندۇرىدۇ (مىللەتلەردىكى ئىچكى ئاتالمىش «يۇرتپەرەسلىك ئىللىتى» مىللەتنىڭ ئومۇمىي چوڭ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئويۇشۇش ئېھتىياجىغا بېقىنىپ كەلگەن ، ئەلۋەتتە ) .

يەھۇدىيلارنىڭ سەرگەردانلىق مۇھىتى ،ئۇنىڭ ئۈستىگە سايىۋەن بولۇدىغان كونكرېت ۋەتىنىنىڭ يوقلىقى ئۇلاردا باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك جىپسىلىشىشنى ،ئىتتىپاقلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ ،بۇ ھال ئۇلاردىكى بىر-بىرىگە كۆيۈنۈش ،ئۆز ئارا يۆلەش ، ئورتاق ئىلگىرىلەشتەك مىللىي خۇسۇسىيەتنى ۋە ئومۇملۇق قارىشىنى يېتىلدۈرگەن .

3 .ئۇلارنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان كاپىتالىزم دۇنياسىدا ياشىغان . تەرەققىيات شارائىتى ۋە «بىلىم-كۈچ »قىزغىنلىقى يەھۇدىيلاردىكى يۇقىرىقى ئىككى ئامىلنىڭ تۈرتكىسىدە باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا ئىقتىساد ۋە پەن-مەدەنىيەتكە پۈتۈن كۈچى ۋە دىققىتى بىلەن ئاتلىنىشىغا زور ئىمكانىيەت ياراتقان .ئەلۋەتتە يەنە ئۇ ئەللەردىكى يۇقىرى تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت تەدرىجىي يېتىلدۈرگەن ئومۇملۇققا ئېتىبار بېرىشتەك كەڭ مىللىي خۇسۇسىيەتتىن ئىبارەت بۇ شەرتنىمۇ دىققەتتىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ . دېمەك يەھۇدىيلارنىڭ پاجىئەلىك قىسمەت سەرگۈزەشتىسى بىلەن يۈكسەك تەرەققىيات مۇھىتىنىڭ بىرىكىشىدىن ئىبارەت بۇ ئامىل ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى يېڭى تىپتىكى يەھۇدىيلاردىن بولۇپ چىقىشىنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبىدۇر . بۇنىڭ ئىچىدىكى 3-شەرت ئەڭ مۇھىم ھالقىلىق ئامىل بولۇپ ، مۇبادا مۇشۇنداق بىر ئەۋزەل تەرەققىيات مۇھىت-شارائىتى بولمىغان بولسا ،بۇ داڭلىق ،ئەقىللىق يەھۇدىيلارمۇ بولمىغان بولاتتى . بۇ خۇددى گېرمانىيىنىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتى ماركسىزمنىڭ ، جاھانگىرلىك زىددىيەتلىرىنىڭ مەركەزلەشكەن تۈگۈنىنىڭ رۇسىيە بولۇشى لېنىنىزمنىڭ ۋەتىنى بولغانلىقىدىن ئىبارەت شەرتكە ئوخشاش دېگەنلىكتۇر . دېمەك بۇيەردە قانداقتۇر نوقۇل ئاڭ ئەمەس ،بەلكى ئاشۇ ئاڭنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىت بىرلەمچى رول ئوينىغان . بىز بۇ نۇقتىنى نېمە ئۈچۈن كۆرمەيمىز ،دىققەتتىن ساقىت قىلىمىز ؟ بىز ھازىرغىچە داڭلىق ئالىملارنىڭ ،كاپىتال ئىگىلىرىنىڭ ئاشۇ كاپىتالىزم دۇنياسىدىن كۆپلەپ چىققانلىقىنى ئاڭلىدۇق ، ئەمما سوۋېت يەھۇدىيلىرى ،ئاسىيا-ئافرىقا يەھۇدىيلىرىدىن دۇنياغا ئەنە شۇلاردەك تەسىر كۆرسەتكەن ئالىملارنىڭ ياكى بايلارنىڭ چىققانلىقىنى ئاڭلىمىدۇق (ئىسرائىلىيە بۇنىڭ سىرتىدا ) .مانا بۇنىڭ ئۆزىمۇ ھەرقانداق ئاڭنىڭ مۇنبەت تۇپراقسىز شەكىللەنمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىۋاتامدۇ ؟ !

## سېلىشتۇرما ھالەتتىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقىلار

بىز ئاشۇ يەھۇدىيلاردەك بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىپ ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈدىغان ئىقتىساد ئېڭى ۋە باشقا ئاڭلارنى تېزلىكتە يېتىلدۈرەلەمدۇق؟ بۇيەنىلا ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي ئاساسىنىڭ ئۆزگىرىش دەرىجىسىنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق . ھازىر بۇ مىللەت دۇنيانىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن ساۋاتلىق بوپقالدى . ئۆزى بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال پەرقلەرنى ئوبدانلا بايقىدى . سەۋەب ۋە نەتىجە توغرىسىدا ئەقىللىي بولسىمۇ مۇھاكىمە قىلماسلىقى ۋە بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس . مېنىڭچە ، ئەمدى مۇشۇ زامانىمىزدا ئۆزىنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتىشنى ،باشقىلار بىلەن باراۋەر تەرەققىي قىلىشنى خالىمايدىغان شەخس ۋە مىللەت بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس .ئۇيغۇرلار تەرەققىيپەرۋەرلىككە ئىگە ، ئىنتىلىشچانلىقى كۈچلۈك خەلق . بۇ مىللەتنىڭ ئەھۋالى بەئەينى پاتقاققا پېتىپ قالغان ، ئەمما ھەرقانچە يۇلقۇنسىمۇ چىقىپ كېتىشكە قۇۋۋىتى يەتمەيۋاتقان ماشىنىغا ئوخشايدۇ .بۇ پاتقاق ئۇيغۇرنىڭ ئۆزگىرەمەي كېلىۋاتقان% 80تىن يۇقىرى ئىپتىدائىي يېزا ئىگىلىك مىللەتلىك ھالىتى ، شەھەر-بازار ئاھالىسىنىڭ% 80تىن يۇقىرى زامانىۋى كەسىپتىن مۇستەسنا ،ئىشسىز ،ئانارخىيلىك جان بېقىش ھالىتىدۇر . ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلىتى سانائەتلەشتۈرۈشنى تۈپكى ۋەزىپە قىلغان . نەتىجىدە ياۋروپادىكى يېرىم فېئودال ،قالاق ھېسابلانغان روسىيە 20يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا دۇنيادىكى ئىككىنچى ئورۇندىكى ئۇنىۋېرسال كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلانغانىدى . ئوخشاشلا ، 1949-يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگومۇ دۆلەتنى سانائەتلەشتۈرۈشنى قالاق ، كەمبەغەل كونا جۇڭگودىن قۇدرەتلىك يېڭى جۇڭگو قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ تەخىرسىز ۋەزىپىسى قىلغانىدى . شۇڭا تۈزۈكرەك ياساش سانائىتى بولمىغان جۇڭگو 15يىل ئىچىدىلا (1964-يىلى )ئاتوم بومبىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پارتلىتىپ ، تەرەققىيات ئاساسىنى تىكلىگەنلىكىنى دۇنياغا نامايان قىلغانىدى . دېمەك سانائەتلەشتۈرۈش ۋە سانائەتلىشىش دەرىجىسىنىڭ قانداقلىقى ھەرقانداق ئەل ۋە ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان بارومېتىردۇر . ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتقا مۇشۇ نۇقتىدىن قارىمىغان ، سۆۋاقچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق «ئوبزورچى »ياكى ئەرباب ياكى بىلىمسىز ، ياكى ساختىپەز ، ياكى بولمىسا تەتۈر ئىش قىلىدىغان ـ ئىقتىدارسىز ئىش بۇزاردۇر . نۆۋەتتە بۇيەردە زادى قانچىلىك زامانىۋى سانائەت بار؟ ئۇيغۇرنىڭ زادى قانچىلىك قىسمى زامانىۋى سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ؟ ئىمكانىيەت زادى قانچىلىك؟ ئۇيغۇر ئېڭى ۋەتەرەققىياتىغا نىسبەتەن بۇ بىر جىددىي ، رېئال مەسىلە . مىللەتنىڭ مۇشۇ رېئاللىقى قانداق ئۆزگەرتىلىدۇ ،بۇ ھەقتە نېمە قىلىش كېرەك؟ مانا بۇ ئاۋۋال ھەل قىلىش زۆرۈر بولۇپ تۇرغان جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك شەرتلىك تېما . بۇ تۈپكى مەسىلىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ ، بىز مۇشۇنداق تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى قۇتۇپ شارائىتىدىكى مىللەتلەر بولۇپ تۇرۇقلۇق قانداقمۇ يەھۇدىي ئېڭى ۋە قىممەت قارىشى بويىچە ئۆزىمىزگە ئۆلچەم قويۇپ ،ئوخشاش «ئاڭ »نى تەلەپ قىلالايمىز؟ تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا ،بۈگۈنكى داڭلىق يەھۇدىيلار پەقەتلا كاپىتالىستىك تەرەققىياتنىڭلا مەھسۇلى . ماركس بالا ۋاقتىدا ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭدىن چوڭ بولغاندا نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى سورىغاندا ماركس :«مېنىڭ كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولۇپ چىقىشىمنى شۇ ۋاقىتتىكى شارائىت بەلگىلەيدۇ»دەپ جاۋاب بەرگەن . يۇقىرىدا يەھۇدىيلار ئۈستىدە توختالغاندا ئېيتىلغاندەك ، ئىقتىسادىي ئاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە تەكىتلەيمىزكى ، ھەرقانداق بىر خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى يۈكسىلىشى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شەرت-شارائىتلاردىن ئايرىلالمايدۇ . بۇ نۇقتىدىن مۇستەسنا ھەرقانداق تەلەپ ۋە ئىلتىماسلار بىرتەرەپلىمە بولۇپ ، ئىلمىي قانۇنىيەتلەرگە زىتتۇر . شۇڭا ھەرقانداق بىر خەلق تەرەققىياتقا توسالغۇ بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شارائىتلارنى

ئۆزگەرتىپ ۋە يېڭىلاپ، يېڭى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شارائىتلارنى هازىرلىيالمىسا ئوخشاشلا تەرەققىي قىلغان باشقا خەلقلەردەك زور مۆجىزىلەرنى يارىتىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلالمايدۇ.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ۋە باشقا بىر قىسىم ئەللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاز قىسمى ياشايدۇ. ئەمما ئۇيەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بۇيەردىكىلەردىن كۆپ ئۈستۈن بولغان. خەنزۇلارنى مىسال قىلساق، ئامېرىكىدا ئاز بىر قىسىم مۇهاجىرلار بار ئىكەن. هالبۇكى، تەبىئىي پەن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئۈچ كىشى ئاشۇلار ئىچىدىن چىققان. ئەمما 1.3 مىليارد نوپۇسلۇق جۇڭگودا بولسا هازىرغىچە بۇ مۇكاپاتقا نائىل بولغان كىم چىقتى؟ ئەمەلىيەتتە جۇڭگودا ئالىم كەممۇ؟ مانا بۇلار بىر خەلقنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان بىرلەمچى شەرتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

## تۈزۈلمىنىڭ خاراكتېرى هەممىنى بەلگىلەيدۇ

ئابدۇلئەهەد ئابدۇرەشىد بەرقىي «تۈزۈلمە سانائەتنى، مائارىپنى، سىياسەتنى هەممە مىللەتكە باراۋەر بېرىشكە تىرىشىدۇ. لېكىن باراۋەرلىك ئىچىدىن بۆسۈپ چىقىپ، ئوخشاش شارائىتتا ئوخشىمىغان نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش يەنىلا ئاشۇ ئىقتىسادىي ئاڭغا باغلىق» دەيدۇ. يۇقىرىدا بۇ مەسىلىنىڭمۇ تۈگۈنى بولغان «ئىقتىسادىي ئاڭ»غا دائىر پىكىرلىرىمنى قويۇپ ئۆتكەچكە، يەنە بۇ هەقتە توختىلىش هاجەتسىز. ئەمما يۇقىرىقى جۈملىدىكى تولىمۇ يەڭگىللىك بىلەن ئىشلىتىلگەن «تۈزۈلمە»، «باراۋەر»، «ئوخشاش» دېگەن ئىبارىلەر ئىنتايىن مۇهىم ۋە هەل قىلغۇچى شەرتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭغا ئاز-تولا پىكىر بايان قىلىپ ئۆتمەي بولمايدۇ.

تۈزۈلمە ـ ئۆزادى قانداق تۈزۈلمە؟ دېگەن سوئالنى ئالدىن قويۇپ، ئېنىق ئايرىپ، ئاندىن شەيئىلەرنىڭ ئىستىقبالىغا هۆكۈم قىلىش كېرەك.

كىشىلەرگە مەلۇمكى، رۇسىيە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىدىن كېيىن دۇنيا ئاساسەن ئىككى خىل تۈزۈم ۋە تۈزۈلمىلەرگە ئىگە دۇنياغا ئايرىلدى. بىز شەيئىلەرگە تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە باها بەرسەك، تارىختىكى مۇئەييەن شارائىت ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن هەرقانداق بىر ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئەيىبلىيەلمەيمىز. چۈنكى مەسىلە نوقۇل تۈزۈمنىڭ ئۆزىدە ئەمەس. ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىنىڭ مەلۇم مۇئەييەن باسقۇچىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ماسلىشالماي قالغاندا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئىسلاهات ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ زۆرۈرىيەت ماهىيەتتە بىر تۈزۈمنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ مۇقەررەركى، ئۈستىقۇرۇلما ساهەسىدە رېئاللىققا يۈزلىنىپ، دادىللىق بىلەن جىددىي تۈزۈلمە ئىسلاهاتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تەڭشەش ئېلىپ بېرىش كېرەك دېگەنلىكتۇر. پەقەت مۇشۇ زۆرۈرەن موهتاجلىقنىڭ هۆددىسىدىن چىقالىغاندىلا ئاندىن تۈزۈم ئۆزىنىڭ هاياتىي كۈچىنى داۋاملىق ئۇرغۇتۇپ داۋاملىشىپ بارالايدۇ.

سوتسىيالىزم بىناسى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغدىلا ئەمەلىيەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ هايات-ماماتلىق مۇسابىقىسى باشلانغانىدى. بۇ ۋاقىتتا كىشىلەر مۇنۇ تارىخىي ساۋاقلارنى هەردائىم ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئەينەك قىلىشى لازىم: ئەينى تارىخىي دەۋردە كوممۇنىزم غايىسى ۋە سوتسىيالىزم يولى دۇنيادا ئىنتايىن زور قارشى ئېلىشقا ئېرىشكەن. سىنىپىي پەرقلەرنىڭ چوڭلۇقى ۋە كۈچلۈك سىنىپىي ئېزىلىش كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ كومپارتىيىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، كاپىتالىزم جەمئىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، خەلقلەر باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، دەپ ئىشەنگەن سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنى قۇرۇش كۈرىشىگە قىزغىنلىق بىلەن ئاتلىنىشىغا تۈرتكە بولغانىدى. ئەپسۇسكى، كىشىلەر تاغدەك ئىشەنگەن مانا مۇشۇنداق تۈزۈمنىڭ ئۆمرى يېڭى تىپتىكى كومپارتىيىنىڭ ئىجادكارى، لېنىنىزمنىڭ ۋەتىنى بولغان سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ۋە ياۋروپادا قىسقا بولۇپ قالدى. بۇنىڭدا هەرتەرەپلىمە سەۋەبلەر بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يادرولۇق سەۋەب هاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ هوقۇقچىلىق تۈزۈلمىسىنىڭ كەڭرىلىك (چەكسىزلىك)كە قاراپ راۋاجلىنىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت. يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بولغان بۇ زەنجىرسىمان تۈزۈلمە ئىچىدىكى شەخسلەرنىڭ قولىدىكى هوقۇق ئەمەلىيەتتە دۆلەت قانۇنىنىڭ رولى ۋە ئىناۋىتىنى تۆۋەنلىتىپ، هەل قىلغۇچى ئامىلغا ئايلاندى. قانۇن ئەمەس، بەلكى «كادىر هەممىنى هەل قىلىدۇ» دېگەن شەخسلەرنىڭ سىياسىيدىكى رولىنىڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلىشى بىلەن شەخسلەرنىڭ قولىدىكى هوقۇق هەممىگە ئايلاندى. قانۇن ـ تۈزۈملەر كۈچلۈك مەركەزلەشكەن هوقۇقچىلىقنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا ئىناۋىتىنى يوقىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئەقەللىي هوقۇقلىرىمۇ، ئەمەلىيەتتە پايمال قىلىندى. كىشىلەرنى هازىرقى زامان دۆلەتلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي قوغدىنىش، مەنپەئەتلىرىنى هىمايە قىلىش ئىقتىداردىن ئايرىۋەتتى. چوڭ-كىچىك هوقۇق ئىگىلىرى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش، چەكلەش مېخانىزمى بولمىغان بۇ تۈزۈلمە ئىچىدە بەئەينى بىر يۈگەنسىز ئاتقا ئايلىنىپ، قەدەممۇ قەدەم ئايرىم بىر ئىمتىيازلىق قاتلامنى شەكىللەندۈردى. سوتسىيالىستىك دۆلەت دەسلەپكى ئەمگەكچى خەلق دۆلىتىدىن ئەمەلىيەتتىكى «كادىرلار دۆلىتى»گە ئايلىنىپ قالدى. مانا بۇ يېڭى تىپتىكى باراۋەر بولمىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر دۆلىتى شەكىللەندى دېگەنلىكتۇر. سانسىزلىغان غايىلىك كىشىلەر مىڭبىر جاپادا قان-تەرى بەدىلىگە قۇرغان بۇ غايىۋى تۈزۈم ئۈستىدە تۇرغان ئاشۇ هوقۇقچىلىق تۈزۈلمىسىنىڭ نابابلىقى تۈپەيلى ئەسلىدە ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنى هىمايە قىلغان خەلقنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئاقىۋەت ياۋروپادا گۇمران بولۇپ، كەينىگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ بىر ئېچىنىشلىق رېئال تارىخىي ساۋاق. بۇ تۈزۈلمە بۇيەردە هازىرمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇد، ئۇ پەردازغا ئەمەس، بەلكى ئىسلاھ قىلىنىش ـ يېڭى يول تېپىشقا، تەڭشىلىشكە، شۇ ئارقىلىق كىشىلەر رايىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، هاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ تۇرۇشقا موهتاج. ئەسلىدىلا «باراۋەرلىك»نى ۋەدە قىلىپ مەيدانغا چىققان بۇ تۈزۈم مۇشۇنداق بىر هوقۇقچىلىق تۈزۈلمىسى شارائىتىدىكى مەدھىيە دېڭىزى ئىچىدە هەممىگە «باراۋەر بېرىش» ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويدى. هوقۇقچىلىقنىڭ ياۋۇز ئەلپازى چىرىكلىك، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، بۇزۇقچىلىق، چەكتىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ۋە ئىش بۇزارلىق ۋەهاكازالارنى پاكىتقا ئايلاندۇرغىنىدىلا ئەمەس، يەنە هەم يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك، شەكىلۋازلىق قاتارلىق بىر يۈرۈش هۈنەرلەرنى يېڭىچە شەكىللەر بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ، ئەسلىدە ئىنسانىيەتنىڭ مۇقەررەر تەرەققىيات يۈزلىنىشى بولغان بۇ ئىلغار تۈزۈلمىنى خۇنۇكلەشتۈرگەنلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «خەلق ئۈچۈن

خىزمەت قىلىش» ، «خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش» ئىلغار ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ خاراكتېرىنىڭ يارقىن بەلگىسى ، ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىككى چېكىسىگە ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەسلىتىپ يېزىپ قويۇلغان كاتتا ئىلھامبەخش شوئارلاردۇر . ھالبۇكى راستىنلا شۇنداق خىزمەت قىلىنىۋاتامدۇ ؟ جاۋابكار بولۇۋاتامدۇ ؟ خىزمەت ، ئۇنۋان ، تۇرار جاي ، مەئىشەت ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋەھاكازالاردىكى خىزمەت قىلىش ئوبيېكتىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتتە كىملەرگە تەئەللۇق بوپقېلىۋاتقانلىقى ھازىر ھېچكىمگە سىر بولمىسا كېرەك . شۇڭا كىشىلەرنىڭ «باراۋەر ئېرىشىش» مەسىلىسىدە بىر قىسىم ھوقۇقچىلىق زەنجىرى ئىچىدىكى كىشىلەر ۋە ھوقۇقچىلىق بىلەن زىچ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قىلالايدىغان كىشىلەرنىڭ بىر تېلېفون ياكى بىرەر بىشارەت بىلەن پۈتۈدىغان ئىشلىرى بىزدەك ھوقۇقچىلىق مۇناسىۋىتىدىن يىراقتا تۇرۇۋاتقان ئاددىي پۇقرالار ئۈچۈن بولسا ، ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ تەسكە توختايدۇ ، دېيىشى بىكار ئەمەس . ھوقۇقچىلىق تۈزۈلمىسىدىكى بۇنداق بيۇروكراتلار بەئەينى گال پىچاق بىلەن مال سويىدىغان «قاساپ» لاردۇر .

سېلىشتۇرساق ، مۇشۇنداق نامۇۋاپىق ھادىسىلەرنى تەگشەپ ، «باراۋەر بېرىش»كە تىرىشىدىغان تۈزۈلمە نەگە كەتتى ؟ !شۇنداق . بۇنداق تۈزۈلمە ئۈنۈملۈك چەكلەش ، كۈچلۈك ئاممىۋى نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى ئۆزىگە كۆشەندە قىلىشى زۆرۈر بولسىمۇ ، يەنىلا تۈپكى تەڭشىلىش ، يېڭىلىنىشتىن يىراقتا تۇرۇۋاتقاچقا ، تىزلا كونىراپ ، «ھەممىگە باراۋەر بېرىش» ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويىدى . بۇنۇقتىدا غەربنىڭ تۈزۈلمىسى يەنىلا بىر ئەينەك . كاپىتالىزم تۈزۈمى ئىچىدىن سوتسىيالىزم تۈزۈمى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ناۋادا قالغان كاپىتالىستىك غەرپ ئۆزلىرىنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرۈۋاتقان كۈچلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ساۋاق قىلىپ ۋاقتىدا جىددىي تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ يۇمشاتمىغان بولسا ، ناۋادا ئۈچ خىل ھوقۇق ئايرىۋېتىلگەن بۇ جەمئىيەت كىشىلىك ھوقۇق ، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى دۆلەت تۇرمۇشىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىغا ئايلاندۇرۇپ ، كىشىلەر خاھىشىغا ماسلاشمىغان بولسا ، 20-ئەسىردىكى ئىككى خىل تۈزۈم ۋە تۈزۈلمە ئوتتۇرىسىدىكى ھايات-ماماتلىق ئېلىشىشتا ئۆز پوزىتسىيىسىنى ساقلاپ قالالمىغان ۋە بەلكى ئاللىقاچان قولىدىن چىقىپ كەتكەن پوزىتسىيىلىرى (سوۋېت ۋە شەرقىي ياۋروپا)نى قايتىدىن قولغا كىرگۈزەلمىگەن بولاتتى . ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئۆيي چاشقىنىدەك يامراپ كەتكەن ، ئاددىي ئاۋامنى قاقشىتىدىغان قەبىھ ھادىسىلەر نېمىنى مەنبە قىلغان ؟ دېگەن سوئالنىڭ جاۋابى ئاللىقاچان چىقىرىلىپ بولدى . پەقەت ئەمدى يېڭى قاراش ، يېڭى يەكۈن بولغاندىلا ئاندىن ئۈنۈملۈك بولىدىغان باراۋەرلىك ۋە ئوخشاشلىق توغرىسىدا سۆزلەش مۇمكىن .

دۇنيانىڭ ، جەمئىيەتلەرنىڭ ئىلگىرىلەش مۇساپىسى ھامان ماس ھالدا ئۇستىقۇرۇلمىغا يېڭىدىن يېڭى تەلەپلەرنى قويۇپ بارىدۇ . ئەكسىچە بولغاندا دۇنيادا ، جۈملىدىن جۇڭگودا ئىسلاھاتنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى بولمىغان ، كونا ئورنىغا يېڭىنى تىكلەش ، تۈزەش ، مۇكەممەللەشتۈرۈش دېگەن ئاتالغۇلارنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى بولمىغان بولاتتى . بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ـ 1978-يىلى دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدا بۈگۈنكى دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ تەجرىبە- ساۋاقلىرى ۋە جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ «ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى . كېيىن يەنە «پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» دەپ كەسكىن كۆرسەتتى . مانا بۇلار ماھىيەتتە تونۇشنى يېڭىلاش ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ۋە تۈرلۈك تۈزۈلمىلىرى بويىچە تەرەققىياتقا توسقۇن بولۇۋاتقان ئامىللارغا قارىتا مۇۋاپىق ۋە توغرا ، ئىلمىي بولغان يېڭىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك دېگەنلىكتۇر . 1990-يىللاردىن كېيىن سوتسىيالىزم لاگېرىدا ، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادا غايەت زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى . جۇڭگودىكى ئىسلاھات ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش تەدبىرلىرى بىر جەريان ئەمەلىيەتنى باشتىن كەچۈردى . «ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەلىيەت ئىكەنلىكى» يەنە بىر قېتىم نۇقتىلىق تەكىتلەندى . مۇقەررەركى ، تەرەققىيات مۇساپىسى يېڭىدىن يېڭى ئىجابىي ۋە سەلبىي شارائىت ئامىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش جەريانىدۇر . شۇنداقلا ئۇ يەنە ئۆز ئەمەلىيىتىدە توغرا بولغان ، ئىلمىيلىققا ، چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلىنىش زۆرۈرىيەت بولۇدىغان جەرياندۇر . (باش مۇھەررىردىن تولۇقلىما ) :جۇڭگو كومپارتىيىسى خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ۋە جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاش ئاساسىدا ج ك پ 16-قۇرۇلتىيىدا «سوتسىيالىستىك سىياسىي مەدەنىيلىك» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، «ھوقۇقنى چەكلەش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ ، ھوقۇقنىڭ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ، تەقسىملىنىشى ئىلمىي ، تەرتىپى مۇكەممەل ، چەكلىمىسى ئۈنۈملۈكبولغان ھەرىكەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ، ھوقۇقنى نازارەت قىلىشنى تەدبىر بەلگىلەش ۋە ئىجرا قىلىش قاتارلىق ھالقىلاردىن كۈچەيتىپ ، خەلق بەرگەن ھوقۇقنىڭ ھەقىقىي يوسۇندا خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم» دەپ ئالاھىدە تەكىتلىدى . ھازىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا تولۇقلاپ كىرگۈزۈلگەن «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تولىمۇ سەزگۈرلۈك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم ئىدىيەدۇر . ئۇنىڭدا مەقسەت ، مۇددىئا ۋە نىشان جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى يەكۈنلىگەن ئاساستا يېڭىچە تەپەككۇر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان . ئېنىقكى ، بۇ پروگراما خاراكتېرلىك ھۆججەت ۋە ئىدىيە جۇڭگو جەمئىيىتىگە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك يۆنىلىش بەلگىلەپ بەردى . ئۇنىڭ ئەمەلىيلىشىش دەرىجىسى ھەممىنى بەلگىلەيدۇ .

يۇقىرىقى ئەقەللىي بايان ، مۇھاكىمە ۋە ئەسلەتمىلەر تۈزۈلمە ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا يېتەرلىك يەكۈنگە ئەكىلىدۇ ، دەپ قارايمەن . مېنىڭچە ، ساغلام روھ ، مۇستەقىل پىكىرگە ئىگە ھەرقانداق بىر ئادەم تۈزۈلمە ۋە ئۇنى چۆرىدىگەن تەرەپلەرنىڭ ئىستىقبالىغا شۈبھىسىز توغرا ھۆكۈم قىلالايدۇ .

ئاخىرىدا يەنە بىر رەت تەكىتلەپ ئۆتىمەن : تۈزۈلمىگە مۇناسىۋەتلىك ھەممە مەسىلىلەر جىددىي ، ھەل قىلغۇچ مەسىلىلەر بولۇپ ، ئۇنىڭغا تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە سىياسىيئون ، ئەرباب ، ئوبزورچى ۋەھاكازالارنى ھەقىقىيلىق ۋە ئىقتىدار نۇقتىسىدىن تاسقايدىغان ئايرىغۇچتۇر .

2004-يىل 10-مارت ، شەھىرى غۇلجا

---

ئاپتور :غۇلجا شەھەر باھار كوچا 3-يان كوچا 60-نومۇرلۇق قورۇدا ،شەھەر پۇقراسى(M1)



## ھەق گەپنىمۇ ئاڭلاپ قويۇڭ

# سادداممنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرى

ئىراق رەئىس جۇمھۇرى سادداام ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ چاڭگىلىدىن ئاخىرى قېچىپ قۇتۇلالمىدى. سەككىز ئايدىن كۆپرەك سەرگەردان بولغاندىن كېيىن، داھىيلىق سالاپىتىنىلا ئەمەس، ئادىمىيلىك تۇرقىنىمۇ يوقاتقان بۇ رەئىس جۇمھۇر يۇرتى تېكرىتتىن 16كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر لەخمىدە بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ قولىغا چۈشتى.

شۇ تاپتا دىققىتىمنى تارتقۇانقىنى شۇكى، سادداامنىڭ تۇتۇلغانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن ئىراقتىكى نۇرغۇن خەلق كوچىلارغا چىقىپ گازلىق سۇ ياكى شامپان ھارىقى بىلەن ئۆزئارا تەبرىكلەشتى، بەزىلەر ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىش ئارقىلىق ئىپادىلىدى. ئۇلارنىڭ قىزغىن تەنتەنە قىلىۋاتقان كەيپىياتى كاتتا بايرام كۈنلىرىنىڭكىدىن قېلىشمىدى.

بۇنى غەلىتە ئىش دېمەي بولمايدۇ. چۈنكى بىز تېلېۋىزورلاردا سادداام ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىلدە، مەيلى ئۇ ھەربىي پاراتنى كۆزدىن كەچۈرسۇن ياكى كوچىدا پەيدا بولسۇن، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئالقىش-تەنتەنە ياغدۇرغانلىقىنى ۋە ئۇنى «چىن دىلىدىن ھىمايە قىلىدىغان» لىقىدەك مەنزىرىنى كۆرگەنىدۇق.

«يەڭگەنلەر خان-پادىشاھ، يېڭىلگەنلەر ئوغرى ـ قاراقچى» دېگەن مەنتىقە بويىچە بولغاندا، ئىراقتا بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى ھەقىقەتەن ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئىراق سادداام ھاكىمىيەت بېشىدىكى چاغدا كىشىلەر ئۇنىڭغا ئالقىش-تەنتەنە قىلغانىدى، ئەمدىلىكتە ئۇ مەھبۇسقا ئايلىنىپ قېلىۋېدى، كىشىلەر يەنە بۇنىڭغا ئالقىش-تەنتەنە قىلىشتى.

لوگىكىغا ئاساسلانغاندا، ماھىيىتى تۈپتىن ئوخشاشمايدىغان ئىككى شەيئىيدە ئوخشاش بىر ھادىسە كۆرۈلسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى جەزمەن يالغان بولىدۇ. يەنى سادداام ھاكىمىيەت بېشىدىكى چاغدا كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئالقىش ـ تەنتەنە قىلىشى بىلەن، ئامېرىكا ئارمىيىسى ئۇنى تېكرىتتىكى لەخمىدە تۇتۇۋالغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ بۇنىڭغا ئالقىش ـ تەنتەنە قىلىشىنىڭ جەزمەن بىرى يالغان. ئۇنداقتا، قايسىسى يالغان؟ ئېنىقكى، سادداام تۇتۇلغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ بۇنىڭغا ئالقىش-تەنتەنە قىلغانلىقى ھەرگىزمۇ يالغان ئەمەس. چۈنكى بۇنداق چاغدا كىشىلەر ئۆزىنىڭ قارىشى ۋە ھېسسىياتىنى ئەركىن ئىپادىلىيەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى رەئىس جۇمھۇرىنىڭ مۇشۇ كۈنگە قالغانلىقىدىن قايغۇرغان بولۇۋېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، شۇنداقلا يالغاندىن خۇشال بولۇۋېلىشىنىڭمۇ

## زامان ئەقىللىق پىكىرلەر

ھاجىتى يوق. ھېچكىممۇ ئۇلارنىڭ قانداق پوزىتسىيىدە ياكى قانداق ھېسسىياتتا ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ قانداق كەيپىياتتا بولۇشىمۇ ئۇزلىرىنىڭ ئىشى. بۇخىل ئەڭ ئاددىي چەتكە قېقىش ئۇسۇلىنى مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق سادام ھاكىمىيەت بېشىدىكى چاغدا كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئالقىش - تەنتەنە قىلىشىنىڭ يالغانلىقىنى، ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇ مۇستەبىتكە ئالقىش-تەنتەنە قىلىشىنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر خىل نائىلاج ماسلىشىش، بىر خىل ساختا قىياپەت ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

ئەقلى - ھۇشى جايىدا ئادەم ھەرگىزمۇ بۇنداق مۇستەبىت ئۈچۈن خۇشھال بولمايدۇ. چۈنكى سادام ھاكىمىيەت بېشىدىكى چاغدا ئىرانغا ۋە كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلدى، ئىراقتىكى ئوخشاش بولمىغان مەزھەب - ئېتىقاد ۋە سىياسىي پىكىردىكى كىشىلەرنى تەلۋىلەرچە قىرغىن قىلدى. مۇشۇ تۈپەيلى نەچچە يۈز مىڭ ئادەم بىئەجەل ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ، تىنچلىقپەرۋەر بىر دۆلەتنى ئۇرۇش ئوتىغا ئىتتىردى، باي بىر دۆلەتنى نامراتلىق گىرداۋىغا ئاپىرىپ قويدى، نەچچە مىليون خەلقنى ھالاكەت گىرداۋىغا قىستاپ ئاپاردى. سادام مانا مۇشۇنداق مۇستەبىت، ئادەم ئۆلتۈرسىمۇ كۆزىنى مىت قىلىپ قويمايدىغان جاللات تۇرسا، كىشىلەرنىمەدەپ ئۇنىڭغا ئالقىش - تەنتەنە ياغدۇرىدۇ؟

ئالقىش-تەنتەنە سادالىرى ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدۇ، روھلاندۇرىدۇ ۋە مەستخۇش قىلىدۇ. بىراق بۇ ئالقىش - تەنتەنە سادالىرى بەزىدە يالغان - ساختىمۇ بوپقالىدۇ. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، كىشىلەرنىڭ ئالقىش-تەنتەنەقىلىنغۇچىنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقىدىن قورقانلىقىدىن ياكى مەلۇم بىر ئىشتا ھاجەتمەن بولغانلىقىدىن. مۇستەبىتلەر ھاكىمىيەت تۇتقاندا ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. سىزنىڭ ھايات-ماماتىڭىز، ئەمەل-دەرىجىڭىز، ئۆسۈشىڭىز، تويغىدەك تاماققا ئىگە بولالىشىڭىز ياكى ئاچ-زار يۈرۈشىڭىز، ۋەھاكازالار پۈتۈنلەي ئاشۇلارنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. جان ساقلاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ خىل زورلۇق-زومبۇلۇقىغا، پادىشاھچە ئېگىغا ۋە مۇستەبىتلىك ئىرادىسىگە باقماي ئامالىڭىز يوق. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىش-ھەرىكىتى تازا مەدھىيىلىنىدۇ؛ ئۇلارنىڭ قىلغان ھەر بىر سۆزى، يازغان ھەربىر خېتى ھېكمەتلىك سۆز بولۇپ كۆپتۈرۈلىدۇ؛ ئۇلار بارغانلىكى يەردە بەزىلەر «قارشى ئالىدىغان» ئاممىنى ئاكتىپلىق بىلەن تەشكىللەپ، «قىزغىن قارشى ئېلىش» كەيپىياتىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق كەيپىياتتىن مۇستەبىتلەر تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، ئۆزىنى جاھاندا بىر چاغلايدۇ.

ئېلىمىزنىڭ تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن خې لەنجىن بىر شېئىرىدا: «ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ كېتىۋاتسا كاللىسى، كېيىنگە ئىتائەت قىلماي كىمنىڭ ھەددى؟» دەپ يازغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، زورلۇق-زومبۇلۇق ۋە قاتتىق بېسىم ئاستىدا ئالقىش - تەنتەنە قىلماسلىققا كىمنىڭ ھەددى؟ ئەينى يىلى سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە 17-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا كىشىلەر ستالىننىڭ زومىگەرلىكىدىن قورققاچقا، ستالىننى «قولLAش» سادالىرى جاھاننى لەرزىگە سالغان. بىراق قۇرۇلتاينىڭ ئاخىرىسىدىكى نامسىز بېلەت تاشلاش ئارقىلىق سايلاشتا، ستالىننىڭ ئېرىشكەن ئاۋازى سوۋېت كومپارتىيىسىدىكى پېشىۋا كىروفنىڭكىگىمۇ يەتمىگەن، ۋەكىللەرنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكى ستالىنغا ئاۋاز بەرمىگەن. سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ يەنە بىر باش سېكرېتارى برېژنېف ھاكىمىيەت بېشىدىكى چاغدا بارغانلا يېرىدە كىشىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. بىراق ئۇ ئۆلۈپ، ئۇنىڭ مېيىتى سېلىنغان ماشىنا قىزىل مەيداندىن ئۆتكەندە، كىشىلەر چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ: «بۇ ئادەم بالدۇرراق بېشىنى يېگەن بولسا بولاتتى» دېيىشكەن. «سىياسىي ساھەدىكىلەرگە بېرىلىدىغان باھا ئۆلگەندىن كېيىن» دېگەن مانا شۇ. كىشىلەر بىرەر ھۆكۈمرانغا باھا بەرگەندە، بۇ ھۆكۈمران ھاكىمىيەت بېشىدىكى چېغىدا ئەمەس، بەلكى بۇ ھۆكۈمران ئاشۇ ھوقۇقتىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن ئاندىن ھەقىقىي باھا بېرىدۇ. بىلىش كېرەككى، مەدھىيە - ماختاشلار ئىشەنچلىك بولمايدۇ، ئالقىش-تەنتەنىلەرمۇ راست بوپكېتىشى ناتايىن.

سادامنىڭ لەخمىدە بىچارىلەرچە قولغا چۈشكەنلىكى ۋە ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمىگەنلىكى توغرىسىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز كۆڭلۈمدە: ئەينى يىللاردىكى شۇنچە كۆرەڭ ئەربابنىڭ ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە ھازىرقى كۈنگە قېلىشى ھەممىمىزگە ئوبدان بىر ئىبرەتكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

---

جاڭ شىنيالڭ قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خېبېي گېزىتى» «《河北日报》» نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتونلار گېزىتى» «《杂文报》» نىڭ 2003-يىل 26-دېكابىر سانىغا بېسىلغان.

## «دېھقانلارنىڭ بېشىغا تەگلەنگەن ئۈچ قىلىچ» نېمىلەرنى ھالاك قىلىدۇ؟

بىر دېھقان ئالىي مەكتەپكە كىرىپ بولغان بالىسىنىڭ ئۈرە «ئوقۇش پۇلى» نى تۆلىيەلمىگەچكە، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندى. مۇشۇ ئىش تۈپەيلى

تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مەخسۇس بىر پروگرامما ئىشلىدى. بۇ پروگراممىغا دۆلەتنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر ئالىم تەكلىپ

قىلىندى . بۇ ئالىم دۆلىتىمىزدە هازىر «يېزا ئىگىلىكى ، يېزا ، دېھقانلار» جەھەتتە ساقلانغان بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا كۆرسىتىپ بەردى ۋە «تەڭلەندى مانا ئۈچ قىلىچ دېھقانىنىڭ بېشىغا ،مۇشكۇلدۇر ئوقۇتۇش ،ئەرز قىلىش ،كۆرۈنۈش دوختۇرغا» دېگەن بۇ يېڭى قوشاقنى مىسال كەلتۈردى .

بۇ قوشاقتا كۆرسىتىلگىنى «دېھقان» دۇر . بىراق بۇ «ئۈچ قىلىچ»نى پەقەت «دېھقانلار»نىڭ بېشىغىلا تەڭلەنگەن دەپ چۈشەنسەك ، بەكلا بىرتەرەپلىمە ، يۈزە ئويلىغان ۋە مېتافىزىكىلىق خاتالىق سادىر قىلغان بولىمىز .

ئۇنداقتا ، «دېھقانلارنىڭ بېشىغا تەڭلەنگەن ئۈچ قىلىچ»زادى نېمىلەرنى ھالاك قىلىدۇ؟ ئويدانراق ئويلايدىغان بولساق ، ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنىدۇ . بۇ «ئۈچ قىلىچ»مىللىتىمىزنى ھالاك قىلىدۇ . بىز دائىم پۈتكۈل مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرەيلى دەيمىز . بىراق پۈتكۈل مىللەتنىڭ ساپاسىنى نېمە ئۈچۈن ئۆستۈرىمىز؟ چۈنكى بىر مىللەتتە تېگىشلىك ساپا بولمىسا ، بۇنداق مىللەتتىن ھېچقانداق ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ .جۇڭگودا دېھقانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقىنى ئىگىلەيدۇ ، شۇڭلاشقا ئۇلارنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ . پۈتكۈل مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ،دېھقانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ . شۇڭلاشقا مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئاساسلىقى ،نۇقتىلىقى دېھقانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتۇر .ئىككى-تۆت تال ئادەمنىڭ تونۇلۇشى ياكى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى بىلەن مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستى ،دېگىلى بولمايدۇ . پۈتكۈل مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ، ئالدى بىلەن مائارىپ ئومۇمىيۈزلۈك ، كەڭ كۆلەملىك بولۇشى كېرەك . ئۇل مۇستەھكەم بولسا ، ئاندىن ئېگىز بىنالارنى سالغىلى بولىدۇ .تونۇلغانلىرىنى ، ئەلالىرىنى ،سەرخىللىرىنى تاللايدىغان مائارىپ ، مۇكاپاتقا ئېرىشتۈرۈشنى كۆزلەيدىغان مائارىپ مائارىپ تەرەققىياتىدىكى ئاينىشتۇر ، شۇنداقلا پۈتكۈل مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى توسقۇ يولدۇر . ئەكسىچە ئېيتقاندىمۇ ، بۇنداق مائارىپ سەرخىللار تۈپىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمەيدۇ . دېھقانلارنىڭ بېشىغا تەڭلەنگەن «ئوقۇتۇش تەس بولۇش»تىن ئىبارەت بۇ قىلىچ مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقىنى ئىگىلەيدىغان دېھقانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى تەلىم-تەربىيە ئېلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىدۇ ، شۇنداقلا پۈتكۈل مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈدىغان پىلتىنىمۇ ئۈزۈۋېتىدۇ . مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ، دېھقانلارنىڭ بېشىغا تەڭلەنگەن «ئوقۇتۇش تەس بولۇش»تىن ئىبارەت بۇ قىلىچ بىزنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىمىزنى ھالاك قىلىدۇ . مىللىتىمىز ھالاك بولغاندا ئۇنىڭ جىسمى پۈتۈنلەي يوقاپ كەتمەيدۇ ،بىراق مىللىتىمىز ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى مەنىۋى قاراقورساقلارغا ، ماددىي

تىلەمچىلەرگە ، ھەتتا كىتائەتمەن قۇللارغا ئايلىنىپ قالىدۇ .

«دېھقانلارنىڭ بېشىغا تەڭلەنگەن ئۈچ قىلىچ» دۆلىتىمىزنى ھالاك قىلىدۇ . دۆلەت جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ماسلاشقاندىلا مەۋجۇد بولۇپ تۇرالايدۇ . بۈيۈك چىڭ خانىدانلىقى ۋە جياڭ جېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ پىرقىسى ھۆكۈمىتى تارىخ تەرەققىياتىغا قارشى يول تۇتقاچقا ، تارىخ سەھنىسىدىن يوقالدى . «قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش»جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ھالقىپ ئۆتۈشكە بولمايدىغان قانۇنىيەتتۇر . قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ج ك پ 16-قۇرۇلتىيىدا دۆلەت قۇرۇلۇشىدىكى پروگرامما قىلىپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى . دېھقانلارنىڭ بېشىغا تەڭلەنگەن «ئەرز قىلىش تەس بولۇش»تىن ئىبارەت بۇ قىلىچ ھازىر ئەدلىيىدىكى چىرىكلىكنىڭ ئېغىرلىقىنى – جۇڭگودىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى پۇقرالار ئۈچۈن «ئەرز قىلىش»نىڭ تەسلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ .ئەدلىيىدىكى چىرىكلىكنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى دېمىسەكمۇ بىلگىلى بولىدۇ . ئەدلىيىدىكى چىرىكلىك دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ گۆركارى . ئەگەر دۆلىتىمىز قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنمىسا ، قىزىل بايراق قاچانغىچە لەپىلدەپ تۇرالار؟ مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ، ئەدلىيىدىكى چىرىكلىكنىڭ ئالامىتى بولغان ،دېقانلارنىڭ بېشىغا تەڭلەنگەن «ئەرز قىلىش تەس بولۇش»تىن ئىبارەت بۇ قىلىچ دۆلىتىمىزنى ھالاك قىلىدۇ ، دۆلىتىمىزنىڭ خاراكتېرىنى ، تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ .

«دېھقانلارنىڭ بېشىغا تەڭلەنگەن ئۈچ قىلىچ» كىشىلىك ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىدۇ . كىشىلىك ھوقۇق ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ ياشاش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ زاكوننى بىز ناھايىتى ئوبدان بىلىمىز ،ھەتتا دائىم تەشۋىق قىلىمىز .بىراق «دوختۇرغا كۆرۈنۈش تەس بولۇش» مەملىكىتىمىز ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقىنى ئىگىلەيدىغان دېھقانلارنىڭ بېشىغا تەڭلەنگەن بىر «قىلىچ»قا ئايلانغاندا ، ئىنساننىڭ ياشاش ھوقۇقى يەنە قانچىلىك كاپالەتكە ئىگە بولالامچىدى؟

بىر قىسىم چىرىك ئەمەلدارلار ۋە ئالا نىيەتلەر دېھقان خەق دېگەن بوزەك ، ئانىي تاپماق ئوڭاي ،دەپ قارايدۇ . بىر قىسىم ياخشى نىيەتلىكلەر بولسا ، دېھقانلارنى «ئاجىزلار»دەپ قارايدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى خىل قاراش تولىمۇ بىرتەرەپلىمە – ناتوغرا باھادۇر . تارىخ ئەمەلىيىتىگە قاراپ باقايلى : دېھقانلار قايسى زامانلاردا باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ،ئانىي تېپىشىغا قاراپ تۇرغان؟ شۇڭلاشقا ،دېھقانلارنىڭ بېشىدا «قىلىچ» ئوينىتىۋاتقانلار «قىلىچ»نى يىغىشتۇرۇۋالغىنى تۈزۈك . ئۇنىڭ ئۈستىگە «دېھقانلارنىڭ بېشىغا تەڭلەنگەن ئۈچ قىلىچ» ماھىيەتتە مىللىتىمىز ، دۆلىتىمىز ۋە كىشىلىك ھوقۇققا تەڭلەنگەن «ئۈچ قىلىچ»قا ئايلىنىپ قالدى .

---

سۇن خۇەنىڭ قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خېبېي گېزىتى»《河北日报》نىڭ

رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېليەتونلار گېزىتى» 《杂文报》نىڭ 2003-يىل 14-ئۆكتەبىر سانىغا بېسىلغان.

ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمانى: **ئازاد نىزامىددىن ئەنجانىي**

# تاش شىر ھەيكىلى كىمگە ھۆركىرەيدۇ؟

دۆلىتىمىز «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئاتىلىدۇ، خەلق دۆلەتنىڭ خوجايىنى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بولسا ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى. شۇڭا، بىزنىڭ بارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىمىز خۇشال-خۇراملىق بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىش بېجىرىشى، ھال-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن، مەسلىھەت سوراپ كەلگەن خەلقلەرنى قىزغىن قارشى ئېلىشى لازىم ئىدى. بىراق ئەمەلىي ئەھۋال قانداق بولۇۋاتىدۇ؟

نۇرغۇنلىغان پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ قاراۋۇللۇقى ئىنتايىن چىڭ بولۇپ، ئىشىكتىن كىرگەنلەرنى خۇددى جىنايەتچىنى سوراق قىلغاندەك سوراق قىلىپ تىزىملايدۇ. مۇبادا ئەمەلدارلارغا پىكىر بەرمەكچى ياكى سوئال سورىماقچى بولسا، خۇددى چوڭ بىر دۈشمەنگە يولۇققاندەك، دەرھال تۇرۇشلۇق ئىدارىسىگە تېلېفون بېرىپ، مەسىلىنى ئاساسىي قاتلامنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئىتتىرىپ قويىدۇ. بىز ھەمىشە دەرىجە ئاتلاپ ئەھۋال ئىنكاس قىلىش (ئەرز قىلىش)نى ناھايىتى چوڭ خاتالىق دەپ قاراپ، ئۇنداق ئىشلارنى قاتلاممۇ قاتلام توسۇپ، دەرد-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى بېيجىڭ ۋە ئۆلكە مەركەزلىرىگە بارغىلى قويمىدۇق. بۇ ھەقىقەتەن «ئازراق مەنپەئەتلەندۈرۈپ ئاغزىنى تۇۋاقلاش» ئۇستاتلىقى. پۇقرالار نېمە ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئادالەتسىزلىكلەر ئۈستىدىن يۇقىرىغا دەرد-ئەھۋال ئېيتىدۇ؟ تۆۋەندىكى -يەرلىك مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ھەل قىلىپ بەرمىگەچكە، ئاندىن يۇقىرىغا بېرىپ «ئادىللىق»، «ھەققانىيلىق» ئىزدەيدۇ. خەلق مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان دۆلەت مەمۇرلىرى ھال-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى نېمىشقا ئىشىك سىرتىدىلا قايتۇرۇۋېتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن خەلقتىن خۇددى دۈشمەندىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك قاچۇرۇپ، مەسىلىنى ئاساسىي قاتلامنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئىتتىرىپ قويىدۇ؟ ئاساسىي قاتلام ھەل قىلالايدىغان ئىش بولسا، ئۇلار يۇقىرىنى ئىزدەپ نېمە قىلىدۇ؟

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ئالدى بىلەن خەلقنىڭ دەرد-ئەھۋالىغا يېتىپ، خەلق ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم. راستىنلا مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، ئاساسىي قاتلاملاردا زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىش، چىرىكلىشىش ئەھۋاللىرى يۈز بەرمەيتتى. بەزى ئاساسىي قاتلاملاردىكى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلمىشلىرىنى توسالماسلىقنىڭ سەۋەبى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ۋە ئۇلاردىن قورققانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلارنىڭ پىسخىكىسى: سەن ھەرقانچە ھال ئېيتساڭمۇ بەرىبىر چاڭگىلىمدىن قۇتۇلالمايسەن، دېگەندىن ئىبارەت.

بۇخىل پىسخىكىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلار بەزى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ دەرۋازىلىرى تۈۋىدە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، غەزەپ بىلەن ھۆركىرەپ تۇرغان تاش شىر ھەيكەللەردۇر. بۇ تاش شىر ھەيكەللىرى ئەسلىدە فېئودال پادىشاھلارنىڭ پۇقرالارنى قورقۇتۇشى ئۈچۈن كەشىپ قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاغزىنى ئېچىپ، تىرناقلىرىنى كېرىپ تۇرغان ئەجدىھا، قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنى بولسا ئادەم يەيدىغان شىر، يولۋاس، بۆرە، ئىت دەپ ئاتىغان. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ھەممىسى ئادەم يەيدىغان، ئادەمنى قورقۇتىدىغان مەخلۇقلاردۇر. بىراق بىزنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرىمىز-نىڭمۇ دەرۋازىلىرى ئالدىدا ئىككىدىن تاش شىر ھەيكىلى بار. سىز ئۇنى كىمگە خىرىس قىلدۇرماقچى؟ كىمگە ھۆركىرەتمەكچى؟

خېبېي ئۆلكىسى بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدىكى تاش شىر ھەيكەللىرىنى تازىلاش ئېلىپ بارغان. بىراق بەزىلەرنىڭ تاش شىرغا بولغان تونۇشىنىڭ بەك چوڭقۇرلۇقى ھەم چۇياڭ ناھىيىسى مەخسۇس مۇشۇ خىل نەرسىنى ئىشلەپچىقارغاچقا، كېيىن يەنە مەنئىي قىلىش بىكار قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن يەنە تاش شىر قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ھەتتا قول ئاستىدىكى ھەرقايسى ئىدارە، كومىتېت، ئىشخانىلارنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىغا ئىككىدىن تاش شىر ھەيكىلى ئورنىتىپ، دەرۋازىلىرى ئالدىنى زىننەتلىگەن. بۇ، كۆرۈنۈشتە ھېچقانچە ئىش ئەمەستەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى فېئودال كۆز قاراشنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.

ئاغزىنى ئېچىپ، تىرناقلىرىنى كېرىپ تۇرغان تاش شىر ھەيكەلنى دەرۋازا ئالدىغا تىكلەپ قويۇش، ئۇ ئىلغار مەدەنىيەت ئەمەس، بىراق تاش ئويمىنىڭ ئۆزى ئەسلىدىنلا مەدەنىيەت. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا تاش ئويمىلارنى ئورناتسا تامامەن بولىدۇ. بىراق خەلق ياخشى كۆرىدىغان، خەلققە يېقىن ئوبرازلارنى تاللاش لازىمكى، ھەرگىزمۇ خەلقنى قورقۇتىدىغان تاش شىر ھەيكىلى بولماسلىقى لازىم.

---

ۋاڭ خۇڭرېن قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خېبېي گېزىتى» 《河北日报》نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېليەتونلار گېزىتى» 《杂文报》نىڭ 2003-يىل 8-ئاۋغۇست سانىغا بېسىلغان. **ئەسقەر ئەھمىدىي** تەرجىمىسى

# ھەممىسى مۇشۇ ئۆلچەمنى قوللانسىكەن

ئەينى يىللاردا، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «چىنيۈەنچۈن. قار» دېگەن شېئىرى جۇڭگودا ناھايىتى غۇلغۇلا قوزغىغان. لېكىن شۇ ۋاقىتتىمۇ بىر قىسىم تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگۈچىلەر: بۇ شېئىردا

خان-پادىشاھلىق ئىدىيىسى تەرغىب قىلىنغان، دەپ گەپ تارقاتقان. يولداش ماۋ زېدۇڭ يۇقىرىقىدەك پىتنە-پاساتلارغا قىلچىمۇ پەرۋا قىلمىغان، پەقەت مۇنداق بىر جۈملە سۆزلا قىلغان: بۇ دېگەن شېئىر، ئۇنىڭ باشقىچە ھېچقانداق يوشۇرۇن مەنىسى يوق؛ شېئىر بىر خىل سەنئەت شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈرلۈك ۋاستە - ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىدۇ، ئىدىيىنى بىۋاستە ئەمەس، بەلكى ۋاستىلىق ھالدا ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئىدىيە «قېزىپ چىقىرىش»نىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق.

رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزى ناھايىتى ئورۇنلۇق ئېيتىلغان. ھالبۇكى، كېيىنچە بىر قىسىم پىتنە-پاسات تېرىغۇچىلار (ناكەسلەر) مەيلى قانداقلىكى ئەسەرنى كۆرگەن ھامان ئۇنى چەكسىز تۇتقىغا كۆتۈرۈپ، ئۇيەر-بۇيەرلىرىنى مالتىلاپ يۈرۈپ: نېمە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟ نېمە تەرغىب قىلىنغان؟ دەپ سوئال قويغاندا، رەئىس بولغان ئادەم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ھېلىقى ئۆلچەمنى تاراققىدە ئالدىغا قويۇپ، ئۇنداقلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولغان بولاتتى-ھە!

لى شۈيېن قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خېبېي گېزىتى»《河北日报》نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتونلار گېزىتى»《杂文报》نىڭ 2002-يىل 16-ئاۋغۇست سانىغا بېسىلغان. **ئابلىكىم ئابدۇللا** تەرجىمىسى

## دۆلەتنىڭ راۋاجى، فېلىيەتوننىڭ گۈللىنىشى

فېلىيەتوننى ھېكايە، رومان، سەھنە ئەسەرلىرى ۋە كىنوغا سېلىشتۇرغاندا ئۆزگىچىلىككە ئىگە. ھازىر كىشىلەر ئۇرۇشتىن تەمسىل ئېلىشنى ئانچە ياخشى كۆرمەيدىغان بوپقاپتۇ. لېكىن مەن ئۇنداق ئەمەس. تەمسىل دېگەن تەمسىل، تەمسىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككى ئىشنىڭ بىر ئەمەسلىكىنى تازا ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مېنىڭچە، كىنو، ھېكايە ئېغىر تىپتىكى ھەربىي قورال، فېلىيەتون يېنىك تىپتىكى ھەربىي قورال. يېنىك تىپتىكى قورالنىڭ پەقەت فېلىيەتوندىنلا ئىبارەت ئەمەسلىكىدە گەپ يوق. فېلىيەتون يەڭگىل قورال قاتارىدىكى ئاپتومات دەپ قاراشقا مۇناسىپ.

ئېغىر تىپتىكى قورالنىڭ قىرىش كۈچى زور، لېكىن خېلى چوڭ ئاجىزلىقىمۇ بار، چاققان-ئەپچىل ئەمەس. قاچقان جىنايەتچىنى كاتيوشا بىلەن قوغلىغاننى كۆرگەن ئادەم بارمۇ؟ يوق، زادىلا يوق! لېكىن قاچقان جىنايەتچىنى پىلىموت بىلەن قوغلاپ تۇتقان ئەھۋال ناھايىتى كۆپ. فېلىيەتون ئەنە شۇنداق يېنىك قورال. ئەتىگەندە بىرەر ناھەقچىلىك يۈز بەرسە، فېلىيەتونچىلار چۈشكە قالماي قەلەم تەۋرىتىدۇ، گېزىتچىلارنىڭ خۇشى تۇتۇپ قالسا، شۇ فېلىيەتوننى چۈشلۈك ياكى كەچلىك گېزىتكە بېسىپ چىقىرىدۇ، شۇ فېلىيەتون شۇ كۈنىلا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. كىنو شۇنداق قىلالامدۇ؟ ھېكايىنى شۇنداق قىلغىلى بولامدۇ؟ ياق، بولمايدۇ!

بۇلا ئەمەس. فېلىيەتوننىڭ تېخىمۇ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتى بار، ئۇنىڭدا خىيالىي - توقۇلغان نەرسە بولمايدۇ، گەپنىڭ توغرىسى، لوندىسى قىلىنىدۇ. ئۇنى مۇھاكىمە ئەمەس دېيىشكىمۇ بولىدۇ، مۇھاكىمە دېيىشكىمۇ بولىدۇ؛ ئۇ ئويۇن-چاقچاق بىلەن، شېرىن سۆخەن بىلەن، قەھر-غەزەپ بىلەن، لەنەت-نەپرەت بىلەن، خۇددى نەشتەردەك ئۆتكۈر تىل بىلەن مۇھاكىمە قىلىدۇ. چىرىكلىكنى فېلىيەتون بىلەن ئەدەبلىگەندە ناھايىتى تېز ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

فېلىيەتوننىڭ ۋەزىپىسى زاماننىڭ لەنەتگەردىلىكلىرىگە نەشتەر ئۇرۇش. فېلىيەتوننى زاماننىڭ لەنەتگەردىلىكلىرىنىڭ دۈشمىنى دېسەك بولىدۇ؛ شۇنىڭغا ئوخشاش، زاماننىڭ لەنەتگەردىلىكلىرىمۇ فېلىيەتوننى كۆشەندە دەپ قارايدۇ. زاماننىڭ لەنەتگەردىلىكلىرى جان تالىشىپ فېلىيەتونغا جان-جەھلى بىلەن قارشى تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋالمۇ فېلىيەتوننىڭ بەزى يەرلەردە سورۇقچىلىققا قېلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا كېرەك. نەشتەردىن قورقۇشنىڭ ئۆزى كېسەلنى يوشۇرغانلىق. نەشتەردىن قانچىكى قورقسا، جەمئىيەتتە لەنەتكە قالىدىغان ئىشلار شۇنچە كۆپىيىدۇ.

جەمئىيەت فېلىيەتونغا تېخىمۇ كەڭ-كۇشادە مۇھىت يارىتىپ بېرىشى لازىم، قورسىقىنى تېخىمۇ كەڭ تۇتۇشى لازىم. نوتا ھۆل-يېغىن ۋە ئاپتاپ بىلەن ئۆسىدۇ، ياشىرىدۇ، فېلىيەتوننىڭ گۈللىنىشىمۇ ئىجادىيەت ھۆل-يېغىنىغا ۋە ئاپتاپقا موھتاج.

يەنە، ئاخبارات-نەشرىيات ساھەسىمۇ فېلىيەتونغا كەڭ ئورۇن بېرىشى لازىم. شاڭخەيدىكى فېلىيەتونچىلار بۇلتۇر «ۋېنخۇيباۋ گېزىتى. قەلەم سۆھبىتى»دە كەينى-كەينىدىن تولۇق ئىككى سەھىپە فېلىيەتون ئېلان قىلغانىدى، ئۇنى ھەممە ئادەم قىزغىن ئالقىشلاپ: «ۋېنخۇيباۋ گېزىتى» ئوبدان باشلامچىلىق قىلدى، دېيىشتى. ھەممە گېزىتنىڭ قوشۇمچە ئەدەبىيات بېتىدە، دېڭ تورىياسەتچىلىك قىلغان چاغدىكى «خەلق گېزىتى»گە ئوخشاش فېلىيەتون ئېلان قىلىپ تۇرۇلسا بولماسمۇ؟ ئەدەبىيات بېتىنىڭ ھەر سانىدا ئۆكسۈتمەي ئېلان قىلىشقا دەرھال ئىمكان بولمىسا، ئاخبارات-نەشرىيات ساھەسى فېلىيەتونغا كەڭ ئورۇن بېرىشنى كۈنتەرتىپكە بولسىمۇ كىرگۈزۈشى كېرەك.

ئېھتىمال بەزىلەر فېلىيەتون يازغۇچىلىرىنى ئۆزلىرى يازمايۋاتىدۇ، دەپ ئەيىبلەر. ئۇلارنى ئۇنداق ئەيىبلىمەيلى، گەپ بەزى فېلىيەتونچىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن يازمايۋاتقانلىقىنى ئويلىنىپ كۆرۈشتە.

فېلىيەتوننىڭ كۆپىيىشى دۆلەتنىڭ ئامان ھەم پاراۋانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر، سىياسىي جەھەتتە پاكلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. دۆلەت راۋاج تاپسا فېلىيەتون گۈللىنىدۇ.

دېڭ ۋېزى قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى «خېبېي گېزىتى»《河北日报》نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»《杂文月刊》نىڭ 2002-يىل 10-سانىغا بېسىلغان. **توختى باقى ئارتىشى** تەرجىمىسى (M1)



# بىز ئادىللىققا قانداق ئېرىشىمىز؟

ھۆرنىسا مامۇت

«بۆرە بىلەن قوزىچاق»نامىلىق مەسەلدە بۆرە كۈچلۈكلەرگە، قوزىچاق بولسا ئاجىزلارغا تىمسال قىلىنغان. بۇ مەسەلدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۈچلۈكلەر قىلىمەن دېگىنىنى قىلالايدۇ. قەدىمدىن بۈگۈنگىچە كىشىلەر يۇقىرىقى رېئاللىقنىڭ تەمىنى تەكرار تېتىغاچقا، كىشىلەر ئارىسىدا بۇ خىل قاراش ئومۇملىشىپ، قوزىچاقتەك «يېيىلىپ كېتىش»ۋەھىمىسى ئارقىسىدا كۈچلۈكلەر بىلەن قارشىلىشىشقا پېتىنالماي كەلگەن. كىشىلەر مانا مۇشۇنداق قورقۇنچاقلىق تۈپەيلى يولسىزلىقلارغا سۈكۈت قىلىدۇ-دە، كۈچلۈكلەرنىڭ يولسىزلىقى يوللۇق بولىدۇ. ئاۋام گەرچە ۋەھىمىدىن كېلىپ چىققان ئىتائەت تۈپەيلى نىسپىي تىنچلىققا ئېرىشسىمۇ، باشتىن-ئاخىر «يېيىلىپ كېتىش» خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ.

ئاۋام نەزەرىدىكى كۈچلۈكلەر نېتىزىي تىلغا ئالغان كۈچلۈكلەر بولماستىن، بەلكى مەلۇم دائىرىلىك تەخسىملەش ھوقۇقىنى قولدا تۇتۇۋالغان ھوقۇق - مەنسەپ ئىگىلىرىدۇر. چۈنكى، مەيلى قانچىلىك چوڭ ياكى كىچىك ھوقۇق تۇتمىسۇن، ئۆزىنىڭ مەلۇم دائىرىلىك نوپۇزى ۋە ھەيۋىسىگە تايىنىپ، شۇدائىرىدىكى ئاۋامنىڭ تۇرمۇشىدا تۈرلۈك داۋالغۇش ۋە ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلالايدۇ. قاپاق تۈرۈش، ھومىيىپ قاراش بىلەنمۇ ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىپ، يۈرىكىنى پوكۇلدىتالايدۇ. چۆمۈچلىرىدىكى نېسۋىلەرنى پەش قىلىپ، نى-نى سالاپەتلىك ئوبرازلارنى خۇنۇكلەشتۈرەلەيدۇ. كىشىلەرنى تاپ تالاشقان ئىتلاردەك بىر-بىرىگە خىرىلارچە ھۆرپەيتەلەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە مەنسەپ خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش بەدىلىگە بېرىلگەن ھوقۇق ۋە ئىشەنچ بولۇپ، ئۇ، بۇ ھوقۇق ئىگىسىدىن خەلققە جاۋابكار بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاۋامنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان جاۋابكارلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى ھوقۇق ئىگىسىنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈيلەپ ۋە ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ھوقۇق بۇ خىل نازارەتتىن ئايرىلسا، مەنپەئەت، شۆھرەت تەمەسىدە ھوقۇق تۇتقانلار مۇنبەت زېمىنغا ئېرىشىدۇ. گويا ئىبلىس ئەگۈشتەرگە ئىگە بولغاندەك بىر ھالەت روي بېرىدۇ. ئېزگۈلۈكتىن ئايرىلغان ھوقۇق مۇستەبىتلىككە يول ئېچىپ، ئادالەت جەھەتتە بىلىمسىز ۋە تۈرلۈك روھىي زەئىپلىككە دۇچار بولغان كىشىلەرنى روھىي قۇللارغا ئايلاندۇرالايدۇ. قۇللۇق ئاۋام روھىغا ئورناپ كەتكەن مۇھىتتا، ئاۋامنىڭ ھوقۇقى خالىغانچە دەپسەندە قىلىنىدۇ، ئۆكتەملىك، زوراۋانلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ، ئەقەللىي ئىشلاردىمۇ ئادىللىق ۋە دېموكراتىيىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق رەزىل ۋە ئىپلاس مۇھىتتا ئاۋامنىڭ ئادالەت تەلەپ قىلىدىغان ۋىجدانى ئۆلگەن بولىدۇ.

ئەگەر بىر دۆلەتنىڭ قانۇنى ئادىللىقنى چىقىش قىلغان بولسا، بۇ شۇ دۆلەتتىكى ئاۋام تۇرمۇشىدا ئادىللىقنىڭ يىلتىز تارتقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. قانۇندا بەلگىلەنگەن بۇ ئادىللىق بىر ھاكىمىيەتنىڭ غايىسى سۈپىتىدە تېخى رېئاللىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن ئادىللىق بولۇپ، قەغەز يۈزىدىكى بۇ ئادىللىق ئاۋامنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى، ھۆرمىتى ۋە ئۇنى رېئاللاشتۇرۇش جەريانىدىكى ئەمەلىي ئىزدىنىشلىرى ئاساسىدا غايە ھالىتىدىن رېئاللىششقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. ئاۋام ئۈمىدىنى پەقەت قانۇنغا باغلاپ، ئۇنى ئۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەقىقىي مەنىگە ئىگە قىلمايدىكەن، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ

ھەقىقىي ئىچكى تەلەپلىرىگە، ياشاش تەلىپىگە ئايلاندۇرمايدىكەن، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىمۇ ئىشقا ئاشمايدۇ. ئاۋامنىڭ ئادىللىقتا بولغان ئىنتىلىشلىرىمۇ قۇرۇق گەپ بوپقالىدۇ.

ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ھوقۇق ئىگىلىرىنىڭ مۇستەبىتلىكى، چىرىكلىكى ۋە ئۆز بېشىمچىلىقى ھەققىدىكى شىكايەتلىرى دائىم ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ھەممەيلەن شىكايەت قىلالايدۇيۇ، ھېچكىم ئۆز ھوقۇقى ۋە ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان كوللېكتىپنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇ تەرىقىدىكى «سۆزگە ماھىر، ھەرىكەتكە ناقىس»لىق تۈپەيلى ئارىمىزدا «قەھرىمانلىق بىلەن قۇربان بولغانلاردىن كۆرە، تەنتەكلىك بىلەن دەپنە قىلىنغانلار كۆپ» (ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن). كۈنلەرنىڭ بىرى ئارىدا چۈس مىجەز بىراۋ ئادالەت دەۋاسى قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقسا، تەقدىر-قىسمەتتە ئورتاقلىق بولسىمۇ، تەقدىرداشلار ئارا ئىتتىپاقداش چىقماي يېتىم قالىدۇ. «تەقدىرداشلار» شەرمەندىلىك دىپلوماتىيىسىنى ئىشقا سېلىپ، «سۇنىڭ ئېقىشى، تۈكنىڭ يېتىشى»غا قاراپ ئىش تۇتىدۇ. بۇنى ھوقۇقدارلارغا خۇشامەت قىلىش، خىزمەت كۆرسىتىشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى بىلىپ، ئۆز پېتىنلىرىگە خەقنىڭ ماركىسىنى چاپلاپ، ئاقنى قارا قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئىت مىجەز مۇناپىقلارمۇ چىقىپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقىبى ھوقۇق ئىگىلىرى تېخىمۇ كۆرەڭلەپ تېرىسىگە سىغماي قالىدۇ.

ئاۋامنىڭ ئۆز كىشىلىك قەدىرىيىتىگە بولغان مەسئۇلىيەتسىزلىكى ۋە كەلگۈسىگە بولغان بىپەرۋالىقى ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە خورلۇق ۋە ھاقارەت تامغىسىنى باسىدۇ. ئاۋامنىڭ دېموكراتىيە ۋە ئادىللىق تەلەپ قىلىدىغان ۋىجدانى ھالاك بولىدىكەن، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن سەلتەنەتلىك پۈتۈكلەر ۋە قەھرىمانلارمۇ ئۇلارغا ياردەم بېرەلمەيدۇ، بەلكى ئۇلارمۇ بارا-بارا ئاۋام روھى بىلەن پاراللېل ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.

كىشىلەر ئادىللىقتا ئىنتىلىدىكەن، ئۇنى قانداقتۇر پۈتۈكلەردىن، نوپۇز ئىگىلىرىنىڭ شاپائىتىدىن ئىزدىمەستىن، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ھەققانىيەتكە بولغان مۇھەببەت ۋە بۇ مۇھەببەت تۈرتكىسىدە روياپقا چىققان مەردانە ھەرىكىتىدىن ئىزدىشى كېرەك. ئادىللىقتا ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەقىقەت رەزىللىك بىلەن چىقىشالمايدۇ. روھتىكى رەزىللىك، زەئىپلىك، قۇللۇق يوقالماي تۇرۇپ، ئادىللىقتىن ئۈمىد كۈتۈش تاش ئىلاھلاردىن يامغۇر تىلىگەندەكلا بىر ئىش. ئاۋامنىڭ ھەقىقەت ۋە ئادالەت جەھەتتىكى بىلىمسىزلىكى ئاۋام روھىدىكى قۇللۇق زەنجىرىنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ، قەھرىمانلار قۇربانلىقلارغا ئايلىنىدۇ. دېموكراتىيە ۋە ئادىللىق ئاۋامنىڭ ئومۇمىي تەلىپىگە ئايلانغاندا، كۆز ئالدىدىكى نىسپىي خاتىرجەملىكنى ئەمەس، ئۇزاق مەزگىللىك ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەيدىغان ھەقىقىي پىداكارلار ئۈزۈلمەي بارلىققا كەلگەندە دېموكراتىيە ۋە ئادىللىق ئاۋام تۇرمۇشىغا ئاستا-ئاستا سىڭىپ كىرىشكە باشلايدۇ. بىلىش كېرەككى، بىزنىڭ ئادىللىقتىن قانچىلىك بەھرىمەن بولۇشىمىز، ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك پىداكارلىق كۆرسەتكەنلىكىمىز بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ.

ئادىللىق ئۈچۈن بېسىلغان قەدەمدە ئوخشاشلا غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەت مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. بىز بۇ ھەقتە گەپنى ئۇزارتىپ ئولتۇرمايمىز، پەقەت ھەققانىيەت ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان بىرخىل روھنى تەكىتلەيمىز. كىشىلەرنىڭ روھىغا قۇللارچە ئىتائەت ئورناپ كەتكەن مۇھىتتا بۇ خىل روھ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ تۈن قاراڭغۇسىدا ئېقىپ ئۆتكەن يورۇق يۇلتۇزلاردەك كىشىلەر قەلبىدە يورۇق ئىزلارنى قالدۇرالايدۇ.

2004-يىل 3-يانۋار، پەيزاۋات

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى (M2)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت

بۇ سانىنىڭ تېخرېداكتورى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت



# ھەقىقەت ئېگىلمەيدۇ

مەتتۇرسۇن ئوسمان

مېنىڭ نەزەرىمدە ھەقىقەت ئېگىلمەيدۇ. ئەگەر ھەقىقەتنى «ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ» دېسەك، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ سۇندۇرۇۋەتمەي ئېگىپلا پايدىلانغىلى بولۇدىغان نەرسىلەردىن ھېچقانداق پەرقى قالمايدۇ. ئۈجمە پىشقاندا باللار ئۈجمىنىڭ شېخىنى ئېگىپلا ئۈجمىسىنى يەۋالىدۇ، ئېگىلگەن شاخ قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن ئەسلىگە كېلىدۇ. كىشىلەر مەجنۇنتالنى ئېگىپ زوقلىنىدۇ. ئەمما ئۇ سۇنۇپ كەتمەيدۇ. كىشىلەر ئۆز ئىرادىسىگە تەمسىل قىلىۋالغان پولاتنى ئېگىپ خالىغانچە پايدىلىنىدۇ. ئۇسسۇل ئەۋجىگە چىققاندا قىزلارنىڭ نازۇك بەللىرى ئېگىلىپ تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئەمما ئېگىلگەن بەل سۇنۇپ كەتمەيدۇ. ئومۇمەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىق، جانسىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئېگىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قالىدۇ. بۇگۈنكى كۈندە ئېگىلىش قانۇنىيىتى شەخسىي تۇرمۇشتىن جەمئىيەتنىڭ چوڭ-چوڭ ئىشلىرىغىچە كېڭەيگەن. ئېگىلگۈچى ۋە ئەگكۈچىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى پايدا ئېلىش بولۇپ، ئېگىلىشمۇ، ئېگىشمۇ شەرتلىك، ۋاقىتلىق بولىدۇ، ناۋادا زەربە ئېغىر بولسا، ئېگىلگەن نەرسە چوقۇم سۇنۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ھەقىقەت ئېگىلمەيدۇ، سۇنمايدۇ. ئۇ مەجنۇنتال، قىز ياكى پولات ئەمەس، ئۇنى ھېچكىم ئۆز ئىرادىسىگە ئاساسەن ئېگەلمەيدۇ. ئۇ ھېچقانداق بېسىمغا، زۇلۇمغا باش ئەگمەيدۇ.

ھەقىقەت ئېگىلمەيدۇ. ئېگىلىش تىز پۈكۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر سوقرات ئازراقلا ئېگىلگەن بولسا، ئۇغا ئىچمەي جېنىنى ساقلاپ قالغان بولاتتى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى خرىستىئان مۇرتىلىرىنىڭ جاھالەت زەنجىرلىرى بىلەن باغلانغان ياۋروپا ئالىملىرى دىنىي جەمئىيەتلەرگە ئېگىلىپ ئىلمىي نەزەرىيىلىرىدىن ۋاز كەچكەن بولسا، دەھشەتلىك ئۆلتۈرۈلمەيتتى. گۇمانىزمچى پەيلاسوپ مەنسۇر ھەللاجى ئاباسسىيلار خەلىپىسىگە ئېگىلگەن بولسا دارغا ئېسىلمىغان، جەسىتى كۆيدۈرۈلمىگەن، كۈلى سورۇۋېتىلمىگەن بولاتتى.

ھەقىقەت ۋە ھەقىقەت ئىگىلىرى مەڭگۈ ئېگىلمەيدۇ، ئەگەر «ھەقىقەت ئېگىلەر، سۇنماس» نەزەرىيىسى بويىچە چۈشەندۈرۈلسە، باشقىلارمۇ شۇنداق قوبۇل قىلسا، ھەقىقەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ھەقىقەتكە ئېرىشكىلى بولمىغاندا نېمىنى قوغداشنى، نېمىگە قارشى تۇرۇشنى ئاڭقىرغىلى بولمايدۇ. ئادەم ئېگىلىدىغان، سۇنمايدىغان نەرسىلەرگە ئوخشاپ قېلىپ، بېسىمغا ئۇچرىسا ئېگىلىدىغان، ئۇچرىمىسا رۇسلىنىدىغان، جاھاننىڭ رەپتارىغا بېقىپ ياشايدىغان بوپقالىدۇ.

2003-يىل 20نويابىر، شەھىرى خوتەن

---

ئاپتور: «خوتەن گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە (M2)



# بىزگە نېمە كېرەك؟

## ئەختەم ئۆمەرنىڭ «كېچىنىڭ كۆزى» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى ئەگەشمە ئويلار

ساۋۇتجان ئابدۇقادىر

ئاقىللار : «يازغۇچى ـ دەۋرنىڭ ۋىجدانى» دېيىشىدۇ .دۇرۇس ، ھەقىقىي يازغۇچى دەۋرنىڭ ۋىجدانى بولۇپلا قالماي ،ۋىجداننى يوقاتقانلارنى قۇتقۇزغۇچى ،تەپەككۇر ئەھلىنىڭ ئەقىل ئاسمىنىنى يورۇتقۇچىلاردۇر . بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991-يىل 6-سانىدا يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «كېچىنىڭ كۆزى» ناملىق ھېكايىسى ئېلان قىلىنغانىدى . گەرچە بۇ ھېكايە ئەينى چاغدىكى ئوبزورچىلار تەرىپىدىن قانداقتۇر «ئىزم» قەسىرىگە بەنت قىلىنىپ ، شۆھرەت تاجىنى تاقاشقا مۇيەسسەر بولالمىغان بولسىمۇ ، شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىخلىنىۋاتقان (ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا ئومۇملىشىپ قالغان ) بىر يارىماس ھالەتنى مۇبالىغە ـ كۆپتۈرۈشتىن ، ئۇپا-ئەڭلىكتىن خالىي ھالدا سىدام ، ئەمما تولىمۇچىن ھالەتتە تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى . ئەينى چاغدا بۇ ھېكايىنى ئوقۇپ ،ھېكايە پېرسوناژى شەۋكەتتىكى خۇش زۇۋانلىق ،ناتىقلىق كاللامغا چوڭقۇر تەسىر قىلغان بولسىمۇ ، ھېكايە ئاخىرىدىكى كەيپىياتىم باشتىكى بىلەن ئوخشىماي قېلىپ ، ئۆزۈمدە نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى غۇۋا ھېس قىلغانىدىم .

بىر دانىشمەن : «بىر ئادەمنىڭ ماھىيىتى ساختا ئايان بولغان تەرىپىدە ئەمەس ، بەلكى ساختا ئاشكارا بولمىغان تەرىپىدە» دېگەنىكەن .ھېكايىدىكى شەۋكەت دوختۇرخانىنىڭ ئادەتتىكى بىر كاسىسىرى بولسىمۇ ، ئۇ توختىماي مىللەت ھەققىدە ،تارىخ ھەققىدە ،ئەخلاق ھەققىدە سۆزلەيدۇ .مىللەتتىكى ئىللەت ، ئەخلاقسىزلىق ،يۇرتۋازلىق ،ئىناقسىزلىق ، ئالدامچىلىق ،ۋىجدانسىزلىق ، خۇشامەتچىلىك ھەققىدە خۇددى يېقىن بىر كىشىسى تەرىپىدىن تۆھمەتكە ئۇچرىغان كىشى ئاچچىق بىلەن سۆزلىگەندەك بوغۇلۇپ ، تېلىقىپ ،كېسىلىپ ، كۆپۈپ سۆزلەيدۇ . كىملەرنىدۇر قارغاپ ،كىملەرنىدۇر تىللايدۇ .

مىللەتنىڭ چۈشكۈن ھالىتىگە قاراپ ئېچىنىپ ، مىللەتنىڭ يوقىلىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ . ئۇ ئاشۇ گەپلىرى بىلەن كىشىگە خۇددى ئەرشتىن چۈشكەن پەرىشتىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ .لېكىن بۇ «پەرىشتە» ، مىللىي روھ ،مىللىي ئەخلاقنى ساقلاپ قېلىش يولىدا ماقالە يېزىپ تەسىر قوزغىماقچى بولغان بۇ «مىللەتپەرۋەر» ئۆزىنىڭ ئەخلاق ،ساداقەت ھەققىدىكى باياتلىرىغا يات ھالدا ،ھالاللاپ ئالغان ئايالى ۋە ئوماق باللىرى بار تۇرۇقلۇق ،بىلىقىزدىن ئىبارەت تۇرمۇش قارىشى ئۆزگىچە ،بولۇپمۇ شەۋكەتنىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا ئەنئەنىمىزگە يات قاراشقا ئىگە بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ ، مۇھەببەتلىشىدۇلا ئەمەس ، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى ، مىللەتنى ، مىللىي روھنى قۇتقۇزۇشنى تەكىتلەيدىغان بۇ «مىللەتپەرۋەر» ماشىنا سوقۇۋېتىپ ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان ،پۇلى ئۆيدە قېلىپ ، دەررۇ پۇل تۆلەشكە ئامالى بولمىغان بىر بىچارە كېسەلنىڭ شۇنچە نالە-پەريادىغا قۇلاق سالماي ، پۇل تۆلىمىگەننى باھانە قىلىپ بىر بىگۇناھ مىللەتدىشىنى ، يەنە كېلىپ ئاغزىدىن كۆپۈك قايناتقۇچە سۆزلەپ غېمىنى يەيدىغان بىر مىللەتدىشىنى دوختۇرخانىغا ئالماي ، ۋاقىتسىز ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ . ھېكايىنىڭ ئەڭ تراگكومېدىيىلىك يېرى شۇكى ، مىللەت ھەققىدە توختىماي قۇرۇق گەپ سېتىشتىن باشقىسى قولىدىن كەلمەيدىغان بۇ «مىللەتپەرۋەر» ئۆز نەزەرىدە «ئىدىيىسى چىرىپ كەتتى» دەپ ھېسابلىغان ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە قارىغاندا «ئەركەك مىجەز» رەك بولغان بىلىقىزغا يەنە ئەخلاق ھەققىدە دەرس ئۆتمەكچى بولىدۇ . . .

دەر ھەقىقەت ،ھازىر دەۋر ئۆزگەردى . ھېكايىدىكى شەۋكەتتەك پاساھەتلىك سۆزلەرنى قىلىپ كىشىنى ئۆزىگە رام قىلالايدىغانلارنى ئۇچرىتىش ئەمدى ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس . بۇرۇن مۇنداقلار زىيالىيلار قاتلىمىدىنمۇ كەم تېپىلىدىغان بولسا ، ھازىر ياغاچچى ـ تۆمۈرچى ،كادىر-دېھقان ،قاسساپ-سودىگەر . . . ھەتتا ئوغرى-يانچۇقچى ،جالاپ-پاھىشىلەردىنمۇ ، ئىشقىلىپ ،ھەرساھە ،ھەر كەسىپتىن تېپىلىدۇ . ناۋادا

بۇلارنى يالغان دېسىڭىز ، ئەقەللىيسى بىر سائەتلىك دەرسنى تۈزۈك ئۆتمەي تۇرۇپ مىللەتنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيلەش ھەققىدە گەپ سېتىۋاتقان نائەھلىلەر ؛ئاغزىدا روزى سايىتنىڭ شېئىرلىرىنى يادلاپ ، ئەمەلدە دېھقانلارنى شىلىپ يەۋاتقان تۈزكورلار ؛قورسىقىدىكى ئۆماچنىڭ تايىنى يوق ، كۈندۈزى خۇداغا ،كەچتە ماركسقا باش ئۇرۇۋاتقان ئىمانسىزلار ؛كەتمەن چېپىش ، ئىش-ئەمگەك قىلىشنى نومۇس ھېسابلاپ ، ئاتالمىش «غۇرۇر»نى ساقلاش ئۈچۈن لالما ئىتتەك خارلىنىشقا شۈكۈر قىلىۋاتقان ماڭقۇرتلار مانا بۇنىڭ مىسالى بولماي نېمە؟ . . .

ھېس قىلىشىمچە ، ئەجدادلىرىمىز ھالاللىقنى جېنىدىن ئەزىز كۆرۈدىغان ،دېگىنىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئىگە ئىدى . شۇڭا ئۇلاردا ھازىرقىدىكىدەك «ھەممىنى بىلىدىغان ،كۆلگە سىيىدىغان»لار ئەمەس ، «ھەممىنى بىلىدىغان ،قۇربى يەتكۈچە قىلىدىغان»لار كۆپ ئىدى . شۇڭا ئۇلار ئەجدادلىرىغا تىك قارىيالايتتى ،بېشىنى مەغرۇر تۇتالايتتى .شۇڭا ئۇلاردا شېئىر يازغاندا ھېسسىياتلىنالماي خوتۇنىنىڭ دۇمبىسىگە دەپتىرىنى قويۇپ ، ئابروي تەمەسىدە يازىدىغانلار ئەمەس ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي ، مەمتىلى ئەپەندىلەردەك ئىسسىق قېنىبىلەن شېئىر يازىدىغانلار كۆپ ئىدى . شۇڭا ئۇلاردا بىزدىكىدەك ئاغزىدا «مىللىي قەھرىمان» بولۇۋېلىپ ، ئەمەلدە دۈشمەن تۇغۇل ،باشلىقى چىڭراق ۋارقىراپ قويسا ئىشتىنىغا سىيىۋېتىدىغانلار ئەمەس ، نازۇكۇم ، سادىر پالۋاندەك شىر يۈرەك ئەزىمەتلەر كۆپ ئىدى . شۇڭا ئۇلار ئىمان ـ ئېتىقادنىڭ مەنىسىنى بىلەتتى . دىلىدا بىلىپلا قالماي ، ئەمەلدە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتەتتى . شۇڭا ئۇلار مۇشۇ سۈپەتلىرى بىلەن ھەقىقىي مۇسۇلمان ئىدىكى ، بىزگە ئوخشاش ئىچىپ-چېكىپ ، ئەخلاقسىزلىق ، ۋىجدانسىزلىق قىلىپ تۇرۇپمۇ «ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانمەن» دەيدىغان پەسەندىلىكتىن خالىي ئىدى .

ئابدۇقادىر جالالىدىن بىر ماقالىسىدا : «بىز ئويلىنىشقا ئەھمىيەت بەرسەكلا مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپالايمىز ، ئىدىيە بىلەن ھەرىكەتنىڭ ئارىلىقى يىراق ئەمەس» دېگەنىدى .بەلكىم بۈيەردىكى ئىدىيە ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتىرىلگەن ،ياسالمىلىق ،رىياكارلىقتىن خالىي ئىدىيە بولسا كېرەك . ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن ، ھەرىكەت بىلەن بىرلەشمىگەن ھەرقانچە گۈزەل ،ئۇلۇغۋار ئىدىيىمۇ قۇرۇق گەپكە ئايلىنىدۇ . مۇشۇ مەنىدىن قىلىپ ئېيتقاندا ، بىزگە ھازىر ئەڭ كېرەكلىك بولغىنى قانداقتۇر ئۇلۇغۋار ئىدىيىمۇ ئەمەس ، بەلكى ئاشۇ ئۇلۇغۋار ئىدىيە يولىدىكى پىداكارلىق ،ھالال ئەمگەك قىلىش روھىدۇر . ئېسىمىزدە بولسۇنكى ، «تىرىشچان كىشىنىڭ تۆككەن تەرى قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغۇچىنىڭ تۆككەن يېشىدىن قىممەتلىك .»

2003-يىل 18-سېنتەبىر ،كونىشەھەر ـ ئاۋات

ئاپتور : كونىشەھەر ناھىيە ئاۋات يېزا ياز بېشى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى(M2)

* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

# تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك :

1 .ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم-فامىلىسى ،كەسپى ، ئادرېسىنى ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى ،ئالاقىلىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك .

2 .ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە-ئىش قەغىزىگە قۇر ئارىلىقى كەڭ ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك . بەتنىڭ ئاستى-ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئاق تاشلانمىغان ،ئالدى-ئارقىسىغا يېزىلغان ،پۇچۇركىسى سەت ،ئىملاسى خاتا ، قۇرئارىلىقى زىچ ، سۆز-جۈملىلەر گراماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ؛كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش شەرت ئەمەس .

3 .ئەسەرلەردە ئېلىنغان ستاتىلارنىڭ ئاپتورى ،بېسىلغان كىتاب ،گېزىت-ژۇرناللار ،مەزكۇر كىتاب ،گېزىت-ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى ، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق ، توغرا-ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك . مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ .

4 . تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە ، نەشر قىلغان گېزىت-ژۇرنال ، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى ، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇشى كېرەك . بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ .

ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# دىلئارام قۇربانغا خەت

گۆھەر ھەمرا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سىڭلىم دىلئارام ، سالامەتمۇسىز ؟ ئالىي مەكتەپ ھاياتىڭىز كۆڭۈللۈك ، ئۆگىنىشىڭىز ئۇتۇقلۇق كېتىپ بارامدۇ ؟

مەن بۈگۈن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004-يىل 1-سانىدىن «قەدىمىي شەھەردە ئويلىغانلىرىم . . . » دېگەن ماقالىڭىزنى ئوقۇپ تولىمۇ ھاياجانلاندىم . سىزنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 4-سانىدا بېسىلغان «سارىس ۋە بىز» دېگەن ماقالىڭىزدىن قوزغالغان خىياللىرىم تېخى تۈگىمەستىنلا ،ھاياجانلىق پىكىرلەر ئۆزىگە ئەسىر قىلىشقا باشلىدى . كىچىكىمدىنلا ئاپام ۋە تاغىلىرىمنىڭ تەسىرىدە كىتابخۇمار بولغانلىقىمدىن ، ئۇزۇندىن بېرى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ، «تەڭرىتاغ»ۋە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»قاتارلىق ژۇرناللارنى ياقتۇرۇپ ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن . بەزىدە تەسىرلىك ماقالىلەر ئۈچۈن ياش تۆكسەم ،بەزى ماقالىلەر ئۈچۈن ئويلىنىپ نەچچە كېچە ئۇخلىيالمايمەن . قەلبىنۇر مىجىتنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 5-سانىدىكى «دادام تاپقان ئۇن يۈەن»دېگەن ماقالىسىنى ياش تۆكۈپ ئوقۇپ ئولتۇرسام ،ئىككى قىزىم يىغامنىڭ سەۋەبىنى تەڭلا سوراشتى . ئادەم ھاياجانلانغاندا سۆزمۇ قىلالمايدىكەن .ئاخىرى ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئېيتىپ بەرسەم چوڭ قىزىم ھەيرانلىق بىلەن :«ئاپا ،بۇ راستمۇ ؟ بىز ئۇيغۇرلاردا مۇشۇ كۈنلەردە ئون يۈەنمۇ تاپالمايدىغان ئىش بارمۇ ؟ »دەپ سورىدى . بۇ سوئالنى جاۋابسىز قالدۇرغۇم كەلمەي ،ئەتراپىمىزدىكى ئىشلارنى قوشۇپ سۆزلەپ بەردىم . خىيالىم ئاللىقاچان قەلبىنۇرنىڭ يۇرتىغا قاراپ ئۇچۇپ كەتكەنىدى .

سىڭلىم دىلئارام ،شىئەندە بىلىم ئېلىش داۋامىدا يوقاپ كېتىۋاتقان ،ئىزدەشكە تېگىشلىك بەزى قەدىمىي ئەنئەنىلىرىمىز ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدىكى مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ قەلەم تەۋرەتكەنلىكىڭىز ئالقىشلاشقا تېگىشلىك خاسىيەتلىك ئىش . سىزگە ئوخشاش خەلق ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە تىنىمسىز ئويلانغان ياشلارلا بىزنىڭ كېلەچىكىمىز بولالايدۇ . ئەجدادلارنىڭ ئۈمىد گۈلخانلىرىنى سىلەردەك شىجائەتلىك ئەۋلادلار قايتىدىن يالقۇنلىتىسىلەر .ئەسەرلىرىڭىزدىن گەرچە تېببىي ئىلىمدە ئوقۇۋاتقان بولسىڭىزمۇ ، ئەمما روھىيەتكە ئالاقىدار بولغان پەلسەپە ،تارىخ ،ئەدەبىيات قاتارلىق ئىجتىمائىي پەنلەرگىمۇ ئوتتەك ئىشتىياقىڭىز بارلىقى ھەم مۇشۇلار ئۈستىدىمۇ قېتىرقىنىپ ئىزدىنىۋاتقانلىقىڭىز چىقىپ تۇرىدۇ . خەلقىمىزنىڭ روھى ھەم جىسمى ئوخشاشلا داۋاغا موھتاج .ھەر ئىككىلىسى خەلقىمىز ئۈچۈن مۇھىم . سىزدە بۇ ئىككى تەرەپنىڭ مۇجەسسەم ھالىتىنى كۆرگەندەك بولدۇم . تىرىشىڭ سىڭلىم ! بىر قولىڭىزدا ئوپېراتسىيە پىچىقى ،يەنە بىر قولىڭىزدا قەلەم ئوينىسا ،بۇ نەقەدەر كاتتا ئىش-ھە ! يەنە كېلىپ بۇ ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ . سىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىسىز . ئالىي مەكتەپ بىر قايناق دۇنيا .بىر چاغلاردا مەندىمۇ شۇنداق ئارمانلار بولغان . (مەن 1882-يىلى شىنجاڭ تېببىي ئىنىستىتۇتى دورىگەرلىك فاكۇلتېتىنىڭ تۇنجى مىللىي سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان ) .ئالىي مەكتەپ ھاياتى بەك كۆڭۈللۈك ، بەك قىسقا بولىدىكەن . ماقالىڭىزدىن سىزنىڭ ئەستايىدىل ،غايىلىك ، كەلگۈسىگە تولىمۇ ئۈمىدۋار قارايدىغان ئىرادىلىك قىز ئىكەنلىكىڭىز چىقىپ

ئانا قەلبى

تۇردۇ. سىزگە ئاپىرىن!

ماقالىڭىزنىڭ مېنى شۇنچىلىك ھاياجانلاندۇرغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مىللىي ئەنئەنىمىزنى قوغداش ۋە بايقاش توغرىسىدىكى پىكىرلىرىڭىز ھەقىقەتەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىكەن. مەن ئادەتتە مەتتىمىن ھوشۇر، ئابدۇقادىر جالالىددىن، ئەختەم ئۆمەر، ھاجى قۇتلۇق قادىرى، يالقۇن روزى ۋە جالالىددىن بەھراملارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپرەك ئوقۇيمەن. ئاشۇ ئەدىبلىرىمىز بىلەن خىيالىي مۇڭدىشىپ كېتىمەن. سىزنىڭ ماقالىڭىزنى كۆرگەندىن كېيىن سىزگە مۇشۇ ئوچۇق خەتنى يېزىش قارارىغا كەلدىم.

سىڭلىم، سىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە قىلغان خىياللىرىڭىز مەندىمۇ ئوخشاشلا «مىللىي ئۆرپ - ئادىتىمىز يىراق يېزا-سەھرالار ۋە ئېتنوگرافىيە مۇزېيلىرىدىلا، سەھنىلەردە ۋە كۆرگەزمىلەردىلا ساقلىنىپ قالارمۇ؟ ئەۋلادلىرىمىزغا شالغۇتلىشىۋاتقان مەدەنىيەتتىن ئۆزگە يەنە نېمىلەرنى قالدۇرارمىز؟» دېگەنگە ئوخشاش ئازابلىق سوئاللارنى تۇغدۇردى. 40 يىللىق ئۆمرۈمنى خۇلاسىلاپ شۇ يەكۈنگە كەلدىمكى، بۇ مەسىلىدە يەنىلا خانىم-قىزلىرىمىز ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىكەن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «جەننەت ئانىلار ئايىغى ئاستىدا» دېگەن ھەدىسىنىڭ مەنىسى سۆزىمىزنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. ئانىلارنىڭ ساپاسى ياخشىلانمىسا مىللىتىمىزنىڭ ساپاسىدىن سۆز ئېچىش تەس.

ئەسلىدىنلا ھەشەمەتلىك توي-نەزىرلەر ۋە ئاپەت خاراكتېرىدە يامراۋاتقان قاتار جايلار بىلەن ئالدىراش يۈرگەن سانسىزلىغان قىز-ئاياللار سىزدەك ئويلانغان بولسا، ھېچبولمىسا سىز يازغان ئاشۇ ماقالىنى ئوقۇپ قويغان بولسا، مىللىتىمىزنىڭ ساپاسىدا خېلىلا ئىلگىرىلەش بولغان بولاتتى. چۈنكى بىز رېستوران رىقابىتىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. بىز يۈزلىنىۋاتقان رىقابەت شۇنچىلىك رەھىمسىزكى، ئۇنى تەسۋىرلەپ بولماس. مۇشۇنداق پىكىرلەر ناھايىتى نۇرغۇن ئاياللىرىمىز ۋە سىزگە ئوخشاش ئالىي ياشلارنىڭ كاللىسىدا بولۇشى لازىم ئىدى.

قەدىرلىك سىڭلىم، ماقالىڭىزدا ئېيتىلغاندەك، ئاياللاردىكى ساپا - بىر مىللەت ساپاسىنىڭ بارومېتىرى. ئاياللاردىكى خار-زەبۇنلۇق شۇ ئاي - شۇ كۈنلەردە بىزنى قايەرلەرگە باشلاۋاتىدۇ؟ سىزگە ئوخشاش تىرىشچان ياشلار ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا زادى قانچىلىك؟ ئالدىن كۆرەر زىيالىيلىرىمىز بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئاجايىپ ئېسىل ئەسەرلەرنى يازدى، يېزىۋاتىدۇ. ئۇنى ئوقۇيدىغان خانىم - قىزلىرىمىز قىرائەتخانا - كۇتۇپخانىلاردا ئاز، رېستوران، ئىشرەتخانىلاردا مىغ-مىغ. ساۋاتسىز ئائىلە ئاياللىرى بولسىغۇ مەيلى ئىدىغۇ؟ ئۆزىنى زىيالىي ساناپ، ئالىي مەكتەپ پۈتتۈردۇم دەپ يوغان سۆزلەيدىغان نى-نى خانىملار ۋە ئاياللارنىڭ ئۆيلىرىدىن ھەر ئېسىل گىرىم بۇيۇملىرى تېپىلىدۇكى، كىتاب جازىسى تېپىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشكاپلىرىغا چەت ئەللەرنىڭ داڭلىق كىيىملىرى پاتىدۇ-يۇ، ئەمما كىتابقا ئورۇن يوق.

بىر كۈنى ئىدارەمدە كىتاب كۆرۈۋاتسام، بىر ياش زىيالىي ئانا كىتاب مۇقاۋىسىدىكى ئەختەم ئۆمەرنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ: «بۇ قايسى سەنئەتچى؟» دەپ سورايدۇ. مەن دەررۇلا: «ئەل سۆيگەن يازغۇچىمىز ئەختەم ئۆمەرنىمۇ تونۇمامسىز؟ مەن ئۇنى ئەل ھۆرمەتلەيمەن» دەپ جاۋاب بەردىم. مانا بۇ زىيالىي ئانىلىرىمىزنىڭ ساپاسى. مانا بۇ كەلگۈسىنى يارىتىدىغانلارنىڭ قاششاق ھالىتى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىنتايىن پاجىئەلىك بىر نۇقتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ دەل مىللەتنىڭ سەرخىل زىيالىيلىرى بىلەن ئاۋام ئوتتۇرىسىدىكى پاسسىلنىڭ تەدرىجىي كېڭىيىپ بېرىشىدىن ئىبارەت. مېنىڭ يۇقىرىقى خىزمەتدىشىمنىڭ تەپەككۇرى ناھايىتى نۇرغۇن ئاياللارنىڭ تەپەككۇرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئاياللاردىكى تەپەككۇر، ئاياللاردىكى ساپا بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەۋجۇدىيىتىدە قالتىس رول ئوينايدۇ.

يەھۇدىيلار يوقىلىش گىردابىغا بارغاندا، يەھۇدىيلارنىڭ سەرخىللىرى «يەھۇدىيلارنى قانداق قۇتقۇزىمىز؟» دېگەن سوئالغا «مائارىپ» دەپ جاۋاب بېرىشتى ھەم يەھۇدىي مائارىپىنى بولۇپمۇ بالىلار ۋە ئاياللار تەربىيىسىنى چىڭ تۇتتى. يەھۇدىيلارنىڭ بۈگۈنكى قۇدرىتى جاھان ئەھلىگە ئايدىڭ. ياپونلارچۇ؟ قورال بىلەن ئېرىشەلمىگەن دۇنياغا ئىلىم بىلەن ئېرىشتى. بۈگۈنكى كۈندە ياپون ئاياللىرىنىڭ ساپاسى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىكەن. ياپونىيىدە تۇرۇپ كەلگەن كىشىلىرىمىزدىن ئاڭلىشىمىزچە، ياپون ئاياللىرى ئالىي مائارىپ تەربىيىسىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئائىلىسىگە قايتىپ، ياپونلارنىڭ ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەيدىكەن. ئەجەبا بىز شۇنداق قىلالمامدۇق؟ مېنىڭچە، بىز ئەمدى ئاز-ئازدىن بولسىمۇ ئەمەلىي ئۈنۈملۈك ئىش قىلغىنىمىز ياخشى. مەسىلەن: مېنىڭ ئىككى قىزىم بار. مەن چوقۇم قىزلىرىمنى ياخشى تەربىيىلىشىم كېرەك. بۇ مەن قىلالايدىغان ئىش. ئۆزىمىزنىڭ ئائىلىسى، ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى ۋە دوست-بۇرادەرلىرىدىن باشلاپ ساخاۋەت ۋە پەزىلەت خۇددى سۇ يۈزىدىكى دولقۇنلاردەك ئاستا-ئاستا كېڭەيسە مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئېڭىدا چوقۇم ئىجابىي ئۆزگىرىش بولىدۇ. بىر كېچىدىلا يەھۇدىيلارغا، ياپونلارغا يېتىشىۋالغىلى بولمايدۇ. ئەمما ماڭماي تۈگۈلۈپ تۇرۇۋالسىڭىز، ھېچكىم سىزنى يۆلەپ ماڭمايدۇ. شۇڭا ئاز-ئازدىن بولسىمۇ چامداپ بېقىش كېرەك. سىڭلىم دىلئارام: مەن ئائىلە قۇرۇپ، پەرزەنتلىك بولغاندا، جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ئاچچىق-چۈچۈكلىرىنى تېتىغاندا، بىر ئانا، بولۇپمۇ لاياقەتلىك بىر ئانا بولماقنىڭ قانچىلىك تەس ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئانىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ھەسسىلەپ چۈشەندىم. بىزنىڭ قىزلىرىمىز سىزدەك تىرىشچان ۋە ئىرادىلىك بولسا، كەلگۈسىمىز چوقۇم پارلاق بولىدۇ.

ماقالىڭىزدا ئەتلەس مەدەنىيىتىمىز ئۈستىدە خېلى توختىلىپسىز. گەپ ئەتلەس ئۈستىدە كېتىۋاتسىمۇ، ئەمما مېنىڭ خىيالىم ئەتلەستىن ئاللىقاچان ھالقىپ، خەلقىمىز روھىيىتى ۋە تارىخىغا قاراپ پەرۋاز قىلدى. بۇلتۇر چوڭ قىزىم تولۇقسىزغا چىققان يازدا «قىزىم، ئەتلەستىن كۆينەك كىيسىڭىز بولمامدۇ؟» دېسەم، «توۋا دەڭا ئاپا، قايسى زامان بۇ؟ ھازىر كىم ئەتلەس كىيىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپتە كۆڭلەك كىيگۈزمەيدىغان تۇرسا» دېمەمدۇ، «مەكتەپتە كىيمىسەڭلار، دەم ئېلىشتا كىيسەڭلار بولىدىغۇ» دېسەم، يولدىشىمنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدىم.

بۇلتۇر يازدا بۆلۈمىمىزدىكى خەنزۇ قىز خىزمەتدىشىم: «گۆھەر ھەدە، سىلەرنىڭ ھېلىقى گۈللۈك (ئەتلەسنى دېمەكچى) رەختىڭلاردىن كىيىم

كىيسەم دەيمەن. بىر كۈنى تېلېۋىزوردا مۇشۇ رەختنى بوياش جەريانىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇۋىدى، ھەيران قاپتىمەن. پۈتۈنلەي تەبىئىي بوياقلار بىلەن بويايدىكەن، قىلچىمۇ خىمىيلىك تەركىبلەر بولمايدىكەن. ئەگەر مەن كىيسەم، سىلەر چوقۇم زاڭلىق قىلىسىلەر. ناۋادا ئىچكىرى ئۆلكە بولغان بولسا باشقىلارنىڭ كارى يوق ئىدى» دەپ خورسىندى. ئىشتىن چۈشۈپ، بۇ گەپنى باللىرىمغا سۆزلەپ بېرىپ: «سىلەر ياقتۇرمىغان كىيىم-كېچەكلىرىمىزنى خەنزۇ قىزلىرى كىيسەم دەپ ئارمان قىلىدىكەن» دېدىم. گەپ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىمىز ئۈستىدە بولۇۋاتقاچقا مۇشۇ ھەقتىكى بەزى كۆلكىلىك ئىشلارنى سىزگە ۋە ئوقۇرمەنلەرگە دېگۈم كەلدى.

ئۇزۇن كۆڭلەك ۋە ياغلىق ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. ياكى بولمىسا ئۇيغۇر ئايال بولغانىكەن چوقۇم ئۇزۇن كۆڭلەك ۋە يارىشىملىق ياغلىقى ئۈستىۋېشىدا بولىدۇ دەپ قارايمىز. بۇ خۇددى تۇڭگاننى بېشىدىكى ئاق دوپپىسى، قىرغىزنى قالپىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلىغاندەك بىر ئىش.

ئەمما يېقىنقى نەچچە ئون يىل مابەينىدە «ئىسلاھات ۋە زامانىۋىلىق» شاماللىرى قىز-ئاياللىرىمىزنىڭ ئۇزۇن كۆڭلىكى ۋە يارىشىملىق دوپپا - ياغلىقلىرىنى قايەرلەرگىدۇر ئۇچۇرۇپ كەتتى. بۇ بىر يۈزلىنىشكە ئايلانغاندا، قىز-ئاياللىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىنى دوراپ «زامانىۋىلىق» دېگەن شۇ بولسا كېرەك دەپ تېخىمۇ «زامانىۋىلاشقىلى» تۇردى. ئەمما نېمىنىڭ ھەقىقىي زامانىۋىلىش، ھەقىقىي مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بىلىدىغان قىز-ئاياللىرىمىز ئەنئەنىنى قوغداشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما ئۆز ئەنئەنىسىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئاشۇ ئاياللار قارا-قويۇق دىنىي ئېتىقادچى، «مەدەنىيەتسىز - قالاق» دەپ كەمسىتىلىۋاتىدۇ. يالىڭاچلىق، ھاياسىزلىق قىياندەك يامراپ كېتىۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە، ھەقىقىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغدىغۇچىلار يېتىمسىرەپ قالىدىغان يۇمۇرلۇق كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

دەل شۇنداق بولغاچقا، خىزمەتكە ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ بېرىۋىدىم، سۆز-چۆچەك دېگەن ياغقىلى تۇردى. بىرى: «كۆڭلەك-ياغلىقتا يەنە بەش-ئالتە يىل بار ئىدى» دېسە، يەنە بىراۋلار: «ئۇزۇن كىيىم بىلەن چوڭ سۆپەت بولۇۋاپسىز، خۇددى ھاجىملاردەك» دېسە، يەنە بىراۋلار: «ناماز ئوقۇۋاتامسىز؟» دەپ سورىدى. ھەتتا بەزىلەر: «چېچىڭىزغا ئاق كىرىپتۇ، بويىۋالغىن» دەپمۇ «كۆكۈل بولدى». شۇنداق دېگۈچىلەرگە چاندۇرماستىن: «ئاق چېچىمىز باركەن دەپ خىزمەتتىن ھەيدىۋەتمەس» دەپلا قويدۇم. كۆردىڭىزمۇ سىڭلىم، بىزنىڭ بەزى ئاياللىرىمىزدىكى ئادىمىيلىك ساپا، تەپەككۇر ئەنە شۇ. مۇشۇنداق تەپەككۇر بىلەن دەۋرنىڭ شىددەتلىك رىقابىتىگە قانداقمۇ قاتناشقىلى بولىدۇ؟ ئاشۇ غەيۋەتخور، ئاغزى بالا قىز-چوكانلارنىڭ قىلىدىغانغا تالاي-تالاي ئىشلىرى تۇرسىمۇ، خەقلەرنىڭ ئەرزىمەس كەمچىلىكلىرى (ئەمەلىيەتتە شەخسىيىتى)نى تەتقىق قىلىشقا قۇسۇر ئىزدەپ كۆڭلىنى خۇش قىلىشقا شۇنچىلىك ماھىر. ۋاقتى يەتكۈچە بار. مۇشۇ ئىشلارنى كۆرۈپ بەزىدە ئاچچىق كۈلۈپ قويىمەن، بەزىدە ئىچىم سىقىلىدۇ. جەمئىيەتنى كۆزەتسىڭىز نۇرغۇن قىزىق ئىشلارنى كۆرىدىكەنسىز. بەزى ئەخمەق خانىم-چوكانلار «ئەرلىرىمىز تالاغا قاراپ قالمىسۇن» دەپ، قورسىقى ئاچ-توق قالسىمۇ چىداپ قىممەت مودا كىيىملەرنى، ھەتتا ئاغرىققا چىداپ تۇرۇپ قورۇق يوقىتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشنى توغرا ئۇسۇل دەپ قارايدىكەن. نىمىدېگەن ئەخمىقانە، نىمىدېگەن بىچارىلارچە ھايات بۇ! ئەرگە ۋە ئائىلىگە تۇتۇلغان مۇنداق ساددا پوزىتسىيە بىزگە قانچىلىك پايدا بېرىدىكىن - تاڭ؟

بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا «كروران گۈزىلى»نىڭ جەسىتىنى غۇلجىغا ئەكېلىپ كۆرگەزمە قىلغانىدى، شۇچاغدا ئەر-ئايال ئىككىمىز قىزلىرىمىزنى ئېلىپ كۆرگىلى باردۇق. ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئانىسىنىڭ ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلۈپ، ئۇچىنى يىپ بىلەن قوشۇپ ئۆرۈۋالغان چېچى بولدى. بۇ كۆرۈنۈشلەر رەھمەتلىك مومامنىڭ ئاشۇ خىل سىياقتىكى چېچىنى ئېسىمگە سالدى.

قىز-ئاياللىرىمىزنىڭ مىللەت ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى بەك چوڭ. يوقىلىپ بېرىۋاتقان ئەنئەنىلىرىمىزنى قوغداش، بارغانسېرى شاخلاپ ئېيىپ بېرىۋاتقان چاكىنا ئىللەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاش بىرلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئىشتا ھەربىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولماس مەسئۇلىيىتىمىز بار. يىگىتلەر يىگىتتەك، ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان دادىلارمۇ دادىدەك، ئانىلارمۇ ھەقىقىي ئانىدەك بولسا، ھەربىر ئادەم ئۆزىگە، ئايالىغا، قىزىغا، ئائىلىسىگە، كەسپىگە سادىق بولسا، «مەسئۇلىيەت» دېگەن ئىبارە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىنى تولۇقى بىلەن چۈشەنسە، بەخت قۇشى بىزنىڭ بېشىمىزغىمۇ ئەلۋەتتە قونىدۇ. بۇ بىزدىن ئىزچىللىقنى، تىرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

قەدىرلىك سىڭلىم: شىنىڭدىكى ئوقۇش ھاياتى سىزگە يەنىمۇ ئۆزگىچە، جەزىبىدار، مەنىلىك تۇرمۇش ئاتا قىلسۇن! مۇمكىن بولسا دوكتورلۇققىچە ئوقۇڭ! چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى، ھەقىقىي يېڭىلىقلىرىنى يۇرتىمىزغا ئەكېلىڭ. دوختۇرلۇق كەسپىدىمۇ تاكامۇللىشىڭ، قەلىمىڭىزنى ھەرگىز تاشلاپ قويماڭ. سىز خەنزۇ تىلىدىن باشقا ئىنگلىز تىلىنىمۇ خېلى بىر يەرگىچە ئۆگىنىپ بولدىڭىز ھەقىچان. شۇنداق ئىكەن ئۇيغۇرلارنىڭ نادىر نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئەسەرلىرىنى ئوقۇپلا قالماستىن خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە چىققان نادىر ئەسەرلەرنىمۇ كۆپلەپ كۆرۈڭ. بۇ، تەپەككۇرىڭىزنىڭ جانلىنىشى ۋە مەسىلىلەرنى بايقاشتا مۇھىم.

مەن كۆرگەن ئىككى پارچە ماقالىڭىزنىڭ ئۇرامىدىن قارىغاندا قەلىمىڭىز بارغانسېرى پىشىۋېتىپتۇ. توختاۋسىز يېزىڭ. سىز ئىنتايىن ھالقىلىق بىر باسقۇچتا تۇرۇۋېتىپسىز. ئالدىغا قاراپ مېڭىڭكى، ھەرگىز ئارقىغا چېكىنمەڭ. چېكىنىش دېمەك - مەغلۇبىيەت دېمەكتۇر. تېخىمۇ نادىر ئەسەرلىرىڭىزنى كۆرۈشكە تەشنا مەن.

خەير سىڭلىم، ئۇلۇغ ئاللادىن سىزگە تەن ساقلىق، ئۆگىنىشىڭىزگە ئۇتۇق، تەپەككۇرىڭىزگە قۇۋۋەت تىلەيمەن.

ھۆرمەت بىلەن: غۇلجا شەھەر خەلق دوختۇرخانىسى دورا بۆلۈمىدىكى ھەدىڭىز **گۆھەر ھەمرا**

2004-يىل 18-فېۋرال، شەھىرى غۇلجا(M2)



# يىراقتىن پىلىلدىغان نۇر

م . سۈيگۈن

سەزگۈمدە قايەرلەرگىدۇر كۆمۈلۈپ قالغان بىر ھېسلارنى ئويغاتقان «قەدىمىي شەھەردە ئويلىغانلىرىم . . .» دېگەن بۇ ماقالە مېنى ئويلىنىشقا ،پىكىر يۈرگۈزۈشكە ،ئاخىرىدا قەلەم تەۋرىتىشكە دەۋەت قىلدى . مېنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىپ ،ئوقۇشقا ئۈندىگەن ئامىل ماقالە ماۋزۇسى ياكى ماقالىدىكى تۇساتتىن كۆزگە چېلىقىپ قالغان ھالقىلىق بىرەر سۆز-جۈملە بولماستىن ، بەلكى ماقالە ئاخىرىسىدىكى تاسادىپىي كۆزۈم چۈشۈپ قالغان ئاپتور ئادرېسى «شىئەن»دېگەن خەت بولدى . چۈنكى ئاپتور دىلئارام قۇربانغا ئوخشاشلا مەنمۇ شىئەندە ئوقۇۋاتقان ، ئىلىم يولىدا ئىزدىنىۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى .بۇ ئىسىم مەندە ئۆزگىچە مېھىر ئارىلاشقان ئىشتىياق قوزغاپ ،مېنىڭ ژۇرنالنى باشتا بىرەر قۇر ۋاراقلىۋېتىپ ئاندىن بىر باشتىن ئوقۇشقا باشلايدىغان ئادىتىمنى بۇزۇپ تاشلاپ ، ئالدى بىلەن ئۇشبۇ ماقالىنى ئوقۇۋېتىشكە ئۈندىدى .

دىلئارامغا بارىكاللا !

دىلئارام ،سىزگە كۆپ تەشەككۈر ! «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004-يىل 1-سانىغا بېسىلغان ئۇشبۇ ماقالىڭىز ، توغرىراقى ،ماقالىدە ئوتتۇرىغا تاشلانغان زۆرۈرىي ئوي-پىكىرلەر ،جانلىق ھەم ئەتراپلىق تەھلىل - مۇلاھىزىلەر ھازىر مەندەك ھەممىدىن ، جەمئىيەتتىن ،ئۆزىمىزدىن نارازى بولۇۋاتقان ئوقۇغۇچىغا نىسبەتەن بىر ئىلھام ،مەدەت بولدى . خۇداغا شۈكۈر ، جەمئىيىتىمىزدە ھېلىھەم ئەنە شۇنداق تەپەككۇر يولىدا ماڭالايدىغان ،چوڭقۇر پىكىرلەرنى يۈرگۈزەلەيدىغان ،مىللىيلىك روھىدا يۇغۇرۇلغان ئۇيغۇر قىزلىرىمۇ بار ئىكەن . ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان تۆت يىلدىن بېرى ، بولۇپمۇ شىئەنگە كېلىپ ئوقۇۋاتقان بۇ ئىككى يىلدىن بۇيان كۆرگەن-ئاڭلىغان ،بىلگەن ،يولۇقتۇرغانلىرىمنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئويلايدىغانلىرىم كۆپ بولدى : پىكىرلىرىم چېچىلىپ ،تىنىمسىز خىياللار مېڭەمنى چىڭقاپ ،ئۈمىدسىزلەنگەنلىرىم ،جەمئىيەتتىن ،ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلاردىن نارازى بولغانلىرىم بولدى . شائىرلار بىر تال ياپراققا قاراپ ، بىر تال قۇرتقا كۆز تىكىپ ، قايەرلەردىندۇر ئىزدەپ كەلگەن ئىلھاملارنىڭ تۈرتكىسىدە شائىرانە خىياللارغا چۆمۈپ ،گاھىدا تاتلىق ،گاھىدا ئاچچىق كۆلكىلىرىنى شېئىر -نەسىرلىرىگە سىڭدۈرەلىگىنى بىلەن ،مەن بارلىق كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم ، سەزگەن-بىلگەنلىرىم ئويغاتقان تەپەككۇرلارنى قوندۇرۇدىغانغا جاي ، ئورتاقلىشىدىغانغا پىكىرداش تاپالمايمەن ، پەقەتلا تەگسىز خىياللار قايىنىمىغا چۆكۈپ ، ھالسىرىغان تەرزدە ئۆھلىرىمنى ئىچىمگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولىمەن . مەن بىلەن بىرلىكتە ئۇنىۋېرسىتېتتا كۈن كەچۈرۈۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىن بىرەر سىرداش - ھەمسۆھبەتنى ، جەمئىيەتنى چۈشىنىدىغان ،جەمئىيەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغانلارنى تاپماق ئىنتايىن تەس . ئۇلار ئومۇمىي ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئىچىدىكى ئايرىم بىر كىچىك جەمئىيەت ،ئايرىم بىر ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت . ئۇلار سىرتقى ئومۇمىي جەمئىيەتكە ،ئۇيغۇر ئومۇمىي ئىجتىمائىيىتىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ ، باش قاتۇرۇپ كەتمەيدۇ . چۈنكى بىر قىسىملار ئۈچۈن بىر كۈننىڭ خۇشھال (مەنىلىك ،ئەھمىيەتلىك ئەمەس )ئۆتۈۋالغىنى ھېساب .ئارتۇقچە ئىشلارغا كاللا قاتۇرۇش ھاماقەتلىك .

ھالبۇكى ، ئالىي مەكتەپ جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قارىماققا پۈتكۈل جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئانچە مۇھىم تەسىر كۆرسەتمەيدىغاندەك قىلغىنى بىلەن ، ئۇلار ئۆز جەمئىيىتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن سىرتقى دۇنياغا ،باشتا ئېيتىپ ئۆتكەن ئومۇمىي جەمئىيەت قاتلىمىغا قېتىلماي ئامالى يوق . بىراق جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ،خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم بىر ئامىل . جەمئىيەتتە يۇقىرى ساپالىق ،ئالىي مەلۇماتلىق كىشىلەر قانچىكى كۆپ بولسا ، ئۇ جەمئىيەت شۇنچە تەرەققىي قىلغان ، راۋاجلانغان بولىدۇ . خۇددى گېرمانىيە ،ياپونىيە ۋە يەھۇدىي جەمئىيىتىگە ئوخشاش . شۇنىڭ ئۈچۈن ،جەمئىيەتتىكى يۇقىرى ساپالىق كىشىلەرنىڭ

دېگەن قالپاقنىڭ ھېلىھەم بېشىدا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشماقتا.

قىزلار، ھەي قىزلار، سىلەر مىللىتىمىزنىڭ گۈلى، مىللىتىمىزنىڭ بايلىقى ئىدىڭلار. بىز سىلەردىن پەخىرلىنەتتۇق، سىلەردىن ئىپتىخارلىناتتۇق. سىلەر مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى، ئەۋلادلارنىڭ ئانىلىرى ئىدىڭلار، بىز سىلەردىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتەتتۇق؛ يەلكەڭلەردە ئېغىر مەسئۇلىيەت، ئۇلۇغ بۇرچ بار ئىدى. ئەجەبا سىلەر ھەممىنى بىر چەتكە قايرىۋەتتىڭلارمۇ؟ راستىنى ئېيتقاندا، ھازىر «ئۇيغۇر قىزى» دېگەن بۇ گۈزەل ئىبارىنى تىلغا ئالغۇمىز كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئاتالغۇ ئاللىقاچان ئاشۇ تارىختا ئۆتكەن باتۇر، قەھرىمان، ۋىجدانلىق، ئىپپەتلىك، لاتاپەتلىك ھەم نازاكەتلىك ئۇيغۇر قىزلىرى بىلەن تارىخ بەتلىرىدە قېلىپ قالغان. چۈنكى «ئۇيغۇر قىزى» دېسە ئەخلاقنى، پاكلىقنى ئۆز روھىغا سىڭدۈرگەن، لاتاپەت، نازاكەتنى ئۆز جىسمىغا مۇجەسسەم قىلغان بىر نۇرانە ئوبراز نامايان بولاتتى. بىراق ئەشۇ بىر قىسىم «ئۇيغۇر قىزلىرى» مىز بارلىق گۈزەل تەسىراتلارنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بىر يولىلا سۈپۈرۈپ تاشلىۋېتىشتى. ۋاقىتنىكى پاجىئە دەل مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولغىنى شۇكى، بۇلار جەمئىيەتنىڭ باشقا قاتلىمىدىكىلەر ئەمەس دەل ئالىي مائارىپ بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقان «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى» دۇر! ئۇلارغا شۇنى دېگۈم كېلىدۇ: ئاشۇ بىر قىسىم «ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى» ئېلىۋاتقانلار سىلەرنىڭ غېمىڭلار يوقمۇ؟ تاشقى دۇنيا سىلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىزمۇ، دەۋر سىلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىزمۇ؟ سىلەر پەقەت بىركۈننىڭ خۇشھال، كۈلكە-چاقچاق بىلەنلا ئۆتۈپ كەتكىنىنى بەخت ھېسابلامسىلەر؟ ناۋادا سىلەرنىڭ ئوي-خىياللىرىڭلار دەل شۇنداق بولسا، ئاتالمىش ئاڭ-سەۋىيىسى تۆۋەن، ساپاسىز ھېسابلانغان، ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئېلىش توگۇل ئوتتۇرا مەكتەپتە تەربىيىلىنىش پۇرسىتىمۇ نېسىپ بولمىغان تالاي قىزلىرىمىزدىن يەنە نېمىدەپ ئاغرىنىش مۇمكىن؟

يىگىتلىرىمىزدىكى بوشاڭلىق، چۈشكۈنلۈكنى يوقىتىش، ئۇلاردىكى بىر قىسىم ناچار ئادەتلەرنى تۈزەش، شۇئارقىلىق مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئاز-تولا بولسىمۇ كۈچ چىقىرىش زۆرۈر بولۇۋاتقان بىر پەيتتە، قىزلاردىكى بۇ يېڭى ئىجتىمائىي مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققىنىغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئەجەبا سىلەرنىڭ ۋاقىتنى ئەھمىيەتلىك، ھەقىقىي مەنىلىك، پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىش، رىقابەت جىددىي، كەسكىن، رەھىمسىز بىر جەمئىيەتتە، ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆز-ئۆزۈڭلارنى كۈچلەندۈرۈش، ھەقىقىي بىلىم ئىگىسى بولۇش ئويۇڭلار يوقمۇ؟ سوئاللار نۇرغۇن، خىياللار تېخىمۇ نۇرغۇن. بۇ سوئاللار كاللامغا كىرىشى بىلەن بەزى قىزلارنىڭ بىر قولىدا تاماكا، بىر قولىدا رومكا تۇتقان ھالىتى خىيال ئېكرانىمدا زاھىر بولىدۇ. ئەجەبا ئۇيغۇر قىزلىرىمىز مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىمۇ؟ ئۇيغۇر قىزلىرىغا نېمە كېسەل تەگدى؟

تەگسىز خىياللار، سوئاللار مېنى ھاردۇرۇپ گاھىدا ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاشقا مەجبۇر قىلاتتى: توغرا، مەسىلىگە مۇنداق قارىماسلىقىم، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىكىم كېرەكتۇ. ۋەھالەنكى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك مەدەنىيەت پۈرىقى، ئىلمىي كەيپىيات خېلىلا كۈچلۈك بولغان شىئەن مۇھىتى ئاشۇ قىزلىرىمىزغا، ئاشۇ ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا تەسىر قىلمىغانمىدۇ؟ بازار ئارىلىغاندا گاھىدا ئۇچراپ قالىدىغان ناتونۇش ئۇيغۇر قىزلىرى نېمە ئۈچۈن كىتابخانىلاردا ئۇچراپ قالمايدۇ؟ ياكى ئاشۇنداق توغرا كېلىپ قالامدۇ؟ بىراق، مەكتەپداشلىرىمدىن ئايلاپ-يىللاپ كىتابخانىغا بېرىش ئەمەس، مەكتەپ كۇتۇپخانىسىنىڭ بوسۇغۇسىدىنمۇ ئاتلاپ باقمىغانلارنى كۆرسىتىپ بېرىش تەس ئەمەس. بۇ ئەھۋاللار نېمىنى چۈشەندۈرۈشى، نېمىنى ئىسپاتلاپ بېرىشى مۇمكىن؟

ئېھتىمال، مەن بەكلا ئارتۇقچە پىكىر يۈرگۈزۈپ كەتكەن، مەسىلىگە پاسسىپ مۇئامىلە قىلغان بولۇشۇم مۇمكىن. بەلكىم بۇنداق تەھلىل يۈرگۈزمەسلىكىم كېرەكتۇ. ئىشقىلىپ نېمىلا بولمىسۇن، مەن دىلئارام قۇربانغا، ئۇنىڭ ماقالىسىغا ھەشقاللا ـ تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. ئۇنىڭ قەلىمى مەندە باشقىچە تۇيغۇن-ئويغاق ھېسلارنى، يېڭى ئۈمىد-ئىستەكلەرنى ئويغاتتى. مەسىلىگە يەنىلا ئۈمىدۋار، ئاكتىپ پوزىتسىيىدە قاراش كېرەك ئىكەن. ئۇنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنى، مىللىي خاسلىقنى ئۆزگىچە ئۇسۇلدا تەھلىل قىلىشى، تىرەن پىكىرلىرى مەندە ئىلھامبەخش ھېسسىياتلارنى ئويغاتماي قالمىدى. ھېلىھەم ئارىمىزدا بىردەملىك كۆڭۈل خۇشلۇقىغا ئەمەس پۈتكۈل جەمئىيەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغان، مىللەت ئۈچۈن غەم يەيدىغان قىزلىرىمىزمۇ بار ئىكەن. ئۇيغۇر قىزلىرىدا ئۈمىد بار ئىكەن! ئۇنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنى قېزىش ھەققىدىكى تەكلىپ-ئىزھارلىرى، ئۇنى خەلقئاراۋى نۇقتىدىن تۇرۇپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشى، ئۆزگىچە پىكىر يولى مېنى بارىكاللا ـ ئالقىش ئېيتقۇزماي قالمىدى. كۆپىنچىلىرىمىز بولساق بۇيەردە چىرايلىرىمىزنىڭ چەت ئەللىكلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىمىزدىن ياسالما مەغرۇر ھالەتكە كېلىۋېلىپ، يەرلىكلەرنىڭ بىزنى ئەجنەبىيلەرگە ئوخشىتىشلىرىدىن خۇش بوپكېتىمىز. بىراق ئاشۇ چەت ئەللىكلەر بىلەن ئۆزىمىز ئارىسىدا قانچىلىك بوشلۇق بارلىقىغا، قانچىلىك پەرقنىڭ ساقلانغانلىقىغا دىققەت قىلمايمىز. چۈنكى چەت ئەللىكلەرگە بولغان ئىنتىلىش بىزدە مۇشۇ خىل روھىي ئاجىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. روھىيەتتىكى ئاجىزلىق، ئومۇمىي جەھەتتىكى بوشاڭلىق ۋە مىللىي مەدەنىيەتتىكى سۇسلۇق بىزدىكى بىر پاجىئە. بىزدە ھەقىقەتەن «مەدەنىيەت» ئۇقۇمىنىڭ مەنە دائىرىسى تولىمۇ تارلىشىپ كېتىپتۇ. «مەدەنىيەت» دېسە غەربنى، «مەدەنىيەتلىك ئەللەر» دېسە غەربتىكى سانائەتلەشكەن مەملىكەتلەرنى، «مەدەنىيەتلىك بولۇش» دېسە غەربلىشىش، غەربنى دوراش، «كېنتاكىي» غا كىرىپ غىزالىنىش، ياۋروپا-ئامېرىكىنىڭ ناخشا-كۈيلىرىگە مەستانە بولۇش، «Hip - Hop» ئۇسلۇبىدىكى لابدۇر كىيىم-كېچەكلەرنى ئۈچىمىزغا ئارتىۋېلىش بولدى.

مەدەنىيەت ئۆزۈشى ئەمەلىيەتتە مەجبۇرىي بولمىغان، ئىس-تۈتەكسىز ئۇرۇش. بۇ ئۇرۇشتا ياۋروپا ـ ئامېرىكىلىقلار غەلىبە قىلدى. «Coca Cola»، پادىچىلار كىيىمى زامانىۋى توكيودىن تارتىپ تەكلىماكاننىڭ چەت سەھرالىرىغىچە شۇنچىلىك ئومۇملاشتى. بىز بۇ مەدەنىيەت ئۇرۇشىدا ئۆزىمىزنىڭ مەغلۇب بولغانلىقىمىزنى، مۇستەملىكە ئورنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلماي ئامالىمىز يوق. «مىللىي مەدەنىيەت» مەدەنىيەتنىڭ دائىرىسىدە ئەمەسمۇ؟ دىلئارام قىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە ۋارىسلىق قىلىپ راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە توختالغان قىسقىچە مۇلاھىزىلىرى، بىزنىڭ ستۇدېنتلارغا ئېلىپ بارغان كىچىككىنە روھىيەت ئوپېراتسىيىسى ۋە دەسلەپكى ئىزدىنىشى مەندە ئۈمىدلىك ئوي-پىكىرلەرنى ئويغاتتى. مەن يىراقتىن پىلىلدىغان بىر نۇرنى كۆرگەندەك بولدۇم. بۇ نۇر مېنى تېخىمۇ يورۇق بىر تۇپراققا باشلاپ بارسا ئەجەب ئەمەس.

2004-يىل 5-فېۋرال، شەھىرى قاراماي

---

ئاپتور: شىئەن نېفىت ئۇنىۋېرسىتېتى ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش ئىنستۇتى 2002-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى (M2)



# ئۆزىمىزنى تاختىۋېشىغا ئېلىپ قويمايلى

ئىلتەرىش

يېڭى يىلنىڭ باشلىرىدا ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان تاغامنى يوقلاپ قايتىپ چىقسام چۈش بولاي دەپقاپتۇ. تاماق يەۋېلىپ ئاندىن باشقا ئىشلىرىمنى قىلاي دەپ ئاۋات كوچا قاسنىقىغا جايلاشقان بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ تاماق بۇيرۇتۇپ ئولتۇرسام، تېلېۋىزوردا مەن ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان «دۇنيادىكى ئىشلار» پروگراممىسى باشلاندى. ئۇنىڭدا ئىراندىكى يەر تەۋرىگەن رايونغا ھەرقايسى دۆلەتلەردىن ئىئانە قىلىنغان ماددىي بۇيۇملارنى قاچىلاپ ماڭغان ئاپتوموبىللارغا يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىمىغان رايوندىكى كىشىلەرنىڭ كېلىپ ئېسىلىۋېلىپ قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرىنى ئوغرىلاۋاتقانلىقىدەك كۆرۈنۈشلەر كۆرسىتىلدى. ئاشۇ كۆرۈنۈشلەر ۋە دىكتورنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىغان ئاشپۇزۇلدىكى خېرىدارلار: «ئىران دېگەن بىر مۇسۇلمان دۆلىتى تۇرسا، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە توشۇلۇۋاتقان بۇيۇملارنى ئاپەتكە ئۇچرىمىغان رايوندىكى كىشىلەر كېلىپ ئاپتوموبىلغا ئېسىلىپ بۇلاۋاتقىنىنى قاراڭلار. قېرىنداشلىرى ئاپەتكە ئۇچرىسا ياردەم قىلماقتا يوق، ئۇلارنىڭ رىسقىغا چاڭ سېلىۋاتقان ئۇنداق ئادەملەرنى قانداقمۇ ھەقىقىي مۇسۇلمان دېگىلى بولسۇن. ئىرانلىقلارمۇ ئېتىقادى بىلەن ئىش-ھەرىكىتى بىردەك بولمىغان، دۇرۇس خەق ئەمەس ئوخشايدۇ» دەپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ئەيىبلەپ كېتىشتى. دېمىسىمۇ قاتتىق يەر تەۋرەش بىلەن نەچچە ئون مىڭ ئادەم بىراقلا ئۆلۈپ، تالاي ئادەم ئۆي-ماكانسىز قالغان، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە خەلقنىڭ قايغۇسى ۋە ھېسداشلىقىنى قوزغاۋاتقان ئەھۋالدا ئاشۇنداق ئىپلاسلىقنى قىلىش ھەرقانداق ئادەمنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ، ئەلۋەتتە. تاماقداشلىرىمنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما ئىرانلىقلاردەك ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ رىسقىغا چاڭ سالىدىغان قىلمىشلار بىزدە يوقمىدۇ؟ تاماقداشلىرىم ھەر يىلى ئۆز يۇرتىمىزدا ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقلەرگە يەتكۈزۈلىدىغان ئىئانە بۇيۇملىرىنىڭ قانداق تەقسىم قىلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ ياكى راستىنلا بىلمەمدىغاندۇ؟ ئۇلارمۇ ئاشۇنداق ئىئانىلەرگە يولۇقسا قانداق قىلار بولغىيدى؟

يۇرتىمىز تەبىئىي شارائىتىنىڭ ناچارلىقى، نامراتلىقى، تەرەققىياتنىڭ ئاستىلىقىغا قارىماي، ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەركۆپ بولۇپ تۇرۇدىغان يەر بولغاچقا، ئادەملەرنىڭ ھاياتى ۋە مال مۈلكى دائىم زىيان-زەخمەتكە ئۇچراپ تۇرۇدىغانلىقى ھەممەيلەنگە بەشقولدەك ئايدىڭ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى، ئەل-جامائەتنىڭ دائىملىق خەير-ساخاۋەتلىرى بىلەن كۆپلەپ پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملار ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تېزراق ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن پات-پات ئىئانە قىلىنىپ تۇرىدۇ. ئىئانە قىلىنغان بۇيۇملار ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن ئاپەتكە ئۇچرىغان يېزا-قىشلاقلارغا توشۇلىدۇ. بەزى ئىئانىلەر بىۋاستە ئاپەت رايونىغا يېتىپ كەلسە، بەزىلىرى يېزا-كەنت، مەھەللە باشلىقلىرىنىڭ «تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى»دىن ئۆتۈپ ئاندىن ئاپەتكە ئۇچرىغۇچى دېھقانلارنىڭ قولىغا تېگىدۇ. ئاۋۋال يېزا رەھبەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ چاپارمەنلىرى ئىئانە بۇيۇملارنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ سەرخىللىرىدىن تاللاپ «پۆكۈنى نامراتقا بېرىمەن» دېگەن نام بىلەن ئىشخانىسىغا دۆۋىلەپ قويىدۇ. چاپارمەنلەر ئۆزلىرى ۋە تۇغقانلىرىغا ماس

كېلىدىغانلىرىنى تاللاپ ئازراق بولسىمۇ تويۇنىۋالغاندىن كېيىن (سۈرۈشتىسى بولمىسا كۆزى تويمايدۇ ئۇ ئاچ كۆزلەرنىڭ )كەنتلەرنىڭ رەھبەرلىرىنى چاقىرتىپ تەقسىملەپ : چوقۇم ھەممىسىنى ئاپەتكە ئۇچرىغۇچى ئاممىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈشنى تاپىلاپ يولغا سالىدۇ . كەنت رەھبەرلىرى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىدا ياكى بولمىسا بىرەر كەنت سېكرېتارى ياكى كەنت باشلىقىنىڭ ھويلىسىدا ئىئانە بۇيۇملارنى «ئەلگەكتە مىك تاسقاپ »ئېلىۋالغاندىن كېيىن مەھەللە باشلىقلىرىغا تەقسىم قىلىدۇ . ئۇلارمۇ «ئۆز نېسىۋىسىنى ئايرىۋالغان »دىن كېيىن قېلىپ قالغىنىنى ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا يېتىشتۇرەلمەي ياكى لىللا تەقسىم قىلماي ،ئاممىنىڭ نارازىلىقىغا قالىدۇ ، خالاس . ئىراندا ئىئانىلەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق كىشىلەر بۇلاپ ئۆزلىرىنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرسە ،بىزنىڭ بۇ يۇرتلاردا ئىئانىلەرنى ئاۋۋال ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ،ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا يېتەكلىگۈچىلەر ئالسا ، ئاندىن «ئاشقان-تاشقان بارات تازىنىڭ »دېگەندەك ،قالدى-قاتتىسى ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارغا تېگىدۇ . «تۈلكىنىڭ تەقسىماتى» دېگەن مەسىلدە ئېيتىلغىنىدەك ، ئاۋۋال چوڭلاردىن كېلىدىغان قائىدە بويىچە ئۇلارنىڭ نەپسى قانمىسا ، پۇقرالارنىڭ ئاشقا قول ئۇزارتىشىغا بېشى ئۇنىمۇ ؟

ئىراندا ئىئانە بۇيۇملارنى چوڭ كوچىلاردا ئاشكارا بۇلاڭ-تالاڭ قىلسا ، بۇيۇرتلاردا ئەمەل-دەرىجە بويىچە «تەقسىم قىلىنىدۇ» .بىزدە «مۇت ، زەھەر بولسىمۇ يۇت »دېگەن تەمسىل بار . بىكارغا كەلگەن نەرسىنى كىممىنىڭمۇ «قولدىن چىقىرىۋەتكۈسى» كەلسۇن؟ بەزى جايلاردا ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارغا بېرىلگەن نانىنى ئىشخانا ،ئۆيلىرىگە بېسىۋالغان يەردە ، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا خىزمەت قىلىمەن دەپ «ھېرىپ-چارچاۋاتقانلار » رەخ ،كىيىم-كېچەك ، ئۇن-ياغ ۋە باشقا بۇيۇملاردىن «ئۆز نېسىۋىسى »نى ئالسانېمە بوپتۇ ؟

بۇ يۇرتلاردىكى ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئېرىشىشكە تېگىشلىك نېسىۋىلىرىدىن قورۇق قويۇش ياكى كېمەيتىۋېتىشتەك بۇنداق يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا تەقسىماتنىڭ ئىراندىكى ئاشكارا بۇلاڭ-تالاڭدىن ماھىيەت جەھەتتە قانچىلىك پەرقى بار-يوقلۇقىنى ھەركىم ئويلاپ باقسا ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىدۇ .

نېمە ئۈچۈن بەزىلەر :«مەن ئىئانە بېرىشكە قارشى تۇرمايمەن ،ئەمما ئىئانە قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئۆز ئىگىسىگە تەگمەسلىكىدىن ئەنسىرەيمەن »دەيدۇ ؟ ئىئانىلەرنىڭ ئۆز جايىدا ئىشلىتىلمەسلىكى ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ مېھىر-شەپقەت قىزغىنلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ ،دەپ كىم ئېيتالايدۇ ؟ !


مەن تامىقىمنى يەپ بولغۇچەتاماقداشلىرىم ئىرانلىقلارغا لەنەت ئوقۇماقتا ئىدى .ئەپسۇسكى ، بۇيەردە ئۆز قېرىنداشلىرىمىز ۋە يۇرتداشلىرىمىزنىڭ بۇ ھەققىتىكى ئېپلاس قىلمىشلىرى ھەققىدە پەقەت گەپ بولۇنمىدى .

تۇرۇپلا ئويلاپ قالدىم : زادى بىز خەقنىڭ كۆزى باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈشكىلا يارىتىلغانمۇ ؟ «ئۆچكىنىڭ كۆندە ئوچۇق تۇرسا گەپ يوق ، قوينىڭ بىر قېتىم ئېچىلىپ قالسا ھايت-ھۇيت »دېگەندەك ، ئۆزىمىزدە ھەر-ھەر رەسۋاچىلىقلار تۇرسا كارىمىز يوق ، باشقىلارنىڭ بىرەر ئىللىتىنى كۆرۈپ قالساق ئۇلارنى ئەيىبلەپ سېستىشقا ئاران تۇرۇدىكەنمىز . «ئۆزۈڭنى بىل !»دەيدۇ ئۇلۇغلار .مېنىڭچە ، ئالدى بىلەن ئۆزىمىز ھەققىدە ئويدانىراق ئويلانغىنىمىز ، خەقنى ئەيىبلەشتىن ئاۋۋال پېشانىمىزنى سىلىۋېتىپ تۇرۇپ گەپ قىلغىنىمىز تۈزۈكمىكىن ؟ !(M1)

بۇ سان 2004 - يىل 10 - فېۋرالدا تىزىشقا يوللاندى، 1-مايدا

باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1) ،

رىسالەت مۇھەممەت (M2) ، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت



# «بۇلاڭچى»دىن تۇغۇلغان ئويلار

ئابدۇۋاھىد سىيىت

مەن بىر كىتابخۇمار دېھقان بولساممۇ ،تولىمۇ ئەپسۇس ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى بىلەن بەكمۇ كېچىكىپ تونۇشۇپ قاپتىمەن. مەن باشقىلاردىن بۇ ژۇرنالنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ ، 60جىڭ بۇغداينىڭ پۇلىغا 2004-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولغانىدىم . شۇندىن بۇيان تويغا كەتكەن مەھبۇبەمنىڭ كېلىشىنى كۈتكەندەك ، بۇ ژۇرنالنىڭ ھەربىر سانىنىڭ تېزراق كېلىشىنى زارىقىپ كۈتىدىغان بوپقالدىم .

تەلىيىمگە يارىشا ،بۇ ژۇرنالنىڭ 1-سانى دەل ۋاقتىدا قولۇمغا تەگدى .

مانا ، قولۇمدا رەڭگا-رەڭ بىر دۇنيا .ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە دېھقانىنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش ۋە ھاياتلىق ئۈچۈن تۆككەن قان-تەرلىرىدىن پۈتكەن بىر زۇمرەت ئېقىن ئېقىپ تۇرسا ،يەنە بىر ساھىلىدىن «دېھقان» دەپ تەپكەن ئوتلۇق يۈرەكنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇشى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ .مەن ئۆمرۈمدە بىر تۇنجى تويۇمدىن ،يەنە بىرى مۇشۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولغىنىمدىن رازى بولدۇم .

ژۇرنالنى تەشنالىق بىلەن ۋاراقلاۋېتىپ كۆزۈم ئىختىيارسىز ھالدا ياسىنجان سادىقنىڭ «بۇلاڭچى» ناملىق ھېكايىسىگە چۈشۈپ قالدى .

ھېكايىدە مەلۇم يېزىدىكى 1-نومۇرلۇق ئەربابنىڭ «كېسەل»بوپقېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقى ،كېيىن ئۇرۇمچىدىكى مەلۇم دوختۇرخانىغا يۆتكەلگەنلىكى ، ئۈچ نەپەر كەنت ئاقساقىلىنىڭ ئەربابنى «يوقلاپ»كېلىش ئۈچۈن ئالدىراش ئۇرۇمچىگە بېرىپ«بۇلاڭچى»غا ئۇچراپ بارلىق پۇللىرىدىن ئايرىلىپ ، غوجىسى ئالدىغا يىغلاپ كىرگەنلىكى بايان قىلىنغان .

مەن بىر دېھقان بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ھېكايىنى بىر خىل سۆيۈنۈش ۋە پۇخادىن چىقىش ھېسسىياتىم بىلەن ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ، ئاپتورنىڭ يېزىلارنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى بەشقولدەك چۈشىنىدىغانلىقىنى ، شۇنداقلا مەنسەپدارلار سورۇنىدىكى رەزىل قىلمىشلارنى دادىللىق بىلەن پاش قىلىشتا جۈرئەت قىلغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم .

دېمىسىمۇ ھېكايىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى بۇلاڭچى ،لېكىن خاراكتېرى ،بۇلاڭچىلىق ئۇسۇلى بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بۇلاڭچىلاردۇر . ھېكايىدىكى 1-نومۇرلۇق ئەرباب 1-نومۇرلۇق بۇلاڭچى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئورنى ئۇنىڭغا بۇلاڭچىلىقنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلىنى ئاتا قىلغان .بىزنىڭ يېزىمىزدا خېلى ھاللىق سانالغان دېھقانمۇ بىر ئايلا دوختۇرخانىدا يېتىپ قالسا بارلىق مال-مۈلكىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بوپكېتىدۇ .بىراق مەزكۇر ئەربابچۇ ؟

ئۇ دوختۇرخانىدا ياتسا ،يەنە كېلىپ قانچە چوڭ دوختۇرخانىدا قانچە ئۇزۇن ياتسا بايلىقى شۇنچە كۆپىيىدۇ .ئۇنىڭ كالتەك ، پىچاق بىلەن يول توسۇشىنىڭ ھاجىتى يوق ،پەقەت «پات-پات ئاغرىپ» دوختۇرخانىلارنىڭ كېسەل كارىۋىتلىرىدا بوشراق ئىڭراپ يېتىپ بەرسىلا پۇل سۇدەك ئېقىپ كىرىۋېرىدۇ . شۇڭا ئۇ بالىسىنى خالىغان ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ ، ھەرئايدا خىراجەتكە مىڭ يۈەنلەپ راسخوت ئەۋەتىپ تۇرسىمۇ ، ھەتتا ئون مىڭ يۈەنلەپ جەرىمانە تۆلەپ ساقچىخانىلاردىن نەچچە قېتىم ئاچىقسىمۇ پۇلى ئاز قېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە كۆپىيىپ ، ئوغلىنىڭ «تىجارەت»قىلىشى ئۈچۈن ئىككى - ئۈچيۈز مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىش «ھېچ گەپ بولماي» قالىدۇ .

ھېكايىدىكى ئۈچ كالتە ئاقساقالمۇ بۇلاڭچى ، لېكىن ئۇلار «شال باھانىسىدا سۇ ئىچىدىغان كۆمەك» بۇلاڭچى . شۇڭا ھامان بىر خىل قورقۇنچ ،ئەندىشە

## دېھقاننىڭ دەڭلىغانلىرى

ئىچىدە ياشايدۇ ،تاپقانلىرىنى ئۆزىلا يەپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ . ئەربابنىڭ دۇئايى سالاملىرى ، «سېغىنىشلىرى »ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ .ئەربابنىڭ غەزەپلىك سىماسى ئۇلارنىڭ چۈشلىرىدە ئوخشاش بىر ھالەتتە زاھىر بولۇپ ، ئۇلارنى ئارامسىزلاندۇرۇپ تۇرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئەرباب «ساقىيىپ »يېزىغا كېلىۋېلىشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۇنى «يوقلاپ »كېلىش ئۈچۈن ئالدىراش ئۈچىدۇ . بۇ ئاقساقاللار كۆڭۈللىرىدە باشقا ئاقساقاللاردىن كۆپرەك پۇل بىلەن ئەربابنى «يوقلاپ »ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بولۇشنى ئويلايدۇ . نەتىجىدە ئۇلار ھەرقايسىسى يىگىرمە مىڭ يۈەنلەپ پۇل بىلەن سەپەرگە چىققان بولسىمۇ ، «قوشناچىم »نىڭ ساندۇقىدىن چىققىنى ئاران مىڭ يۈەن ،قالغىنى جاپاكەش دېھقاننىڭ ھەققىدۇر .

ئۇلار ئايروپىلان ،تاكسىدا كېتىۋېتىپمۇ ئارامسىزلىنىدۇ :

- ھە راست ، بىر گەپنى مەسلىھەتلىشىۋالايلى ، - دېدى ئۇ ئىككى ھەمراھىغا قاراپ ، - قاشۇجىگە قىلىدىغان ئادىمىگەرچىلىكىمىز ئوخشاش بولسۇن ، بىرسىمىزنىڭ جىق ، بىرسىمىزنىڭ ئاز بولاپقالمىسۇن .

- ....

- مەيلى ئەمىسە ئون مىڭ كويدىن بولسۇن ، - دېدى ياغاقيۈز ، - ھەربىر شەخسى غەزنىمىزدىن چىقىرىدىغان پۇل بولمىغاندىكىن .

دېمەك ئۇلار ئەربابقا جىق بېرىشكىمۇ كۆزى قىيمايدۇ ، ئازراق بېرىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ .بىراق چىقىم بولغان بارلىق پۇلنىڭ ئورنىنى بولسا «بىر-ئىككى قېتىم غوس قوپۇراپ باھالاش »ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تولۇقلىماقچى بولۇشىدۇ .

قىسقىسى ، بۇلار «قىل بەرسە ئارغامچا قىلىپ »ئالىدىغان ساختىپەز ، «دوپپىسىنى ئەكەل دېسە بېشىنى ئەكېلىدىغان »غالچا ،غوجىسىدىن ئايرىلسا تىلەمچىلىك قىلىشتىن باشقىغا يارىمايدىغان بۇلاڭچىلار بولۇپ ، بۇلارنىڭ تەقدىرى ھامان ئەربابنىڭ ئالقىنىدا .

ھەقىقىي بۇلاڭچىلاردا بىر يۈرۈش بۇلاڭچىلىق قوراللىرىدىن باشقا يول توسالغۇدەك جۈرئەت بار . لېكىن ھېكايىدىكى چوڭ-كىچىك بۇلاڭچىلاردا ئىمتىيازىدىن باشقا ھېچنېمە يوق .قاراڭ ئۇلارنىڭ ئەپتىگە :

چۈشىدىمۇ باشقىلارنى ساراسىمىگە سالالايدىغان بۇ ئەربابنىڭ ئوغلى ئۆز دادىسى ئالدىدا پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپ خىرامان ھالدا ئالىي دەرىجىلىك سىگارت چېكىدۇ ، شۇنچە كۆپ پۇل بېرىشكە قىستايدۇ . ئەرباب بولسا تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ ئاچچىقىنى پىستىسىدىن ئالىدۇ .

بىرسى نەچچە مىڭدىن ياۋاش دېھقاننى گۆركىرەپ قورقىتىپ كەلگەن بۇ يۇرت كاتتىلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ نىسبەتتىكى ، بەلكى ئاجىز ئورۇندىكى «بۇلاڭچى »لار ئالدىدا قىلچىلىك قارشىلىق كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالماي ئانىدىن تۇغما بولۇپ ئالدىلىرىنى چاڭگاللاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ . يەنە پوتلىلىرىنى ئېقىتىشىپ ئەرباب ئالدىغا كىرىپ ئۇنىڭدىنمۇ تىل ئاڭلايدۇ . دېمەك قۇرۇق قول كىرگەن بۇ بۇلاڭچىلارغا ئەرباب بىر ئېغىز تەسەللىيمۇ بولسا بېرىپ قويمايدۇ .بىز بۇيەردە بۇلارنى شۇنچە گۆركىرەتكەن نەرسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز .

ھېكايىدىكى يەنە بىر «بۇلاڭچى» شوپۇر يىگىتتۇر .شوپۇر يىگىت ئەسلى ئىچكىرىدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن .داۋاملىق گېزىت سېتىۋېلىپ كىچىككىنە بوش ۋاقىتلىرىدىمۇ ئوقۇيدۇ . ئېلانلارغا دىققەت قىلىدۇ .ئۆز كەسپى ماس كېلىدىغان بىر قانچە ئورۇنغا بېرىپ خىزمەت تاپماقچى بولىدۇ .لېكىن ئۇ قوبۇل قىلىنماي ، شۇ كەسپتىن خەۋىرى بولمىغان باشقىلار تاللىنىدۇ . يىگىت ئامالسىز شوپۇر بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ .ئۇ ، جەمئىيەت تەرىپىدىن ئۆگەيلىنىدۇ . بۇ جەھەتتە ئۇمۇ دېھقانلار بىلەن مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە . شۇڭا دېھقان سۆپەت ئۈچ ئادەم ئۇنىڭ تاكسىسىغا چىققاندا ئەسلى باھاسىدىن يىگىرمە يۈەن كىرا ھەققىنى ئاز ئالماقچى بولىدۇ . دېھقان ئۈچۈن ئاز-تولا خىزمەت قىلالىغانلىقى ئۈچۈن پەخىرلىنىدۇ .ئۇنىڭ «بۇلاڭچى »لىق قىلىشىغا كەلسەك ، بۇنىڭغا ئۈچ نائەھلىنىڭ تاكسىدا ئولتۇرۇپ دېيىشكەن گەپ-سۆزلىرى سەۋەب بولىدۇ . «بۇلاڭچى »بۇ يەردە ئاشۇ يېزىدا خارلىنىۋاتقان دېھقانلارنىڭ ئۆچىنى ئالماقچى بولىدۇ .

ئادەم ھېكايىنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە پۇخادىن چىقىپ ، «ياشاپ كەت سۆيۈملۈك ‹بۇلاڭچى› » دەپ ۋارقىرىغۇسى كېلىدۇ .

«بۇلاڭچى »بۇلاڭچىلىق قىلغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئادىمىيلىك خىسلىتىنى يوقاتماي ، «زىيانلانغۇچى »لارنىڭ يۇرتىغا كېتىۋېلىشى ئۈچۈن 600يۈەن تاشلاپ بەرگەندىن باشقا ، «ۋىجدانى بىلەن ياشاشنى ،دېھقانلارنى يەنە قاقشاتماسلىقنى »ئەسكەرتىپ قويىدۇ .دېمەك بۇيەردە ھەرقانداق بىر ئوقۇرمەن ھەقىقىي بۇلاڭچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ .

مەن ئۆز ھالىمغا باقماي بۇ ھېكايىگە باھا بەرمەكچى ئەمەس . مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ، پارتىيە ئۆز ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ خەلق قەلبىدىكى ئوبرازىنى كۈنسېرى كۈچەيتىۋاتقان ،ھەرخىل ناچار قىلمىشلار بىلەن مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىپ كادىرلار قوشۇنىنى ساپلاشتۇرۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ يەنىلا چىرىكلەشكەن ئەرباب‌لار ھوشىنى تاپقىنى يوق .ئۇلار «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ »دېگەندەك ، بۇلاڭچىلىقنىڭ يېڭى-يېڭى شەكىللىرىنى ئىجاد قىلىۋاتىدۇ .

يېقىندا مەلۇم يېزىدىكى 1-نومۇرلۇق ئەرباب

مەلۇم كەنتكە باش ئاقساقال تەيىنلەنمەكچى بولۇپ بۇ كەنتنىڭ باشلىقلىرى ،بوغالتىرى قاتارلىق تۆت كىشىنى ئايرىم-ئايرىم مەخپىي هالدا ئۆز هوزۇرىغا چاقىرتىپتۇ . ئۇ كەنت باشلىقىغا : «بىزنىڭ ئۈمىدىمىز سىزدە ،تىرىشىپ ياخشى ئىشلەڭ-هە ، ئۈمىدىمىزنى يەردە قويماڭ» دەپ تاپىلاپ دولىسىغا بىر قانچىنى يەڭگىل ئۇرۇپ قويۇپتۇ . ئۇ باشقا «نامزات»لارغىمۇ يۇقىرىقىدەك مۇئامىلە قىلىپ يولغا سېپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ تۆتى بىر-بىرىگە ئۇچراشتۇرماي ئەربابنى «يوقلاپ»تۇرۇشقا باشلاپتۇ .قۇربان هېيت يېقىنلاپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى كەنت باشلىقى ئۆزى قۇربانلىق ئۈچۈن باققان قوينىڭ مەرىدىن كېچىپ ئەربابنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپتۇ .قارىسا ، ئەربابنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىرەيلەن بىر قوينى تۇتۇپ تۇرغىدەك ،يېقىن بېرىپ قارىسا كەنتنىڭ بوغالتىرى ، ئۇ ، ئەربابنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتۇرالماي تۇرغانىكەن . شۇ تەرىقىدە يىلمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ ، كەنت باشلىقى نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ قاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئىشتىن يالتىيىپتۇ .ئەربابنىڭ بۇيەردىن يۆتكىلىپ كېتىشىنىڭ هارپا ئاخشىمى ئاخىر بۇ مەنسەپكە بوغالتىر ئولتۇرۇپتۇ .

بىزنىڭ يېزىلىرىمىزدا ئادەتتە كەنت ئاقساقاللىرىنىڭ يىللىق ئىش هەققى مىڭ يۈەندىن ، كۈنلۈك ئىش هەققى ئۈچ يۈەندىن ئاشمايدۇ .بۇيەردە ئۈچ يۈەنگە يېرىم قاچا لەڭمەنمۇ كەلمەيدۇ . رەسمىي شتاتلىق ،ئايدا بىر-ئىككى مىڭ يۈەنلەپ مائاش ئالىدىغان دۆلەت مەمۇرلىرى چېغىدا خىزمەتتىن ۋاز كېچىپ سودا دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كىرىۋاتسا ، بىزنىڭ بۇ يەردە كىچىككىنە - ئەرزىمەس مەنسەپنىڭ تارتىش كۈچى نېمە ئۈچۈن بۇنچە زور؟ مۇنۇ مىسالنى كەلتۈرسەك بۇنىڭمۇ سەۋەبىنى چۈشىنىپ قالىمىز : مەلۇم كەنتتە 15نەپەر كەنت -مەهەللە كادىرى بىر كۈن ئىچىدىلا ئىككى مەهەللىدىن 2400يۈەن جەرىمانە يىغىپ ناهىيە بازىرىدىكى بىر رېستورانغا كىرىپ كېچىچە ياشاپتۇ .قايتىپ چىققاندىن كېيىن بىر مۇئاۋىن كەنت باشلىقى : «هەي ئاغىنىلەر ،بۇنداق ناچار رېستورانغا كىرىپ پۇل بۇزغىچە ، ۋىلايەت مەركىزىدىكى ياخشىراق رېستورانغا بارغان بولساق بوپتىكەن ،ئىست»دەپتۇ .

بۇيەردىكى دېهقانلار دېهقان يازغۇچىمىز يۈسۈپجان ساۋۇت شورلۇق «ئىگىسىز ئىنەك»ناملىق يازمىسىدا («شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 5-سانىدا ئېلان قىلىنغان) ئېيتقاندەك «ئىگىسىز ئىنەك» ،ئۇلارنى خالىساڭ بىكارغا ئىشلەتسەڭمۇ ،خالىساڭ ساغساڭمۇ ،خالىساڭ تۈكىنى يۇلساڭمۇ سورىقى يوق . ئۇلارنى قانچە قىينىساڭ ، جەرىمانىنى قانچە كۆپ ئالساڭ ئەرباب سېنى شۇنچە «ياخشى»دەيدۇ .مەرتىۋەڭ شۇنچە ئۆسىدۇ .شۇڭا بۇ يەردە «بولاڭچى»لىق ئۈچۈن بازار كەڭرى .ئاندا-ساندا «ئامتى قېچىپ پايتىمىسىنى تەتۈر يۆگىگەن» ، تاپقىنىنى ئۆزى يالغۇز يەۋالغان پالاكەت شورپېشانىلەرلا قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قالمىسا ، قالغانلىرى ئۆردەكتەك ئىغاڭلاپ مېڭىپ ، شۇنچە خاتىرجەم ياشاۋېرىدۇ .

دېمەك «بولاڭچى»هېكايىسى بىزنىڭ يېزىلىرىمىزنىڭ كىچىكلىتىلگەن كارتىنىسى بولۇپ ، ئۇنى بۇ نۇقتىدىن هېكايە ئەمەس هۆججەت دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز .بۇ تىرىك هۆججەت كەينىدە نۇرغۇن -نۇرغۇن سوئال بەلگىسى بىزنىڭ جاۋابىمىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ .


2004-يىل 18-فېۋرال ،يېڭىسار - توپلۇق

ئاپتور :يېڭىسار ناهىيە توپلۇق يېزا كەلپىچۈن كەنتىدە ،دېهقان
(M1)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى




باش مۇھەررىر: قۇربانماموت(M1) مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت(M2)



# ژۇرنىلىمىزنىڭ شان-شەرىپى

رىسالەت مۇھەممەت

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى»تارقىتىلدى ژۇرنىلىمىزدىن «گۆركار»، «كەچ كۈزدىكى باھارنامە»، «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ؟» قاتارلىق ئۈچ پارچە ئەسەر مەزكۇر مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، مۇكاپاتقا ئېرىشىش نىسبىتى جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر يېزىقلىرىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2004-يىل 16-فېۋرالدا چىقارغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى‹ تەڭرىتاغ ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى› نىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك‹ ئەسەر مۇكاپاتى› ، ‹ شەرەپ مۇكاپاتى› ۋە‹ تۆھپە مۇكاپاتى› نى تارقىتىش ھەققىدىكى قارارى»غا ئاساسەن 2004-يىل 18-فېۋرالدا ئۈرۈمچىدە تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى» تارقىتىلدى .

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەڭرىتاغ ئەدەبىيات-سەنئەت مۇكاپاتى»نى ئاپتونوم رايونىمىز يېڭىدىن تەسىس قىلغان بولۇپ ،ئۇ ، شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىنىڭ ئەڭ ئالىي مۇكاپاتى ھەم تۇنجى قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نامىدا يولغا قويۇلغان ئالىي مۇكاپاتتۇر . تۇنجى نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات-سەنئەت مۇكاپاتى»دا كىنو ، تېلېۋىزىيە ، رادىئو دراممىسى ،ئەدەبىيات ،ئەدەبىي تەرجىمە ، فولكلور ،مۇزىكا ،ئۇسسۇل ،دراماتورگىيە ،سېرك ، رەسساملىق ،خەتتاتلىق ، فوتوگرافىيە ، ئەدەبىيات - سەنئەت تۆھپىسى قاتارلىق 14تۈر باھالاپ چىقىلىپ ، 88پارچە ئەسەر «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەڭرىتاغ ئەدەبىيات-سەنئەت مۇكاپاتى»نىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «ئەسەر مۇكاپاتى»غا ، 2002- ، 2003-يىللىرى دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ ئاپتونوم رايونىمىزغا شان-شەرەپ كەلتۈرگەن يۇقىرىقى تۈرلەردىكى69 ئەسەر «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەڭرىتاغ ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى »نىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «شەرەپ مۇكاپاتى » غا ،ۋاڭ يۇخۇ ،پاشا ئىشان ،غازى ئەھمەد ،يۇسۇپ ماماي قاتارلىق ئالتە نەپەر ئاتاقلىق مويسىپىت ئەدىب ۋە سەنئەتكار «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەڭرىتاغ ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى»نىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «تۆھپىكار»مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ داغدۇغىلىق مۇكاپاتلاندى . ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىن خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك يازغۇچىسى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «گۆركار»ناملىق ھېكايىسى ،تونۇلغان شائىر ،ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتچىسى ئىمىن ئەھمىدىينىڭ «كەچ كۈزدىكى باھارنامە»ناملىق داستانى ،مۆھتەرەم تەرجىمە ئۇستازى توختى باقى ئارتىشىنىڭ «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ؟»ناملىق تەرجىمىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەڭرىتاغ ئەدەبىيات-سەنئەت مۇكاپاتى»نىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «ئەسەر مۇكاپاتى»غا ئېرىشىپ ،ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەر مۇكاپاتقا ئېرىشىش نىسبىتى جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر يېزىقلىرىدىكى گېزىت-ژۇرناللار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى .

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 600مىڭ يۈەن مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەڭرىتاغ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەنلەرنى مۇكاپاتلىدى .بۇ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنى بۇ قېتىملىق كاتتا مۇكاپاتلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .(M2)



ئۇيغۇر ھازىرقى زامان كومېدىيە-لەپەر سەنئىتىنىڭ پېشۋالىرىدىن يولۋاسخان ئىمىن ئەپەندىنىڭ

80 ياشقا تولغانلىقىنى قۇتلۇقلايمىز

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

ئۇستاز، بالىلارنىڭ سۆيۈملۈك شائىرى توختاش بەكرى ئەپەندى

— ئادىل ئىسمائىل فوتوسى




《新疆文化》　(维吾尔文)

综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2004 - يىل 3 - سان

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主管:新疆维吾尔自治区文化厅

主办:新疆维吾尔自治区艺术研究所

编辑出版:《新疆文化》杂志编辑部

国际标准刊号:ISSN1008—6498

国内统一刊号:CN65—1073/G2

海外发行:中国图书进出口(集团)总公司出口部

代理者地址:中国北京朝阳区工体东路 16 号

P. O. BOX 88, 16Gongti East Road, Beijing 100020, china

海外发行代号:6498BM

发行范围:国内外发行

地址:乌鲁木齐市团结路 72 号

邮编:830001　电话:(0991)2856942

印刷:《新疆日报》印务中心

发行:乌鲁木齐市邮局

订阅:全国各地邮局

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى

چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008—6498

مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65—1073/G2

چەتئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت-ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM

مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72 - قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: (0991) 2856942

باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号:58—22　定价:5元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58　باھاسى: 5 يۈەن